

# گۈلىستان

(سوۋېت پروزىسىدىن تەرجىمىلەر)



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# گۈلستان

(سوۋېت پروزىسىدىن تەرجىمىلەر)

(16)

مىللەتلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىر: ئا.ئابلىز
مەسئۇل كوررېكتور: خۇدابەردى خېلىل

**گۈلىستان (16)**

(سوۋېت پروزىسىدىن تەرجىمىلەر)

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى
ۋە نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

1988 - يىل 8 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
1988 - يىل 8 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 1.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

كىچىكىپ كەلگەن تېلېفون .................. س. ۋورونىن ( 1 )
ئالەمدىن قايتىش .................. يۇ. رىتخەئۇ ( 17 )
كۆيمەس چاتقال .................. ب. ۋاسىلىيېۋ ( 46 )
سوۋېت پىروزىچىلىقىنىڭ 50 ـ يىللاردىن بۇيانقى قىسقىچە
ئەھۋالى .................................. (221)

# كىچىكسپ كەلگەن تىلىفون

## س. ۋورونىن

ئۇ تەھرىر بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا جەمئىيىتىمىزدىكى مۆرەككەپ ئەھۋاللارنى ۋە زىددىيەتلەرنى تولۇق ئاچىدىغان بىر رومان يېزىشنى خىيالىغا پۈكۈپ يۈرەتتى.

— شۇنداق، شۇنداق، كىتابخانىلارنىڭ ئاشۇنىداق رومانغا تەشنا بولۇپ يۈرگىنىگە خېلى زامانلار بولۇپ قالدى، — دېدى ئۇ ناھايىتى ھاياجانغا چۆمگەن ھالدا، — مەن جەمئىيەتنىڭ ھەممىۋا ساھەسىنى، ئاددىي ئەمگەكچىلەردىن تارتىپ يۇقىرى تەبىقىگىچە بولغان ھەممە ئادەم، ھەممە شەخسنى تەسۋىرلەپ يازماقچى. ئەمما، مەن بۇ يۇقىرى تەبىقىدىكى شەخسلەرنى بىر تىپتىكى شەخسلەردىن قىلىپلا يازمايمەن، بۇلارنىڭ ئارىسىدا جياڭجۇنلەرمۇ، پارتىيە خىزمىتىنى ئىشلىگۈچى خادىملارمۇ، چوڭ تىپتىكى بىرلەشمە كارخانىلارنىڭ جىڭلىلىرىمۇ بولىدۇ. بۇ ئەسىرىمنى خىلمۇخىل قىلىپ جايلاشتۇرۇلغان چوڭ-چوڭ ۋەقەلەر ۋە ئىسما-قىسما ئادەملەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئۆزىگە سىغدۇرغان ئىجتىمائىي رومان قىلىپ يېزىپ چىقمەنكى، تازا تەسۋىرلەشكە تېگىشلىك كىشلەرنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىمەن، بۈگۈنكى زاماندا زۆرۈر بولغان پايدىلىق شەيئىلەرنىڭمۇ ھەممىۋاسىنى يازىمەن. سۆيۈملۈك تەھرىرلىك خىزمىتىمدىن قۇتۇلالايدىغانلا

بولسام، ئەنە شۇنداق كۆڭگە ئېرىشسەملا، ئورۇندۇققا چىڭ قېقىلغان مىختەك قىمىرلىماي ئولتۇرۇپ يېزىقچىلىقىمنى قىلۋېرىۋ-مەن-دە، كېچە-كۈندۈز دېمەستىن يازىمەن. ئىشىمغا تەسىر يەت-مەسلىكى ئۈچۈن، تېلېفونىنىمۇ كارىدورغا ئېپچىقىۋېتىمەن. ئىشىم چىقىپ قالسا، ئۆزەم باشقىلارغا تېلېفون بېرىمەن. شۇنداق قىلسام، خەق مېنىڭ ئىشىمغا دەخلى قىلالمايدۇ. ئۆزەمنىڭ پېنسىيە سوممىسى ئۆزەمگە تامامەن يېتىدۇ. دەرۋەقە، تۇرار جايىم تىنچ بولسا ياخشى بولاتتى، لېكىن، بۇ مېنىڭ ئىختىيارىمدىكى ئىش ئەمەس، ئەل-جامائەتنىڭ تۇرالغۇسى-دە.

دۇرۇس، ئۇ ئەل-جامائەتنىڭ تۇرالغۇ جايىدا تۇراتتى، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە يېشى چوڭراق ئىككى ئايال ۋە بىر جۈپ ياش ئەر-خوتۇنىمۇ بار ئىدى. دمىترىي پېتروۋىچ دېگەن كىشىنىڭ ئۆيى ئۇزۇنچاق بولۇپ، خۇددى سىزغۇچقا ئوخشاپ كېتەتتى، ھويلىغا قارايدىغان بىرلا دېرىزىسى بار ئىدى. بۇ ئۆي پېتربۇرگ زامانىسىدىكى قەدىمكى ئۆيلەردىن بولۇپ، تۆت ئەتراپىدا ئېگىز ئۆيلىرى بولغان بۇ ھويلا بەئەينى قۇدۇققا ئوخشاپ قالاتتى. بۇ بەش قەۋەتلىك ئىمارەت بولۇپ، دمىترىي پېتروۋىچ ئۇنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە ئولتۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە پەقەتلا ئاپتاپ چۈشمەيتتى، كۈندۈزىمۇ چىراغ ياندۇرماي بولمايتتى. دەرۋەقە، دمىترىي پېتروۋىچ تەھرىر بۆلۈمىگە بېرىپ ھەرىكەت قىلىپ يول ماڭسا، ئايرىم بىر يورۇق ئۆي ئېلىشى مۇمكىن بولاتتى. بىراق ئۇ ئۆز ئىشى ئۈچۈن باشقىلارغا يالۋۇرۇشقا پىششىق ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ كۆز قارىشى مۇنداق ئىدى: "ھەي، مۇشۇمۇ بولىۋېرىدۇغۇ"، "ماڭا يەنە نېمە كېرەك بولاتتى؟ مەن ئۆزەم يالغۇز بىر تەن تۇرسام،

بىر تەن دېگەنگە بىر ئىغىز ئۆي بولسا كۇپايىغۇ. دۇرۇس، قىممەتـ
لىك قوشنام كوليا شۇتوۋ ئۇششاق تەرەپلەرگە ئانچە دىققەت قىلىپمۇ
كەتمەيدۇ، ئانچە-مۇنچە تاراق-تۇرۇق قىلىدىغان ئىشى بار،
لېكىن ئەتەي شۇنداق قىلمايدۇ-دە، بۇنىڭغىمۇ شۈكۈر. ماڭا مەھكەم
بېسىپ ئولتۇرۇپ، ماي قەلەم بىلەن بىر ۋاراق قەغەزنى قولغا
ئېلىپ، يېزىقچىلىقنى باشلاش ھەممىدىن مۇھىم بولۇپ قالدى.
دەرۋەقە بۇنى 'تۈزۈش' دېسىمۇ بولىدۇ، لېكىن 'تۈزۈش' دېگەننىڭ
سەل-پەل 'ياساش' دېگەن مەنىسىمۇ باردەك قىلىدۇ، لېكىن مەن
تۇرمۇشنىڭ ئۆزىنى يازماقچىمەن. قانداق دېيىلسە دېيىلسۇن، سەن
رومان يېزىۋاتقان ئىكەنسەن، ئۇ بىر خىل ئىجادىيەت بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنداق ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا كېچە بەك
ياخشى، كېچىسى جىمجىت، كىشىلەر ئۇيقۇغا كەتكەن بولىدۇ،
بۇنداق ۋاقىتتا كاللا سەگەك بولىدۇ...»

بۇ گەپلەرنى دمىترىي پېتروۋىچ تەھرىر بۆلۈمىدە قىلغانىدى، لېكىن
ئۇ ئۆز ئۆيىدە ئۆزىنىڭ رومانى ھەققىدە ھېچكىمگە لام-جىم دەپ
ئېغىز ئېچىپ باقمىدى. كىشىلەر ئۇنى چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن، بۇنداق
ھالدا نەدىكى بىر كەسپتىن خەۋەرسىز ئادەملەرگە بۇنى دەپ
يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق-دە. تەھرىرلەر دېگەن باشقىچە دۇنيا،
ئۇلارنىڭ ھەنىۋاسى مەخسۇس تەربىيىلەنگەنلەر، ئۇلار ئاڭلاپ
قويۇش بىلەنلا بولدى قىلمايدۇ، ساڭا تېخى بەزى مەسىلىلەرنى
ئەسكەرتىپ قويىدۇ، قىزىقارلىق بەزى ماتېرىياللارنى ساڭا دەپ
بېرىدۇ. بىراق بۇ بىنادا تۇرغانلاردىن كىمگە دېيىش كېرەك ئەمدى؟
كوليا شۇتوۋغا دېيىش كېرەكمۇ؟ سېنىڭ ئىشىڭغا ئۇنىڭ چولىسى
تەگمەيدۇ. ئۇ ناھايىتى يىراق بىر يەردە ئىشلەيدىغان بولغاچقا، قاق

سەھەردە ئورنىدىن تۇرىدۇ، ئاندىن كۈن بويى كۆرۈنمەي قالىدۇ. بۇ ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپلا دمىترىي پېتروۋىچنىڭ ئىشىكى پېشىدا تۇرۇپ قاتتىق يۆتىلىدۇ، قەستەن ئەمەس، ھەرگىز قەستەن ئەمەس، ئۇ ئاشۇنداق بىر ئادەم. ئاندىن كېيىن ئۇ يۇيۇنىدىغان ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ، مانا مۇشۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن ئۆيلەرنىڭ ھەننىۋاسىدا شارقىرىتىپ قويۇۋېتىلگەن سۇنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلايدۇ، ئاندىن سۇنىڭ ئېتىلىپ چۈشۈۋاتقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىدۇ، ھايال ئۆتمەيلا يۇيۇنۇش ئۆيىنىڭ ئىشىكى يەنە جاققىدە يېپىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇلىنىپلا يەنە دمىترىي پېتروۋىچنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا يۆتەل ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىنلا ئاشخانىدىن مېتال سايمانلارنىڭ تاراق-تۇرۇق ئاۋازى كېلىدۇ.

يۇقىرىدا كولىيا شۇتوۋنىڭ ھەرگىزمۇ قولۇم-قوشنىلارنى پاراكەندە قىلىش غەرىزى يوق دېيىلگەن. ئۇ ھەتتا دمىترىي پېتروۋىچقا تولىمۇ ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇنىڭ نامى ئوبلاست گېزىتىگە پات-پاتلا چىقىپ تۇرىدىغان تۇرسا، قانداقمۇ بۇنداق ئادەمگە ھۆرمەت قىلمىسۇن. كولىيانىڭ ئىشىك تاراقلاپ كەتكۈدەك بۇنداق قاتتىق يۆتىلىپ كېتىشلىرى پەقەت مۇشۇنداق ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارغا بىپەرۋالىق قىلىشىدىن بولاتتى. يۆتىلىۋالغاندىن كېيىن، كولىيا ئىشىكتىن چىقىپ خىزمىتىگە كېتىپ قالاتتى.

پېنسىيىگە چىققان ئاناستاسىيا ۋاسىلىيېۋنا كولىيادىن كېيىن ئورنىدىن تۇراتتى، ۋاسىلىيېۋنا تەمەن-ساغلام موماي بولۇپ، ئىلگىرى مەلۇم بىر ئىدارىنىڭ تازىلىق ئىشچىسى ئىدى، پېنسىيە سوممىسىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا ئېيىغا 200 رۇبلى ئالاتتى.

— مەن تازىمۇ ئەخمەق ئىكەنمەن، — دېدى ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلەپ، — تۇرمۇشۇمنىڭ هازىر قانداق بولىدىغانلىقىنى بۇرۇن بىلگەن بولسام، 55 ياشقا كىرىشىم بىلەنلا پېنسىيىگە چىقىۋالغان بولار ئىكەنمەن، لېكىن مەن نېمە ئۈچۈندۇ ئۈچ يىل ئارتۇق جاپا چېكىپ يۈرۈپتىمەن. بىراق سەن نېمە ئۈچۈن يەنە كەينىگە سۆرەپ يۈرىسەن؟ دمىترىي پېتروۋىچ، سەنمۇ بالدۇرراق چېكىنمەمسەن، ئىككىمىز بىللە ئەخلەت سۈپۈرەيلى. — گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، كۈلۈپ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش ئېقىپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ تولىمۇ كۈلكىلىك گەپ قىلغانلىقىنى هېس قىلىپ قالدى، راست-دە، قورسىقىدا ئۇمىچى بار بۇنداق ئادەممۇ ئۆزى بىلەن ئوخشاشلا يەر سۈپۈرىدۇ-دە.

— يەنە بىر يىللا قالدى، — دېدى دمىترىي پېتروۋىچ جاۋابەن، — ۋاقتى كەلگەندە چوقۇم پېنسىيىگە چىقىمەن.

— مۇنداق دېگىنە تېخى، ئۇنداقتا بەك ياخشى بوپتۇ، شۇنداق قىلىش كېرەك، ئىككىمىز چاڭ-توزان شۇمۇرگۈچ بىلەن تازىلىق قىلايلى.

ئاناستاسىيا ۋاسلىيېۋنا ئۇنىڭغا قوپاللىراق مۇئامىلە قىلسىمۇ، ھەتتا ئانچە ھۆرمەت قىلماي، ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىپ، ئۇنى "سەن" لەپ كەتسىمۇ، ۋاسلىيېۋنادىن باشقا ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. دمىترىي پېتروۋىچنىڭ كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ تازىلاپ بېرەتتى، تۈگمىلىرىنى قاداپ بېرەتتى، دمىترىي پېتروۋىچ ئاغرىپ قالسا، ئۇنىڭ يېمەك-ئىچمىكىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى.

— نېمىشقا ئۆيلەنمەيسەن؟ يەككە-يىگانە، ھېلىم دېۋانىدەك

www.uyghurkitap.com

يۈرسەن، ئۆيۈڭنىڭ ھاۋاسىمۇ ياخشى ئەمەسكەن، — دېدى ئۇ ئۇنىڭ بۇ بىسەرەمجان ئۆيىگە قاراپ قويۇپ.

— بۇ ھويلىدىن كىرگەن ھاۋا، — دەپ جاۋاب بەردى دمىترىي پېتروۋىچ ئۇيالغاندەك بولۇپ، ئۇ بىردەم-بىردەم قاڭشىرىدىغان كۆزەينىكىنى تۈزەشتۈرۈپ قوياتتى.

— ھويلىدىن كىرگەن، ھويلىدىن كىرگەنلا دەيسەن، ھويلىدىن ھېچنېمىسىمۇ كىرمىسەن، نېرى تۇرە، مەن بىر قاراپ باقاي! — ئۇ دېرىزىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، دېرىزىنىڭ ئىككى قانىتىنى ئېچىۋېتىپ گەۋدىسىنى تۆۋەنگە قىلىپ تۇرۇپ قارىدى، بېشىنى ھويلىغا سوزۇپ، تالادىكى ھاۋانى پۇرىدى، — سەن پۈتۈنلەي بىلجىرايسەن، ھويلىنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى نورمال، دېرىزە مۈشۈ پېتى ئوچۇق تۇرسۇن. ۋاي خۇدايىم، نېمىدېگەن كۆپ تاماكا كۆتىكى بۇ! سەن تەھرىر بۆلۈمىگە كەتكەندىن كېيىن پولىلىرىڭنى سۈرتۈپ قويىمەن، ئەدىيالىرىڭنى ئالماشتۇرۇپ قويىمەن، ئەجەبمۇ پاسكىنا قىلىۋېتىپسىنا، — ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ ياستۇق قېپىنى يەڭگۈشلەۋەتتى، — بۇنداق بولسا بولمايدۇ، راست، كوچىدىكى ئاياللاردىن بولسىمۇ بىرنى تاپقىنىڭ تۈزۈك.

— مەن ئائىلىنىڭ ئىكىر-چىكىر ئىشلىرىغا چىرمىلىپ قالارمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى دمىترىي پېتروۋىچ يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— ئايال كىشى نېمە قىلالايتتى، بىر پارچە گۆشۈڭنى چىشلەپ ئۈزۈۋالامتى؟ سېنى يېۋەتمەيدۇ. ئۇ كىر-قاتلىرىڭنى يۇيۇپ بېرىدۇ، ھالىڭدىن خەۋەر ئالىدۇ، بولمىسىچۇ، سەن ھازىرقىدەك سەرگەردان ھالەتتە ئۆتۈۋېرىسەن.

ۋاسىلىيېۋنا بۇ گەپلەرنى قىلىپ يىغلىشقانىدى، دمىترىي پېتروۋىچ ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا ناھايىتى ئېھتىيات قىلاتتى. ئۇ ھەر ھەپتىدە ئۈچ قېتىم ئادەتتىكىدەك ئالدى بىلەن تەھرىر بۆلۈمىگە باراتتى، ئاندىن كېيىن ساتىراشخانىغا بېرىپ، چاچ-ساقاللىرىنى ئالدۇراتتى. ساتىراشخانىدا ئۆزىگە نۆۋەت كەلگەنىدە، دائىم چېچىنى ياساپ قويىدىغان ھېلىقى ئۇستام-يېقىملىق قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ چۆرگىلىمە ئورۇندۇقتا رازىمەنلىك بىلەن ئولتۇراتتى. قىز ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى تونۇشلۇق بولۇپ قالغانلىقى، نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھەش-پەش دېگۈچە ئىشقا كىرىشەتتى. ئۇنىڭ ساقاللىرىنى قىرىپ بولۇپ، لۆڭگىسىنى بوينىغا يېپىپ قويۇپ، ئۇيىقلاپ، ئەتىر چېچىپ قوياتتى، بىزە ئۇپىمۇ سېپىپ قوياتتى. دمىترىي پېتروۋىچ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن، تالونىنى كۆتۈرۈپ پۇل ئالىدىغان ئورۇنغا بېرىپ پۇل تاپشۇراتتى. مانا مۇشۇ ياش ئايال ئۇنىڭ ئويلىنىپ كۆرۈشىگە بولىدىغان بىردىنبىر لايىقى بولۇشقا مۇناسىپلىقىنى ھېچكىممۇ بىلمەيتتى، ھېچكىممۇ ئويلاپ يېتەلمەيتتى. لېكىن ئۇ كۆڭلىدىكى بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. بىرىنچىدىن، ئۇ ئايال ئاللىقاچان ياتلىق بولغانىدى، ئۇنىڭ ئېرى ناھايىتى ياش ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ ئېرى بۇ يەرگە كەلگەن چاغلىرىدا ئۇنىڭ شۇنداق ئۇستۇن روھىي كەيپىيات بىلەن كۆتۈۋېلىشلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئېرىگە ئامراقلىقى چىقىپلا تۇراتتى. ئىككىنچىدىن، ئۇ ئايال ئۆزىدىن ئىككى ھەسسە دېگۈدەك چوڭ قېرىنى نېمە قىلىدۇ؟ ياق، بۇنداق ئىشنى ئۇ ئويلاپمۇ باقمىغان. لېكىن، ئۇنىڭ ئىسسىق ھەم پاختىدەك يۇمشاق قوللىرى ئۇنىڭ يۈزلىرىگە تەگكەنىدە، ئۇنىڭغا

ئاجايىپ خۇش يېقىپ كېتەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ ھۇزۇرلىنىپ كېتەتتى. شۇنداق دېيىشكە بولاتتىكى، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى كەچۈرىدىغان بىردىنبىر ئاجىزلىقى ئىدى.

بىر يۇرۇش ئۆينىڭ يەنە بىر ئېغىزلىقىدا ئولتۇرىدىغان يەنە بىر موماي مۇ پېنسىيىگە چىققان بولۇپ، دمىترىي پېتروۋىچ بىلەن "سىز" لىشەتتى، ئۇنىڭ دمىترىي پېتروۋىچ بىلەن قىلىشىدىغان پاراڭلىرىنىڭ تېمىلىرىمۇ "مەدەنىي" ئىدى، ئۇنىڭ مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىشىمۇ دمىترىي پېتروۋىچنىڭ تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

ئۇ رادىئو ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ياكى تېلېۋىزور كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، دمىترىي پېتروۋىچنىڭ ئىشكى ئالدىغا بېرىپ، ئىشكنى ئاستاغىنا چېكەتتى.

— ئەپۇ قىلىڭ! — دەيتتى ئۇ ئۆيگە كىرىپ كېلىۋېتىپ، — بىراق سىزنىڭ پىكرىڭىزنى بىلىپ بېقىش تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بايا ئىگور فېسونېنكو نۇتۇق سۆزلىدى، ئۇ ھەقىقەتەن قەدىرلىك، ئىنتايىن ئەقىللىق. ئۇ: رىگان ئۇرۇشنى كېڭەيتىش خەۋپىنى كۈچەيتىۋاتىدۇ، دەيدۇ. سىز قانداق ئويلاۋاتىسىزكىن، ئەھۋال راست شۇنداق ئېغىرمۇ؟

مۇشۇ پەيتتە دمىترىي پېتروۋىچنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقى بىلەن ئۇنىڭ زادى كارى يوق ئىدى. لېكىن دمىترىي پېتروۋىچچۇ، ئۇ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا رومان يازاتتى، ۋەقەلىكلەرنىڭ لېنىيىسىنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاپ باراتتى ۋە كېڭەيتەتتى، ئىدىيىۋى مەزمۇننى چوڭقۇرلاشتۇراتتى، ئەسەر كومپوزىتسىيىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان جايلىرىنى چىقىرىپ تاشلايتتى، ئۇنىڭ كاللىسىدا

يېڭى لايىھە ۋە يېڭىچە ئوي ـ پىكىرلەرنىڭ تۇغۇلۇپ تۇرۇشىمۇ ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. "ل. تولستوي سەككىز قېتىم تۈزىتىپتۇ، يەنى ئۆزىنىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» دېگەن رومانىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتكەن، ئۆزگەرتكەن، تولۇقلىغان دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بىزدەك ئاددىي ئادەملەرنى ئىغىزغا ئېلىشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق، بۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە بولغان ئىش،" دەپ ئىچىدە ئۆزىنى ئۆزى ئاگاھلاندۇردى دمىترىي پېتروۋىچ قايتا ـ قايتا. يەنە بىر گەپ شۇكى، بۇ ۋەزىپە پۈتۈن يەر شارىغا چېتىشلىق ۋەزىپە، شۇنداقلا مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ۋەزىپەم،... مېنىڭ كىتابىم كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان كۆرمىگىلىغان كىتابلارغا ئوخشىماسلىقى كېرەككى، شەكىل جەھەتتە ئۆزگىچە كىتاب بولۇشى، مەزمۇن جەھەتتە پۈتۈنلەي يېڭى بولۇشى كېرەك. بۇ كىتاب چوڭقۇر ئىدىيىۋىلىككە ئىگە بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭ باش قەھرىمانلىرىمۇ كۈچلۈك ئىدىيىۋىلىككە ئىگە بولۇشى كېرەك، ئۇلار دەۋرگە ۋە جەمئىيەتنىكى شەيئىگە باھا بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك، ئادەملەر-نىڭ ھەممىسى ئۇنداق بولمايدۇ، ھەممە ئادەمنىڭ بۇنداق بولۇپ كېتىشى ئېھتىمالدىن ناھايىتى يىراق، ئەلۋەتتە. قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان بىكار تەلەپلەرمۇ تەسۋىرلىنىشى كېرەك، ئەمما ئۇلار ئاساسلىق ئورۇندا تۇرمايدۇ، ئاساسلىق پېرسوناژلار ۋاقىتنى بىكار-مەنىسىز ئۆتكۈزمەيدىغان كىشىلەر بولىدۇ. ئۇلار ئۇچۇن تۇرمۇش، ئالدى بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ يەر شارىدا كېرەككە كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىشتىن ئىبارەت...

بۇ "ئۇقۇمۇشلۇق" موماينىڭ ئۇنىڭ خىزمىتىگە كاشىلا بولماسلىقى ئۈچۈن، ئەسلىدە ئۇنى قوغلىۋېتىش لازىم ئىدى، بىراق ئۇ بۇنداق

قىلالمايتتى، ئۇ تولىمۇ كۆڭلى يۇمشاقلىق قىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ تېلېۋىزىيىسى بولمىغانلىقى ئۈ، "بۆگۈنكى دۇنيا" دېگەن نومۇرىنىمۇ كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئايالدىن ئەپۇ سوراشقا توغرا كەلدى.

— بىزنىڭ ئۆيگە چىقىڭ ئەمىسە، بىزنىڭكىدە رەڭلىك تېلېۋىزىيە بار ... نېمە دېيىش كېرەك ئەمدى، سىزگە ئوخشاش مەلۇماتلىق ئادەم دېگەن "بۆگۈنكى دۇنيا" دېگەن نومۇرنى كۆرمىسە بولامدۇ؟

— خوپ، — شۇنداق بولۇشى كېرەك، كەچۈرۈڭ...

— ئۇنداقتا، زادى رىڭانغا قانداق قارايسىز ئەمىسە؟

— مەن ئۇنىڭ ئۆزىنى يامان ئەبلەخ دېگەندىن كۆرە، ھەربىي سانائەتچىلەر ئىلكىدىكى ئىتائەتمەن قورال دېسە توزۇك بولار دەپ ئويلايمەن. مانا بۇ ئەھۋالمۇ ئۇنىڭ سىياستىنى بەلگىلىگەن.

— مۇنداق دەڭا تېخى، ئۆيىڭىزگە كىرىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشسام رۇخسەت قىلارسىزمۇ؟

— بولىدۇ، بولىدۇ، ئەلۋەتتە بولىدۇ، ئەپۇ قىلىڭ، سىزنى ئۆيگە كىرىڭمۇ دېمەپتىمەن.

— ئىشكنى ياپمىسىڭزلا بولدى، ئىشكنى يېپىپ قويسىڭز، خەق باشقىچە ئويلاپ قالىدۇ. مەن ئاناستاسىيا ۋاسىلىيېۋنادىن تولىمۇ ئېھتىيات قىلىمەن، ئۇ قانداق قىلىپ مېنىڭ ئۆيۈمنى ئۆز تەئەللۇقاتى قىلىۋېلىشنىڭ، ئۆزىنىڭ ئۆيىنى بولسا شۇتوۋ ئەر-خوتۇنغا بېرىۋېتىشنىڭ چوتىنى چۈشىدىمۇ سوقۇپ يۈرىدۇ، شۇڭا ئۇ مېنىڭ نامىمغا داغ تەگكۈزۈشنىڭ قەستىدىلا بولىدۇ، بۇ سىزگىمۇ چېتىشلىق-دە، ئەلۋەتتە.

دمىترىي پېتروۋىچ ئاناستاسىيا ۋاسىلىيېۋنانىڭ ئەزەلدىن مارىمايدىغانلىقىنى، ئوغرىلىقچە تىڭ-تىڭلاشنىمۇ ياخشى كۆرمەيدىغان-

لىقنى، لېكىن ماگارىتا ستېپانوۋنانىڭ ھەم ئوغرىلىقچە تىڭ-تىڭ-
لايدىغانلىقىنى، ھەم ئىشىك مارايدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇنى بىلمەي-
دىغان ئادەم يوق ئىدى. لېكىن ئۇلار تولىمۇ كەڭ قورساقلىق قىلىپ،
ئۇنىڭ بۇنداق سەت قىلىقلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىپمۇ يۈرمەيتتى.

بۇ يەردە دۇنياشا شۇتۇۋا ئۇستىدىمۇ توختىلىپ ئۆتۈش لازىم ئىدى،
لېكىن ئۇ توغرۇلۇق توختالمىسىمۇ بولىدۇ، چۈنكى ئۇ دمىترىي پېترو-
ۋىچ ئۈچۈن ھېچقانداق مۇھىم ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەرنىڭ
دىققىتىنى قوزغىمايدىغان ئادەملەر بولىدۇ-دە، يەنە كېلىپ ئۇ
قوشنىلىرى بىلەن ئوبدان چىقىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ھەر ھەپتىدە
ھەممەيلەن دىجورنىلىق جەدۋىلى بويىچە ئاممىۋى سورۇننى سۈپۈرۈپ
تۇراتتى. لېكىن دمىترىي پېترووۋىچمۇ، ياكى ماگارىتا ستېپانوۋنامۇ
بۇنداق ئەمگەكلەرگە قاتنىشىپ باققىنى يوق. ماگارىتا ستېپانوۋنا
ئىلگىرى بىر چوڭ كارخانا جىڭلىسىنىڭ كاتىپى ئىدى، شۇڭا ئۇ
قولۇمغا ھۆل لاتىنى ئېلىپ ئۇنى ئېرتىپ، بۇنى سۈرتۈپ يۈرسەم
ئابرويۇم تۆكۈلۈپ كەتمەمدۇ ("راستلا ماڭا يۇيۇندىغان ئۆينى
تازىلاتقۇزارمۇ! خۇدا ساقلىغاي مېنى!") دەپ قاراپ، دائىم
دۇنياشاغا بەش رۇبلى تاشلاپ بېرىپ، بۇ پاسكىنا ئىشنى ئۇنىڭغا
قىلدۇراتتى. دمىترىي پېترووۋىچنىڭ مەجبۇرىيىتىنى بولسا ئاناستاسىيا
ۋاسىلىيېۋنا ئۆتەپ قوياتتى، يەنە كېلىپ ھەقمۇ ئالمايتتى. نېمە
ئۈچۈندۇ، ئۇ دمىترىي پېترووۋىچنى ناھايىتى گادايى ھېسابلايتتى.

ئەمدى ئۇنىڭ بىللە ئىشلەيدىغان ئادەملەر ئۈستىدە
توختىلىش كېرەك. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلار توغرۇلۇق توختالغاندى-
دىن كۆرە، دمىترىي پېترووۋىچنىڭ ئۆزى ھەققىدە توختىلىش
تۈزۈك. كىشىلەرنىڭ ھەممىۋاسى ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، چۈنكى ئۇ

ھەممەيلەنگە خۇش مۇئامىلە قىلاتتى، كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيتتىكى، ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتمايتتى، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ياخشى كۆرەتتى، ھەسەتخورلۇقمۇ قىلمايتتى، كىبىرسىمۇ يوق ئىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! ياخشىمۇ سىزلەر! — دەپ سالام بەردى ئۇ تەھرىر بۆلۈمگە كىرىشى بىلەنلا كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئەتراپىدىكى كىشلەر بىلەن سالاملىشىپ.

— ھە، مىتېنكا ياخشىمۇ سىز، مىكا، ئۆزىڭىز ئوبدان تۇر-دىڭىزمۇ! — دەپ جاۋاب قايتۇردى ھەممەيلەن. ئۇنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتى ياخشى بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ھەممەيلەن ئۇنى يېقىن كۆرۈپ ”مىتېنكا“دەيتتى.

— قانداقراق تۇرۇۋاتىسىزلەر؟

— قۇياشتەك، سىزگە ئاپتاپ يەتكۈزۈپ.

— بۇلۇت پەيدا بولۇپ قالسىچۇ؟

— ئۇنداقتا ئۇنى بېسىپ ئۆتۈش كېرەك، — ئۇ خۇش خۇيلۇق بىلەن جاۋاب بەردى-دە، ئۆزىنىڭ ئاخبارات بۆلۈمى مۇدىرلىق ئورۇندۇقىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ئۇ 60 ياشقا تولۇشى بىلەنلا پېنسىيىگە چىقتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ يەكدىللىك بىلەن ئۆزىنىڭ رومانىنى يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى، كېچە-كۈندۈز دېمەي، ئۇيقۇنىمۇ، قورسىقىنىمۇ ئۇنتۇپ، يېزىش بىلەن بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلار بىلەن دىدار كۆرۈشۇشمۇ بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ بارغانسېرى ئۇنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. بۇنىسىمۇ چۈشىنىشلىك ئىدى. ھەممەيلەنگە ئايانكى، دوستلۇقنى

ساقلىنىدىغان نەرسە ئورتاق خىزمەت ياكى يېقىن قوشنىدارچىلىق بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا ئاندا ـ ساندا تېلېفون بېرىدىغان بەزىبىر خىزمەتداشلارمۇ چىقىپ قالاتتى.

ــ مىتېنكا، قانداق ھال ـ ئەھۋالىڭ؟

ــ ۋانيۇشاموسەن! مېنىڭ جانىجان ئوبدان ئادىمىم سەن! سېنىڭ مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز ئاۋازىڭنى ئاڭلىسام قالتىس خۇشال بولۇپ كېتىمەن!

ــ قانداق تۇرۇۋاتىسەن، مىكا؟

ــ تۇرمۇش توختىماي ئالغا باسماقتا، ئۇمۇ ئالەم تېزلىكى بىلەن بىر سۈرئەتتە ئۇچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتىدۇ.

ــ رومانىڭ قانداق بولدى؟

ــ خېلى ئىلگىرىلەش بار، ئىلگىرىلەش... خۇددى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش، توختىماستىن ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. ساڭا مەلۇمكى، يازغانسېرى نۇرغۇن يېڭى ئوي ـ پىكىرلەر تۇغۇلۇۋېرىدىكەن. ئويلاپ باقمامسەن، بىر كىشىنىڭ غېمىدە بولۇۋاتقىنىم يوق، بەلكى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ غېمىنى يەۋاتقان گەپ دېمەمسەن. دۇنيا چوڭ بالا ـ قازانىڭ گىرداۋىدا تۇرۇۋاتىدۇ، يازغۇچىنىڭ ئالدىنقى سەپ بازىسى دېگەن مانا شۇ ـ دە.

ــ مىكا، بۇ راست دېگەندەكلا پۈتۈن يەر شارى خاراكتېرىنى ئالغان چوڭ كۆلەملىك ئىش جۇمۇ.

ــ ئۇنداق يازماي بولمايدۇ ـ دە، يازغۇچى ــ ئالدى بىلەن بىر مۇتەپەككۇر. ھەي، دوستۇم، ۋانيۇشا، بۇنداق بىر كىتابنى يېزىش نېمىدېگەن گۈزەل ـ قالتىس ئىش ـ ھە. مەن يازغان پېرسوناژلار بىر شەھەرگە تولاي دەپ قالدى. مېنىڭ چوڭ تاشيوللىرىمدا

www.uyghurkitap.com

ئاپتوموبىللار دۈت-دۈت قىلىشماقتا، كوچىلىرىم قىزىپ قايناپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پېرسوناژلار نېمىدېگەن قالتىس-ھە! بۇنىڭ ئۈچۈن جۇش ئۇرۇپ تۇرغان زېھنىي كۈچ بولۇشى لازىم. رومانغا ئىشلىگەنسېرى، ئۇنىڭ دائىرىسى شۇنچە كەڭرىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىكلەر پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەممە نېمىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بولۇپ كەتتى.

— بىر ئوقۇپ كۆرەلىگەن بولسام، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى-ھە.

— تېخى ئەتىگەن، يەنە يېزىشقا تېگىشلىك تالاي-تالاي نەرسىلەر بار دېگىنە.

— يېزىۋاتقىنىڭغا خېلى زامانلار بولۇپ قالدىغۇ؟

— شۇنداق، دەسلەپتە قىسقا يېزىشنى، پوۋېست يېزىشنى ئويلىۋىدىم، بىراق ھازىر بەك كېڭىيىپ كەتتى، لېكىن بۇنداق قىلىشمۇ توغرا ئىكەن. يېزىپ پۈتكۈزەلىسەملا ياخشى بولاتتى. يۈرىكىم ئانچە نورمال ئەمەستەك قىلىدۇ، بۇمۇ ھاۋانىڭ ساپ بولماسلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ. قورۇنىڭ ھاۋاسى تولىمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، كىچىك دېرىزىمۇ ھويلىغا قاراپ ئېچىلىدىغان دېرىزە دېگىنە تېخى، بۇنىڭدىن قانداقمۇ شامال ئۆتۈشسۇن؟ تاماكىنىمۇ تولا چېكىۋېتىمەن تېخى.

— تالا-تۈزگە كۆپرەك چىقىپ ئايلانغىنىڭ ياخشى ئىكەن ئەمسە.

— ئۇنداق قىلسام رومانىنى كىم يېزىپ بېرىدۇ؟ ياق، بولمايدۇ، ۋانيۇشا، مېنىڭ نەدىمۇ ئايلانغۇدەك ۋاقتىم بولسۇن، ھەر مىنۇت ۋاقتىمنىڭ ھېساباتى بار.

— ۋوي، ۋوي، مۇۋەپپەقىيەت قازانغايسەن.
— رەھمەت، دوستۇم، رەھمەت.
بىرىم يىل ۋاقىت ئۇن ـ تىنسىز ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا داۋاملىق تېلېفون بىرىپ تۇرۇشمىز لازىم ئىدى، ۋاھالەنكى، بىزمۇ كۆپ ساندىكى كىشىلەرگە ئوخشاش "كونىلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنتۇپ قالدۇق". دمىترىي پېتروۋىچمۇ تەھرىر بۆلۈمگە تېلېفون بەرمىدى. ئاخىر ئۇنىڭغا تېلېفون بىرىلگىنىدە، ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن.
— نېمە ـــ نېمە؟ ئۆلدى؟ ـــ دەپ تېلېفوندا سورىدى ھېلىقى بۆلۈمدىكى خىزمەتدىشى ۋانىيۇشا. ھازىر ئۇ بۆلۈمنىڭ مۇدىرى ئىدى.
— ھەئە، شۇنداق ! ـــ دەپ جاۋاب بەردى ئاناستاسىيا ۋاسىلىيېۋنا.
— قانداق بولغىنى بۇ؟
— قانداق بولغىنى بولاتتى؟ ئادەتتىكىدەك بولغىنى. ئۇ يىقىلىپ كېتىپ، يۈرەك كېسىلى ئۇشتۇمتۇت قوزغىلىپ قېلىپ، ئۆلۈپ كەتتى. مەن ھازىر ئۇنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇۋاتىمەن، شۇتوۋ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى مېنىڭ ئىلگىرىكى ئۆيۈمگە كىردى.
— ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىچۇ؟ ماتېرىيال ۋە قول يازمىلىرىچۇ؟
— ئۇنىڭ نېمە نەرسىسى بولسۇن؟ سەل ياخشىراق نەرسىلىرى مېنىڭكىدە، كېرەك قىلساڭلار ئېلىپ كېتىڭلار. ئۇنىڭ ھېچقانداق ئۇرۇق ـ تۇغقىنى يوق ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەركىن. ماتېرىيال ۋە قول يازمىلارنىڭ ھەممىۋاسىنى دۇنياشكا شۇتوۋغا بېرىۋەتتىم. ئۇ ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەسكى قەغەزلەر قاتارىدا سېتىۋەتكەن...

سىز نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا كىچىككىنە تېلېفون بېرىسىز. تېلېفوننى بالدۇرراق، ئۇ ھايات ۋاقتىدا بېرىشىڭىز كېرەك ئىدى!...

(«روسسىيە — سوۋېت ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن)

**تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن رەھىم**

**تەرجىمە مۇھەررىرى: ياسىن ھاۋازى**

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئالەمدىن قايتىش

## يۇ. رىتخەئۇ

ئادەتتىن تاشقىرى يىراق مۇساپىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئالەم كېمىسى يەر شارىغا قايتىشقا باشلىغانىدى. بۇ تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ۋەزىپىسى يوقالغان مەدەنىيەتنى تەكشۈرۈش ئىدى. بۇنداق تەكشۈرۈش كۆڭۈلسىز ئىش بولسىمۇ، ئەمدىلا 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلغان ئىنسانلار باشقا پلانېتىلاردا مەدەنىيەت ھالاك بولۇش يولىغا مېڭىشىنى زادىلا خالىمايتتى.

رومى شاخىنى ھىمالايا ئالەم تەتقىقاتى ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى بولۇپ، بەزىدە ئۇنىڭ تۇغما ھەسەتخور كىشىلەرنىڭكىدەك ھەسەتخورلۇقى تۇتاتتى: ئۇ ئۆزىنىڭ كەسپداشلىرىغا ھەسەت قىلاتتى، چۈنكى ئۇلار باشقا پلانېتلاردىكى مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلاتتى، باشقا پلانېتلاردىكى مەدەنىيەت بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئەقلىي جانلىقلار — ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرمۇنچە جانلىقلارنىڭ تاشقى قىياپىتى يەر شارى ئادەملىرىنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايتتى — بىلەن ئالاقىلىشىش ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنەتتى. ئەمما، ئۇمۇ ئۆزلىرى ئېلىپ بېرىۋاتقان تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئوخشاشلا مۇھىم ۋە پايدىلىق خىزمەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق ھەم چوڭقۇر بىلەتتى. رومى

www.uyghurkitap.com

شاخىنىڭ خىزمەتداشلىرى ئىچىدە رۇس مىللىتىدىن بولغان ۋلادىمىر چۇركوۋ ۋە تايمىر ئارىلىدا تۇغۇلغان نىنىتىس مىللىتىدىن بولغان گىرىگورى تەيبالىپى قاتارلىقلار بار ئىدى. تەيبالىپىنىڭ كەسپى پلانېتلار سوقۇشۇپ كېتىش تۈپەيلىدىن بالايىئاپەت كېلىپ چىقىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلىش ئىدى.

ئىلگىرىكى بىرقانچە قېتىملىق تەكشۈرۈش داۋامىدا مەدەنىيەتنىڭ هالاك بولغاندىن كېيىنكى ئىزنالىرى، بۇ مەدەنىيەتنىڭ شۇ پلانېتىلاردا ياشاۋاتقان ئاھالىلەرنىڭ ئۆزلىرى يادرو ئۇرۇشى قوزغىغانلىقى سەۋەبىدىن هالاك بولغانلىقى بايقالغانىدى. بۇنداق پاجىئە كۆپ كۆرۈلمىسىمۇ، ئاشۇ ئەنىسىز يىللاردا يەر شارىدىمۇ ئاشۇنداق بالايىئاپەت كېلىپ چىقىشقا تاس - تاس قالغانلىقىنى: يوقىتىش خاراكتېرلىك يادرو قوراللىرىنىڭ قورقۇنچلۇق هالدا كۆپىيىپ بارغانلىقىنى، ئەسەبىيلەشكەن ئۇرۇش تاكتىكچىلىرىنىڭ، خۇددى شۇنداق ئىش بولىدىغاندەك، بىرىنچى قېتىملىق يادرو زەربىسى ئۇستىدە گەپ ساتقانلىقىنى، چەكلىك ۋە ئۇزاققا سوزۇلىدىغان يادرو ئۇرۇشى دېگەن نەرسە ئۇستىدە لاپ ئاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ مىليونلىغان ئادەمنىڭ ئۆلۈمى ئۇستىدە بىپەرۋالىق بىلەن مۇھاكىمە ئېلىپ بارغانلىقىنى، ئەمما ئۇلارنىڭ مۇھاكىمىسىدىكى ئۆلتۈرۈلىدىغان ئادەملەر دۈشمەن بولماستىن، ئۆز دۆلىتىدىكى ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ يەنە خىمىيۋى قوراللارنىمۇ تەييارلاپ قويغانلىقىنى، باكتېرىيە قوراللارنى مەخپىي سىناق قىلغانلىقىنى، كەڭ خەلق ئاممىسىغا قارىتا ئومۇمىي پسىخولوگىيە ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش پىلانىنى تۈزگەنلىكىنى... ئويلىسىلا كىشىنىڭ تېنى جۇغۇلدايتتى.

تەيبالىي ئۆزئارا قىرغىن قىلىشتىن كېيىن قېپقالغان مەدەنىيەت خارابىلىرىنى كۆرگەندە كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر ئازابلىق تۇيغۇ پەيدا بولاتتى، ئۇنىڭ قالغان ئەقىل-ئىدراكقا، چەكسىز ئالەم بوشلۇقىنى كەزگەن ۋە نۇرغۇن مۇساپىنى باسقان بىردىنبىر يورۇقلۇق نۇرىنىڭ غايىب بولۇپ كەتكەنلىكىگە كېيىن بولسىمۇ ئىچى ئاغرىيتتى. بەزى پلانېتىلاردىكى ھاياتلىقمۇ يەر شارىدىكى ھاياتلىققا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلاردىكى ئەقلىي جانلىقلارمۇ ئىنسانلارغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئەمەلىيەتتە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن ئاشۇ پلانېتىلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەندە، خۇددى ئۆز تەقدىرىنى كۆرگەندەك، ئۇنىڭ ئىچى قاتتىق سىرىلدى. بەختكە يارىشا ئىنسانلار يوقىلىدىغان ئەھۋال يەر شارىدا كۆرۈلمىدى.

تەيبالىي كىشىنى ئازابلايدىغان ئويدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن نەزەرىنى كىچىككىنە بىر يۇلتۇزغا بۇرىدى، ئۇ يېقىملىق ۋە يىللىق يەر شارى ئىدى، تايمىر ئارىلى ھېلىمۇ سوغۇق بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئۆز يۇرتى — يەر شارىدىكى يىللىق تۇيۇلىدىغان سوغۇق جاي ئىدى، يەر شارى ھېلىھەم ئۆز پېتى ئوبدان تۇراتتى، ئۇ ھېلىمۇ گۈزەل ئەقلىي جانلىقلار — ئادەملەرنىڭ ھايات كەچۈرۈشىگە باب كېلەتتى.

رومى تاملىرىغا نېپىز بامبۇك تاختاي مىخلانغان يىللىق ھەم ئازادە ئىشخانىدا ئولتۇراتتى، ئالەم كېمىسىنىڭ كۋارتسلىق ئەينەك ئورنىتىلغان تۆت چوڭ يان دېرىزىسىدىن يۇلتۇزلۇق ئاسمان كۆرۈنۈپ تۇراتتى، چوڭ ئورۇن بەلگىلىگۈچ يەر شارى تەرەپكە قارىتىپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېكرانىدا كۆكۈش نۇر چاقناپ تۇراتتى.

رومى ئىچكى قىسمىدا ئالاقىلىشىش ئەسۋابىنىڭ كۇنۇپكىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بېسىپ قويۇپ تووۇلدى:

— چۇركوۋ، سەن نەدە؟

— چىنىقىش ئۆيىدە.

— بۇ ياققا كەل!

تەيىبالېيمۇ دەرھال بارماقچى بولدى.

يولداشلار كەلگۈچە رومى سامان يولى سىستېمىسىغا دائىر بەزى ماتېرىياللارنى شىرەگە يېيىپ قويدى، چۈنكى سامان يولى سىستېمىسى ئارىسىدىن بىر پلانېتا بايقالغان ھەمدە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ پلانېتىدا ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان دەپ قارالغانىدى.

ئۇلار بۇ پلانېتىغا يېقىنلىشىۋېتىپ، ئاتموسفېرانى تەھلىل قىلدى، تارتىش كۈچىنى ئۆلچىدى، تۇپراقىنى، دەريا ۋە دېڭىز-كۆللەرنىڭ سۈيىنى دەسلەپكى قەدەمدە يىراق ئارىلىقتىن ئۆلچىدى. كۆپچىلىك بۇ تەھلىل ۋە ئۆلچەش نەتىجىسىنى كۆرۈپ: "بۇ دەل بىزنىڭ يەر شارىمىزغۇ!" دەپ تەڭلا تووۇلىشىپ كەتتى.

تەيىبالېي كىمە باشلىقىدىن چاقچاق ئاھاڭىدا سورىدى:

— راستىنى ئېيت، ئوغرىلىقچە ئارقىغا ئۇچتۇڭمۇ نېمە؟

بىراق، بۇ راستلا تەكشۈرۈلۈپ باقمىغان پلانېتا بولۇپ، ئۇ يەر شارىغا بەك ئوخشايتتى. تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەر ئۇنىڭغا قاتتىق قىزىقىپ، ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى.

ئالەم كېمىسى ئەينەك يۇلتۇز ئېكۋاتورىغا 45 گرادۇس كېلىدىغان يۇمىلاق ئوربىتىغا كىرىپ، بىرنەچچە قېتىم ئايلىنىپ ئۇچقاندىن كېيىن، كېمىدىكى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى جاۋاب سىگنالىنى تاپشۇرۇۋالدى ھەمدە ئۇنىڭ مەنىسىنى يەشتى.

بۇ پلانېتىدا ھەقىقەتەن جانلىقلار بار ئىدى، يەنە كېلىپ بۇ جانلىقلار يەر شارىدا ياشاۋاتقان ئادەملەرگە بەك ئوخشايتتى. ئېكراندا باشتا بەزى تۇتۇق ئىزنىلار كۆرۈندى، ئارقىدىن بۇ ئىزنىلار بارا-بارا ئوچۇق كۆرۈنۈشكە باشلىدى: بابا بۇلار ئۆرە ماڭالايدىغان، كۆزلىرى يۇمىلاق كەلگەن ئىككى پۇتلۇق مەخلۇقلار ئىكەن. ئۇلار كۆزلىرىنى تۇرۇپ يۇماتتى، تۇرۇپ ئاچاتتى، يۇمۇۋالسا، خۇددى يېپىنچا يېپىپ قويۇلغاندەك كۆرۈنەتتى، يوغان ئاچسا، خۇددى كونىچە فوتو ئاپپاراتنىڭ چوڭ كۆزىدەك، ئىچىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى. ئالەم كېمىسىدىكى ئەسۋاب پلانېتىنىڭ سىرتقى تېمپېراتۇرىسىنىڭ سىلسىيە 22 گرادۇس ئىكەنلىكىنى ئۆلچەپ چىقتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئەينەك يۇلتۇز ئادەم-لىرى ھاۋا ئۆتنۈشمەيدىغان تىكىشى يوق كۆلرەڭ چاپان ۋە ئىشتان كىيىۋالغان، يەنە كېلىپ ئىشتانلىرىنىڭ پۇشقىقىنى قارا ئۆتۈكنىڭ قونچىغا تىقىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بوينىغا يىپ ياكى ئىنچىكە زەنجىر بىلەن كۆرسەتكۈچ تاختىغا ئوخشايدىغان نەرسە ئېسىۋالغانىدى، تاختا ئۈستىگە بەزى بەلگىلەر قويۇلغانىدى. بۇ بەلگىلەرنىڭ نېمە مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئالەم كېمىسىدىكى ھېسابلاش ماشىنىسى تېخى يېشىپ چىقالمىغانىدى.

”ئۇلار ئالەم كېمىسىگە دائىر بارلىق ماتېرىيالنى، — دېدى باش ھېسابلاش ماشىنىسى خۇددى ئادەمنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز بىلەن دوكلات قىلىپ، — ھەممە كوئېففېتسېنتىنى بەرسۇن دەيدۇ، نەدىن، نېمە مەقسەتتە كەلدىڭلار دەيدۇ... ئۇلار كېمىدىكى ھەربىر ئادەمگە دائىر ماتېرىيالنىمۇ بەرسۇن، سىلەرنىڭ تەرجىمھالىڭلارنى تەكشۈرۈش ئانكىتىنى كېيىن ئارقىتىپ بېرىمىز دەيدۇ.“

يېڭى پلانېتا بىلەن بولغان تۇنجى قېتىملىق ئالاقە شۇنىڭ بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى. تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئالەم كېمىسى ئەينەك يۇلتۇزنىڭ ئېكۋاتورىنى بويلاپ بىھۇدە تۆت كېچە-كۈندۈز ئايلانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن زادىلا ئالاقە باغلىيالمىدى. مۇشۇ بىرنەچچە كۈندە تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەر ئالەم كېمىسىدىكى ھەممە ئەسۋابنى ئىشقا سېلىپ بۇ پلانېتىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلىدى.

ئەينەك يۇلتۇزدا ئاھالىلەر خېلىلا قويۇق ئولتۇراقلاشقانىكەن. شەھەرلەر بىلەن شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدا يوللار تۇتاش كەتكەن بولۇپ، تۈرلۈك قاتناش ۋاسىتىسى بار ئىكەن. بەزى ئاھالىلەر نۇقتىسى ياپيېشىل دالىغا ۋە ئورمانلىقلارغا جايلاشقان بولۇپ، يەر شارىدىكى ئۆلچەم بويىچە بولغاندا، بۇ ئاھالىلەر نۇقتىسىنى كەنت ۋە بازار دېيىشكە بولاتتى. شۇنىسى، ھاۋاسى يېقىملىق بۇ چوڭ پلانېتىدا ھەرىكەت ئالامەتلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئاز بولۇپ، كىشىگە بۇ پلانېتا، توغرىراقىنى ئېيتقاندا، بۇ پلانېتىدىكى ئاھالىلەر غەلىتە چۈشەك ھالىتىگە كىرگەندەك تەسىر پەيدا قىلاتتى، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇشقا رازى ئىكەنكى، بىر-بىرى بىلەن ئاساسەن باردى-كەلدى قىلىشمايدىكەن.

— غەلىتە ئادەملەركەنغۇ بۇ. ئۇلارغا بىرەر كېسەل تەگكەن ئوخشىمامدۇ؟

— ياق، بىزنىڭ ئانالىز ئەسۋابىمىز بىزگە بۇ جەھەتتە دوكلات بەرمىدى.

— ئۇنداقتا ئۇلار نېمە بولغاندۇ؟

— ئۇلارنىڭ خۇيى مۇشۇنداق بولسا كېرەك، — دېدى رومى رەت قىلىپ، — ئۇلار نېمە ئۈچۈن بىز بىلەن ئوخشاش پىسخولوگىيە-

لىك ھالەتتە بولاتتى؟

تۆتىنچى كۈنى باش ھېسابلاش ماشىنىسى تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەرنىڭ تەرجىمىھالىنى تەكشۈرۈش ئانكىتىنى تاپشۇرۇۋالدى. تەكشۈرۈش ئانكىتىدا 50 كە يېقىن سوئال سورالغانىكەن. بۇ سوئاللار ھەر بىر كىشىنىڭ شەخسىي ئىشلىرىغىلا چېتىلىپ قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، باشقا مەدەنىيەت بىلەن بولغان ئالاقىسى، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئۆلۈش سەۋەبى ۋە ئۇلار دەپنە قىلىنغان جاي قاتارلىق مەسىلىلەرگىمۇ چېتىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئون نەچچە سوئالدا ئۇلارنىڭ مەمۇرىي ۋەزىپىسى، ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشىش ئەھۋالى، قانداق تەقدىرلەنگەنلىكى، مۇكاپات پۇلى ۋە شەرەپلىك نام ئالغانلىقىغا ئوخشاش ئەھۋاللار سورالغان.

چۇركوۋ تەكشۈرۈش ئانكىتىغا كۆز يۈگۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن، بىر ئىسقىرتىپ قويۇپ مۇنداق دېدى:

— ئاتا-بوۋىلىرىمغا دائىر ماتېرىياللارنى نەدىنمۇ تاپارمەن؟

بەزى سوئاللار ھەقىقەتەنمۇ تۇتۇرۇقسىز ئىدى، مەسىلەن: باشقا پلانېتىلاردىكى ئادەملەر ئىچىدە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭىز بارمۇ؟ ئۇلار بىلەن ئالاقىڭىز بارمۇ؟ يەر شارىدىكى قايسى مەمۇرىي تەشكىلاتقا ياكى قايسى ئىجتىمائىي تەشكىلاتقا قارايسىز؟ تۇرۇشلۇق ئورنىڭىز قەيەردە؟ ئائىلە تەۋەلىرىڭىزنىڭ، ھازىر ھايات تۇرۇۋاتقان ۋە ئالەمدىن ئۆتكەن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارمۇ بار ئىدى.

— مېنىڭچە، ئۇلار بىزنى ئەخمەق قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ.

— ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇنداق ئىش ئىلگىرىمۇ بولۇپ ئۆتكەن، — دېدى تەيىبالىيې بىر نەرسە ئۇستىدە ئويلانغاندەك قىلىپ، — چوڭ

www.uyghurkitap.com

دادامدىن قالغان ھۆججەتلەر ئارىسىدا مۆشۈنداق تەكشۈرۈش ئانكىتى بار ئىدى.

— بىزدىمۇ ئىلگىرى مۆشۈنداق نەرسىلەر بولغانمىكىنە؟ — دېدى چۈركوۋ گۇمان بىلەن.

— دەرۋەقە، ئۇ چاغدىكىسى بۇ يەردە سورالغان سوئالدىن ئازراق ئىدى، — دېدى تەيىبالېي پەس ئاۋازدا، — ئەمما ئۇ سوئاللارغا يوق، يوق، يوق دەپ جاۋاب بېرىلگەنلىكى ھېلىمۇ يادىمدا.

— بۇ قۇتۇلۇشنىڭ بىر يولىكەن! — دەپ خۇشاللىقىدىن تووۋلىۋەتتى چۈركوۋ، — سورالغان سوئاللارنىڭ كۆپ قىسمىغا مۇشۇنداق جاۋاب بەرسەك بولغۇدەك!

— بىراق، مېنىڭچە، — دېدى رومى چوڭقۇر ئويلانغان ھالدا، — يېڭىدىن تونۇشقان ئەقىللىق قېرىنداشلىرىمىزغا بىزنىڭ بۇ ماتېرىيالىمىز كېرەك بولغان بولسا، بىز ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك.

— يەنە بار تېخى! ئۇلار يەنە باش قىسمىمىزنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئۇدۇل تەرەپتىن ۋە يان تەرەپتىن تارتىلغان رەسىمدىن 20 نى بەرسۇن، باش قىسمىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغىنىمۇ بولسۇن دەپتۇ.

— بۇنىڭدىن باشقا يەنە بويىمىزنىڭ ئەتىگەندىكى ۋە كەچتىكى ئېگىزلىكىمۇ كېرەك ئىكەن، — دېدى چۈركوۋ غودۇراپ، — مېتىر سىستېمىسى بويىچە ئۆلچەنسۇن دەپتۇ.

ئاخىردا بۇ تالاش-تارتىش تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشلىقىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئاياغلاشتى:

— ئالەم تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى رومى، تەيىبالېي ۋە

چۈركوۋلار بىرىنچى گۇرۇپپا بولۇپ تەشكىللىنىڭلار. سىلەر تەكشۈرۈش ئانكىتىنى قالدۇرماي تەپسىلى تولدۇرۇپ چىقىڭلار ھەمدە رەسىملەرنى تەلەپكە ئاساسەن ئوبدان تارتىڭلار.

تەكشۈرۈش ئانكىتى ئالەم كېمىسىدىكى چوڭ ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ياردىمىدە ئاساسەن تولدۇرۇلۇپ بولدى، ئاندىن بۇ تەكشۈرۈش ئانكىتلىرى ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق كۆپەيتىپ بېسىلدى ۋە ئەينەك يۇلتۇزدا قوللىنىلىدىغان شەرتلىك بەلگىلەرگە ئۆزۈپ چىقىلدى. تەييارلانغان تەرجىمىھال تەكشۈرۈش ئانكىتى چوڭ بىر ھۆججەت سومكىسىغا لىق تولدى.

تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشلىقىدا ئىككى خانىلىق رەقەم ئارقىلىق ئۇنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق سالاھىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئۈچ قۇر يېزىلغان تىتاندىن ياسالغان ئۈچ قۇر ساقلاش ياپراقچىسى بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئەترەت باشلىقىمۇ باشقىلارغا ئوخشاش تولۇق كۆرۈنۈشلۈك رەسىمگە چۈشۈشكە ۋە تەكشۈرۈش ئانكىتىنى تولدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ ماتېرىياللار ئەينەك يۇلتۇزغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىنمۇ يەنە كۈتۈپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى. ئالەم كېمىسىنىڭ چاقىرىشىغا يېڭى پلانېتىدىن ئۇدا ئالتە كۈنگىچە ھېچقانداق ئىنكاس كەلمىدى.

يەتتىنچى كۈنى، ۋاقىت بەلگىلەپ چاقىرغاندا: "سىلەرنىڭ ماتېرىيالىڭلارنى ئالاقىدار ئورگان ۋە كومىتېتلار تەتقىق قىلىپ تەكشۈرۈۋاتىدۇ، تەكشۈرۈش نەتىجىسى كېيىن ئۇقتۇرۇلىدۇ..." دەپ قىسقىغىنا جاۋاب كەلدى.

كۈتۈۋېرىپ زېرىكىپ كەتكەن بولساقمۇ، ئۈچ كۈن كۈتتۇق. ئاخىر ئەينەك يۇلتۇزدىن: بىز يەر شارى ئادەملىرى گۇرۇپپىسىنى

قوبۇل قىلىمىز، كېمىنى پالانى كوردىنات بويىچە يەرگە قوندۇرۇشقا لار، دەپ ئۇقتۇرۇش كەلدى.

كېمە بەلگىلەنگەن تۈز يەرگە يەڭگىل قوندى. بۇ بىر گۈزەل كۆل بويى ئىدى، كېمىنىڭ يان دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىغاندا، زۇمرەتتەك دولقۇنلار چايقىلىپ، چاچراپ چىققان سۇ تامچىلىرى كۆزنى چاقنىتىپ تۇراتتى. بۇ مەنزىرە كىشىگە ئاجايىپ ھۇزۇر بېغىشلايتتى.

تورمۇزخانىغا كىرىشتىن بۇرۇن، ئالەم تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ بارلىق ئەزالىرى نەپەس يوللىرى، كۆز، بۇرۇن ۋە ئېغىز شىللىق پەردىسىنى ئاسراش ئۈچۈن، يۈزىگە يەر شارى ئادەملىرىنىڭ تاشقى قىياپىتىنى زادىلا باشقىچە كۆرسىتىپ قويمايدىغان سۈزۈك ۋە يېنىك زەھەردىن ساقلىنىش ئەسۋابىنى تارتىۋالدى.

تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئەينەك يولتۇزغا ھەممىدىن ئاۋۋال قەدەم باستى. ئۇ ئۆزىدىن نېرىراقتا تۇرغان ئەينەك يۇلتۇز ئادىمىگە يېقىنلاشماي دېگەندە، تولۇق قوراللانغان، ئاجايىپ كېلىشكەن ئىككى ئەينەك يولتۇز ئادىمى ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ قورالى يەر شارىدىكى موزېيلاردا ساقلىنىۋاتقان مىلتىققا ئوخشاپ قالاتتى. تەكشۈرۈش ئەترىتى باشلىقىنىڭ مەيدىسىگە ئېسىقلىق ئانالىز ئەسۋابى بىلەن سىگنال ئالماشتۇرۇش ئەسۋابى بۇيرۇقنى دەرھال ئۆرۈپ بەردى:

"گۇۋاھنامەڭلەرنى كۆرسىتىڭلار!"

تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشلىقى زۆرۈر ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ، جۈملىدىن ئالەم تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تولۇق كۆرۈنۈشلۈك

رەسىملىرىنىڭ ئاللىبۇرۇنلا ئۇلارغا ئەۋەتىپ بېرىلگەنلىكىنى چۈشەن-دۇرمەكچى بولدىيۇ، دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز، ئۇلاردىن ئۆزىمىزنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئىش قىلىشنى تەلەپ قىلىشمۇ ھاجەتسىز دېگەن ئويغا كېلىپ، ھۆججەت قىسقۇچتىن زۆرۈر ھۆججەتلەرنى ئېلىپ ئەينەك يۇلتۇز ئادەملىرىنىڭ مۇھاپىزەتچىسىگە بەردى. بۇ مۇھا-پىزەتچى ئالدى بىلەن ھەربىر ھۆججەتنى تەپسىلى تەكشۈرۈپ چىقتى، ئاندىن كېيىن، تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى ھەربىر خادىمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلارنى تولۇق كۆرۈنۈشلۈك رەسىمگە بىر-بىرلەپ تەپسىلى سېلىشتۇرۇپ چىقتى. ئەينەك يۇلتۇز ئادىمىنىڭ كۆزى ھەقىقەتەنمۇ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان ئورا كۆز ئىكەن، رومى گويا دۇربۇننىڭ ياكى فوتو ئاپپاراتنىڭ كۆزىنىڭ ئىچكىرى قىسمىغا قارىغاندەك بولدى.

تەكشۈرۈش رەسمىيىتى ئاخىر ئاياغلاشتى. مۇھاپىزەتچى ھۆججەت-لەرنى يىراقتا تۇرغان ئەينەك يۇلتۇز ئادەملىرى ئارىسىدىكى كۆرۈمسىز، پاكارغىنە كەلگەن، ئازراق ئاقسايدىغان بىرەيلەنگە بەردى. بۇ ئادەمنىڭمۇ قاپقارا ئورا كۆزلىرىدىن خىرە نۇر چاق-نايتتى.

ھۆججەتلەرنى تەكشۈرۈش ئۇزاققا سوزۇلغان بولسىمۇ، يەر شارى ئادەملىرى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەتراپنى تازا ئوبدان كۆرۈۋالدى.

ئەينەك يۇلتۇز ئادەملىرىنىڭ ئارقىسىدا بىرنەچچە ماشىنا تۇراتتى. بۇ ماشىنىلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى يەر شارىدىكى ئىچىدىن يانار دېۋىگاتېل دەۋرىدە ياسالغان كونا پوسۇندىكى ماشىنىلارغا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بەك ئوخشاپ كېتەتتى.

ھۆججەتلەر تەكشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، تىل ئانالىز ئەسۋابى ئادەمنىڭكىگە ئوخشايدىغان ئاۋاز بىلەن: "ھۆكۈمىتىمىز ئەقىللىق قېرىنداشلارنى قارشى ئالىدۇ، كەينىمىزدىن مېڭىڭلار" دەپ ئۇقتۇردى.

مۇھاپىزەتچىلەر يەر شارى ئادەملىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ماڭدى. ئۇلار يەر شارى ئادەملىرىنىڭ بىردىنلا يوقاپ كېتىشىدىن ياكى باشقا بىر قىياپەتكە كىرىۋېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، تولۇق كۆرۈنۈشلۈك رەسىملەرنى ئېلىپ، ئۇنى يېڭى پلانېتىدا قەدەملىرىنى ئاۋايلاپ بېسىپ كېتىۋاتقان يەر شارى ئادەملىرىگە پات-پات سېلىشتۇرۇپ قوياتتى.

يەر شارى ئادەملىرى بىرنەچچە ماشىنىغا بۆلۈنۈپ ئولتۇرۇشقا بۇيرۇلدى. تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشلىقى بۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرمىدى. چۈنكى تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەردە باشقىلار سىزدۋالالمايدىغان ئالاقىلىشىش سىستېمىسى بار ئىدى، كۈتۈلمىگەن ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، ئارىلىق ناھايىتى يىراق بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار بىر-بىرى بىلەن ئالاقىلىشالايتتى.

چارەك سائەت ماڭا-ماڭمايلا، ماشىنىنىڭ ئالدىدا توساق پەيدا بولدى. بىللە ماڭغان مۇھاپىزەتچى يەر شارى ئادەملىرىنىڭ ھۆججەت قىسقۇچىنى يول بويىدىكى قاراۋۇلخانىدىن چىققان پوستقا بەردى، بۇ مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ كىيىملىرى ئۇپئوخشاش ئىدى، پوستتىكى مۇھاپىزەتچى ھۆججەتلەرنى خېلى بىر ھازاغىچە تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ماشىنىلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ھەر بىر يەر شارى ئادىمىنىڭ رەسىمىنى ماشىنىدا ئولتۇرغان رەسىمدىكى ئادەم بىلەن بىر-بىرلەپ سېلىش-

تۇرۇشقا باشلىدى. رەسمىيەت تاماملانغاندىن كېيىن، مۇھاپىزەتچى قاراۋۇلخانىغا قايتىپ بېرىپ، توساقنى كۆتۈرۈۋەتتى.

شەھەرگە كىرىش ۋاقتىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەكشۈرۈش يەنە تەكرارلاندى، بۇ چاغدا يەر شارى ئادەملىرى ئەجەبلەنمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— ئۇلار بىرەر نەرسىدىن قورقۇۋاتامدۇ نېمە؟

— بۇ بىزنىڭ بىخەتەرلىكىمىزنى قوغداش تەدبىرى بولسا كېرەك، — دېدى تەيبالېي قىياسەنلا.

شەھەر قۇرۇلۇشلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. دەماللىققا بۇ يەردىكى ھەممە نەرسىلەر ئۇزاقتىن بېرى رېمونت قىلىنماي، چۆلدەرەپ قالغاندەك، كوچىلاردىمۇ، ئۆيلەردىمۇ، يۇرەكزادىلىك بىلەن ئېگىز بىنالارنىڭ ئارىلىرىدا كېتىۋاتقان ئاندا-ساندا كىشىلەردىمۇ بىر خىل جانسىزلىق ھۆكۈم سۈرگەندەك تەسىر پەيدا قىلغانىدى.

چۇركوۋ بۇ شەھەر ئەتراپى رايونى بولسا كېرەك، شەھەر مەركىزىدە ئەھۋال بۇنىڭدىن ياخشىراقتۇ...بۇنىڭ قانداق جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى كىم بىلىدۇ؟ سىنىپىي جەمئىيەتمىدۇيە؟ ياكى ھازىر هوقۇقى يوق كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان نامراتلار رايونىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتامدىغاندىمىزمۇ؟ دەپ ئويلىدى.

ماشىنا كەڭ بىر مەيدانغا كىردى، ئەتراپتىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ سىرتىدىن ئۇنىڭ ھۆكۈمەت بىنالىرى ئىكەنلىكى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇراتتى، بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى جايلاشقان يەر ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئىدى. بۇ بىنالار تېخىمۇ كونىراپ كەتكەن بولۇپ، ئىشلىتىلمەي، ئۇزاقتىن بېرى رېمونتسىز قالغاندەك

www.uyghurkitap.com

كۆرۈنەتتى. غۇر-غۇر شامال بىرمۇنچە يېشىل يوپۇرماقلارنى مەيداندا ئۇچۇرۇتۇشقا باشلىدى، يوپۇرماقلار يېقىنلاشقاندا بۇلارنىڭ ئەسلىدە يوپۇرماق بولماي، خەتكە ئوخشاش بەلگىلەر بېسىلغان خەت-ئالاقە قەغەزلىرىنىڭ پارچىلىرى ئىكەنلىكى بىلىندى.

ماشىنا بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى، بۇ مېھمانخانا ئىدى. تىل ئانالىز ئەسۋابى بىر ئەينەك يۇلتۇز ئادىمىنىڭ گېپىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشلىقىغا: "سىلەرنىڭ تۇرار جايىڭلار مانا مۇشۇ بولىدۇ" دەپ ئۆرۈپ بەردى.

بىراق، يەر شارى ئادەملىرى ياتاقنىڭ ئاچقۇچىنى قوللىرىغا ئېلىشتىن بۇرۇن تەكشۈرۈش ئانكېتىنى يەنە تولدۇرۇشقا توغرا كەلدى، بۇ ئانكېتتا سورالغان سوئاللار ئالەم كېمىسىدە تولدۇرۇلغان ئانكېتتىكىدىن بىرمۇ كەم ئەمەس ئىدى.

— مېنىڭچە، ئۇلار بىزنى ئەخمەق ئېتىۋاتىدۇ، — دېدى رومى نارازى قىياپەتتە، ئۇ تەكشۈرۈش ئانكېتىدىكى بىر سوئالنىڭ جاۋابىنى تېپىش ئۈچۈن، چوڭ بوۋىسى دەپنە قىلىنغان جاينى يادىغا كەلتۈرۈۋاتاتتى.

— توپتوغرا بىر يېرىم سائەت ئۆتۈپتۇ، — دېدى توغرىلىقنى خالايدىغان تەيبالىپ.

— بىز ھازىر سىلەرگە دائىر ھۆججەتلەرنى تەكشۈرۈۋاتىمىز، — دېدى ئاقساق ئەينەك يۇلتۇز ئادىمى، — تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن سىلەر بىلەن كۆرۈشىمىز.

تىل ئانالىز ئەسۋابى بۇ ئەينەك يۇلتۇز ئادىمىنىڭ ئاۋاز خۇسۇسىيىتىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەردى، ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ ئىنچىكە بولۇپ، يەر شارىدا بولسا ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۇنى

ئايال ئوخشايدۇ دەپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

"كىم بىلىدۇ، بۇ راستلا ئايالمۇ تېخى؟" دەپ ئويلىدى چۇركوۋ قىزىقسىنىپ.

ياتاقتا خېلى ئازادە بىر كارىۋات قويۇلغان بولۇپ، كارىۋاتنىڭ بېشىدا خەت بەلگىلىرى بىلەن تولغان بىر ۋاراق قەغەز ئېسىقلىق تۇراتتى. چۇركوۋ ئۆزىنىڭ كىچىك ئانالىز ئەسۋابىنىڭ دولقۇنىنى ھېلىقى قەغەزگە توغرىلاپ قويۇۋىدى، ئانالىز ئەسۋابى ئۇ خەت بەلگىلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ ئەسلىدە مېھمانلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك مىزان ئىكەن، بۇنىڭدا باشتىلا: ياتاق جاھازلىرىنى خالىغانچە يۆتكەشكە، تاملارغا تۆشۈك تېشىشكە، خەت يېزىشقا، چىراغلارنىڭ يورۇتۇش قۇۋۋىتىنى، يورۇقلۇقىنى ئۆزگەرتىشكە، بىر سوتكىدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق يۇيۇنۇشقا، بىر يەردە جەم بولۇپ ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ، تونۇش - بىلىشلەرنى مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ رۇخسىتىسىز ياتاققا باشلاپ كىرىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ دېگەنگە ئوخشاش مەنئى قىلىنغان بىرمۇنچە ئىشلار يېزىلغانىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ بىرمۇنچە ماددىلىرىدا يەنە، مونچىدا ياكى كارىۋات ئاستىدا ئۇخلاشقا، ياتاقتىكى ئەسۋابنى — بۇ ئەسۋاب يەر شارىدىكى كونا پوسۇندىكى تېلېۋىزورغىلا ئوخشايتتى — چۇۋۇشقا بولمايدۇ، دېيىلگەن بولۇپ، ھېچكىممۇ چۈشىنىپ بولمايدىغان ھەرىكەتلەر مەنئى قىلىنغانىكەن.

چۇركوۋ سافادا ئولتۇرۇپ، ھېلىقى ئەسۋابنىڭ كۇنۇپكىسىنى باستى ۋە ئۆزىنىڭ تىل ئانالىز ئەسۋابىنىڭ دولقۇنىنى ئۇنىڭغا توغرىلاپ قويدى.

ئۇ ئەسۋابتا خەۋەر ئاڭلىتىلىۋاتاتتى. كۆزلىرى قاپقارا، يوغان

ۋە ئۇرا كەلگەن ئەينەك يۇلتۇز دىكتورى ئاڭلىغۇچىلارنى ئۆزىنىڭ فوتو ئاپپاراتىنىڭ كۆزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان كۆزىگە قارىتىۋالماقچى بولغاندەك قىياپەتتە سۆزلەيتتى. بۇ هال چۈركوۋنىڭ كۆزىگە سىغماي، ئەمدىلا ئەسۋابنى ئۆچۈرۈۋېتەي دەپ تۇرۇشىغا، بىردىنلا مۇنداق خەۋەرنى ئاڭلىدى:

— بۈگۈن پىلانېتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆلۈۋالغان قېرىندىشىمىزنىڭ سانى 70 مىڭغا يېتىپ، ئۆتكەن كۈندىكىدىن مىڭ كۆپەيدى، — دىكتور ئېتىۋارسىز قارىغاندەك سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۆلگۈچىلەر، ئاساسەن، ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار بولۇپ، بالىلار ھەممىدىن ئاز. ئائىلە بويىچە ئۆلۈۋېلىش ۋەقەسىمۇ خېلى كۆپىيىپ قالدى... قۇياش سىستېمىسىدىكى يەر شارىدىن كەلگەن ئالەم كېمىسى توغرىسىدىكى خەۋەرنى خەۋەرلەرنى تەكشۈرۈش باش مەھكىمىسى تەستىقلاپ، رەتلەپ چىققاندىن كېيىن، ئەتە ئاڭلىتىمىز...

دىكتورنىڭ سۈرىتى ئېكراندىن بارا-بارا ئۆچۈشكە ئەگىشىپلا، ياتاقتا غەلىتە مۇزىكا ساداسى ياڭرىدى. ئۇ كىشىنى پەرىشان قىلىدىغان مۇزىكا بولۇپ، يەر شارىدا 20-ئەسىردىن ئىلگىرى ياشىغان كومپوزىتورلار ئىجاد قىلغان مۇزىكىغا ئوخشاپ كېتەتتى. بۇ مۇزىكا كىشىنىڭ كۆڭلىنى بىردىنلا غەش قىلاتتى، ئۇ غەلىتە، زادىلا قۇتۇلغىلى بولمايدىغان قايغۇدىن، ئاللىبۇرۇن مەڭگۈلۈك كەتكەن ئۆتمۈشنىڭ ئەسلىمىسىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئۇلاردا نېمە ۋەقە بولغاندۇ؟ ئەنسىزلىك ۋە كىشىنى زېرىكتۈردىغان جانسىز كەيپىيات يەر شارى ئادىمىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ھاياتنى مىڭلاپ-ئون مىڭلاپ ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىپتۇ، بۇنداق

كەيپىيات زادى قانداق نەرسىدۇ؟

چۇركوۋ يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىچكى قىسىمدا ئالاقىلىشىش سىستېمىسى ئارقىلىق يولداشلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئاندىن مېھمانلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بۇ مىزاننىڭ تەپسىلىي مەنىسىنى چۈشەندى.

تەكشۈرۈش ئەترىتى باشلىقىنىڭ ياتىقى خېلى ئازادە بولۇپ، ئىچىگە يەر شارىدىكى قەدىمكى ياۋروپا ئوردىلىرىدىن قېپقالغان كونا ئورۇندۇقلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىلپىس شەكىللىك شىرە، شىرەنىڭ ئەتراپىغا قاتتىق يۆلەنچۈكلۈك يۇمشاق ئورۇندۇقلار قويۇلغانىدى. كۆپچىلىك مۇشۇ شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى.

— خوش، دەسلەپكى تەسىراتىڭلارنى ۋە قارىشىڭلارنى دەپ بېقىڭلارچۇ، — دېدى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشلىقى كۆپچىلىككە.

ياتاقتا بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى، بۇ ھال تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرىدىن ھېچكىمنىڭ تېخى بىرەر قاراشقا كېلەلمىگەنـ لىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

— ئۇنداقتا، چۇركوۋ، سىز قانداق پىكىرگە كەلدىڭىز؟

چۇركوۋ ئالدىراپ جاۋاب بەرمىدى.

— مېنى بۇ پلانېتىدا بىر سوتكا ئىچىدە 70 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكى قىزىقتۇرۇۋاتىدۇ...

— بۇنداق ئىشلار ئازمۇ؟ تەبىئىي ئاپەت تۇپەيلىدىن ئۆلگەندۇ بەلكىم! — دېدى رومى مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزى ئۆلۈۋاپتۇ، — دېدى چۇركوۋ، — بۇ ۋەقەنى ئاڭلىتىۋاتقاندا، دىكتوردا، ئاللىبۇرۇن ئادەتتىكە ئايلىنىپ كەتكەن ئادەتتىكى ئوخشاش ئىشلارنى ئاڭلىتىۋاتقاندەك، ئۇنىڭدىن

www.uyghurkitap.com

ئەپسۇسلانغان كەيپىيات كۆرۈلمىدى.

چۈركوۋ تەكشۈرۈش ئەترىتى ئەزالىرىنىڭ ھېچقايسىسى ياتىقىدىكى تېلېۋىزورنى ئېچىپ باقمىغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭ بۇ ۋەقەنى قانداق ئاڭلىغانلىقىنى ۋە بۇ قايغۇلۇق خەۋەردىن كېيىن مۇزىكا بېرىلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— قىزىق گەپ بولدى-دە، — دېدى تەيبالىپى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، — ئۆلۈۋېلىشنى قانداقمۇ ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان دېگىلى بولسۇن؟

— ھېچبولمىغاندا مەن شۇنداق دەپ قارايمەن، — دېدى چۈركوۋ.

— بۇ يەردە ھەممىلا يەرنىڭ چۆلدەرەپ قالغان كۆرۈمسىز مەنزىرىسىگە مەن ھەيران، — دېدى تەيبالىپى بىرەر نەرسە ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقاندەك قىلىپ. — ماڭا بۇ يەرنىڭ تۇرمۇشى جىمجىت توختاپ قالغاندەك، ھەتتا چېكىنىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى.

— تۇرمۇش دېگەن تۇرمۇش، ئۇنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ چېكىنمەيدۇ، — دېدى رومى پەلسەپىۋى قائىدىگە سېلىپ، — تۇرمۇش ئالاھىدە چوڭ بالايىئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ھالاك بولۇشى مۇمكىن، بۇنداق ئىشلارنى بىز كۆپ كۆرگەن.

— ھازىر پاكىت تېخى كەملىك قىلىدۇ، — دېدى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — بىز بۇ جاينىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى تېخىمۇ تەپسىلىي ئىگەللەشكە رۇخسەت قىلىنىشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

"بەلگىلىمىز بويىچە، ياتاقتا يىغىن ئېچىش مەنئىي قىلىنىدۇ!" تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ بۇيرۇق ھەممەيلەننى قورقۇتۇۋەتتى، بايا بۇ

ئاۋاز تامدىن چىققانىكەن. «تارقىلىپ كېتىڭلار!»

كۆپ قېتىم ئەسكەرتىش ۋە تەلەپ قىلىش نەتىجىسىدە، بىرقانچە كۈندىن كېيىن مېھمانخانىغا ئالەم كېمىسى قونغان چاغدا ئۇچراتقان ئىككى كىشى بىلەن قوشۇلۇپ ناتونۇش ئەينەك يۇلتۇز ئادىمىدىن بىرنەچچەيلەن كەلدى.

— بىزنى قارشى ئالغىلى چىققان كىشىلەر قېنى؟ — دەپ سورىدى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشلىقى.

— ئۇلار ئۆلدى، — دېدى تەقى-تۇرقى خېلىلا جايىدا كەلگەن ئېگىز بويلۇق ئەينەك يۇلتۇز ئادىمى سۆرۈن قىياپەتتە، — ئۇلار ئۆزلۈكىدىن ئۆلدى.

تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئېھتىيات قىلىپ سوئال سوراشتىن توختاپ، ئەينەك يۇلتۇزنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشقا باشلىدى.

— پرىنسىپ جەھەتتىن قارشى تۇرمايمىز، — دېدى بىر ئەينەك يۇلتۇز ئادىمى ئەمەلدارى، — بىراق ئويۇڭلارنى ۋە قايسى رايوننى ئېكىسكۇرسىيە قىلماقچى بولغانلىقىڭلارنى ئېيتىڭلار، ئىلتىماسىڭلارنى ئالاقىدار ئورۇنلىرىمىز تەكشۈرىدۇ.

ھەممىدىن ئاۋۋال بۇ پىلانېتىنىڭ خەرىتىسىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك ئىدى. بۇ ئىش ئويغا يغا چۈشمەيتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس ئىلتىماس يېزىپ، بۇ خەرىتىنى قاچان، كىم، نېمە مەقسەتتە ئىشلىتىدىغانلىقىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرنى ئىزاھلاشقا توغرا كېلەتتى. تەكشۈرۈش ئەترىتى ئەزالىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا ئىلتىماس يېزىپ چىقىلدى ھەمدە بۇ ئىلتىماس قەددى-قامىتى كېلىشكەن ئېگىز بويلۇق ئەينەك يۇلتۇز ئادىمىگە تاپشۇرۇپ

بىرىلدى.

يەنە ئۇدا بىرنەچچە كۆن كۆتۈشكە توغرا كەلدى. تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا تېلېۋىزور خەۋەرلىرىنى ئاڭلاش بىلەن كۆن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. ھەر قېتىملىق خەۋەر ئاساسەن ئۆلگەنلەر سانىنىڭ داۋاملىق ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقى مەزمۇن قىلىنغان ئۆلۈۋېلىش ۋەقەسىدىن ئىبارەت ئىدى. يەر شارى ئالەم كېمىسى كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرمۇ بار ئىدى، ئەلۋەتتە. ئەمما، بۇ ئىش ھېچقانداق كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتمىغان ۋە ھېچكىمنى ئالاھىدە ھاياجانلاندۇرمىغانىدى.

— بىز بۇ يەردىكى ئاھالىلەردىن كىشىلەرنىڭ بۇنداق ئۆپچە ئۆلۈۋېلىشىنىڭ سەۋەبىنى تىلىك-تىڭلاپ باقامدۇق يا؟ — دېدى رومى ئۆز ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ، — بىزنىڭ ئۇلارغا ياردىمىمىز تېگىپ قالامدۇ تېخى.

قەددى-قامىتى كېلىشكەن ھېلىقى ئەينەك يۇلتۇز ئادىمى بەزىدە يەر شارى ئادىمى تۇرۇشلۇق يەرگە كېلىپ، ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئاڭلايتتى، ئاندىن ئاللىقانداق بىر يەرلەرگە بېرىپ بۇ تەلەپلەر ئۈستىدە مەسلىھەتلىشەتتى. بۇلارنىڭ تەلەپلىرى ئاساسەن دېگۈدەك ھېچقاچان رەت قىلىنىپ باقمىغان بولسىمۇ، مېھمانخانىغا ئانچە يىراق بولمىغان يەرلەرگە بېرىپ سەگىدەپ كېلىش ئۆچۈنمۇ تەستىقلىتىشقا توپتوغرا بىر كۆن كۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. يەنە كېلىپ مېھمانخانا مۇھاپىزەتچىسى ھەر قېتىم يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىپ تولۇق كۆرۈنۈشلۈك سۈرەتلەرنى ئادەملەرگە سېلىشتۇرۇپ چىقاتتى. ئەمەلىيەتتە، مېھمانخانىدا بىرنەچچە نەپەر يەر شارى ئادىمىدىن باشقا مېھمان يوق دېيەرلىك ئىدى.

بىر كۈنى ئىگىز بويلۇق ئەينەك يۈلتۈز ئادىمى يەنە مېھمانخانىغا كېلىۋىدى، تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشلىقى مەقسەتسىزلا مۇنداق دەپ سوراپ قويدى:

— نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە شۇنچە كۆپ ئاھالە ئارقا- ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ؟

— بىزنىڭ بۇ پلانېتىدا بۇ ھەممىلا ئادەم بۇ يەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا كۆنۈپ كېتەلمەيدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئۆلۈۋالىدۇ، — دېدى ئەينەك يۈلتۈز ئادىمى ئاددىيلا جاۋاب بېرىپ.

— ئۇنداقتا، بۇنداق ئۆلۈمۇ كېڭىشىش ياكى تەستىقلىتىش ئارقىلىق بولامدۇ؟

بۇ سوئال ئەينەك يۈلتۈز ئادىمىگە كۈتۈلمىگەن سوئال بولۇپ تۇيۇلدى، شۇڭا ئۇمۇ كۈتۈلمىگەن يەردىن ئۇچۇق قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئورگان بىلەن كېڭىشىش ھاجەتسىز، چۈنكى، ئۆلۈۋېلىشنى ئۇلار كارى چاغلىق ئىش دەپ قارايدىغان بولۇپ قالغان. پەقەت ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈنلا ھېچقانداق كىشىنىڭ رازىلىقىنى ئالمىسىمۇ بولىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ ئوڭايلا ئۆلۈۋېلىشىنىڭ سەۋەبى بولسا كېرەك.

ئەينەك يۈلتۈزدا ساياھەت قىلىش ئىشى ئاخىر تەستىقلاندى.

يەر شارىدىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ساياھەت ئۈچۈن يەر يۈزى قاتناش قورالى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، مۇشۇنداق قىلغاندا، بۇ جاينىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى تېخىمۇ تەپسىلىي كۆرگىلى، بۇ يەردىكى ئىشلارنى بىلگىلى بولاتتى.

ھەمراھ بولغۇچى ئەينەك يۈلتۈز ئادەملىرى ئۇلار بىلەن

ئىختىيارىي پاراڭلىشىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ناھايىتى ئاز ئۇچرىشاتتى. چۈنكى ھەرقانداق بىر كىچىككىنە جىددىي مەسىلە توغرىسىدا سورالغان سوئالنىڭ جاۋابى ئۈستىدە ئاللىقانداق كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىش، ئاندىن ئۇنى تەستىقلىتىش ئۈچۈن ۋاقىت كېتەتتى.

تاسادىپىي بىر قېتىم سەممىيلىك قىلىپ قويغان ھېلىقى ئەينەك يۇلتۇز ئادىمى مېھمانخانىغا ئىككىنچى كەلمىدى، ئۇ ھېلىقى نۆۋەت يەر شارى ئادەملىرى بىلەن ئۇچۇق-يورۇق پاراڭلىشىپ قويغىنى ئۈچۈن خېلى يۇقىرى بەدەل تۆلىگەن بولسا كېرەك.

يەر شارى ئادەملىرى بىرنەچچە شەھەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، بۇ شەھەرلەرمۇ ھېلىقى بىرنەچچە مۇھىم شەھەرگە ئوخشاش چۆلدەرەپ تۇراتتى. ئۇلار يەنە ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىغان بەزى زاۋۇتلارنىمۇ ئېكسكۇرسىيە قىلدى، بىرمۇنچە ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئارىسىدىن تېخى يېقىندىلا ياسالغان بەزى يېڭى ماشىنىلارنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى، ئەمما، ماشىنىلارنىڭ كۆپىنچىسى كونا، دات بېسىپ كەتكەن ماشىنا-ئۈسكۈنىلەر ئىدى.

يېڭى ماشىنىلارمۇ ئىشلەپچىقىرىلامدۇ، دەپ سورالغاندا، ئەينەك يۇلتۇز ئادىمىنىڭ مەسئۇلى بولغان بىرەيلەن بىر ھازاغىچە پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق، مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— بىزنىڭ بۇ يەردە تۆرلۈك ساھەدىكى كەشپىياتچىلار، ھازىرقى ھالەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار چىداپ تۇرالماي، ھەممىسىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىدۇ. مەسىلەن: سانائەتتە يېڭى مەھسۇلات لايىھىسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە مەلۇم ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن نەچچە ئون يىللاپ ۋاقىت

كېتىدۇ، ئۇلار بۇنــداق قىلىشــنى ياقــتۇرمايــدۇ، بۇ ھال ئۇلارنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىغا دەخلى يەتكۈزىدۇ.

بىر سوئال ئىنچىكە تۇردە رومىنىڭ تىلىنىڭ ئۇچــىغا كېلــۋالغان بولىسمۇ، رومى بۇ سوئالنى قانداق قىلىپ ھەمراھ بولغۇچى خادىم-لارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويماي ياكى ئۇلارنى تەڭلىكتە قويماي سورىغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي يۈرەتتى. ئۇ: ھەمراھ بولغۇچى خادىمــلار ھازىرقى ۋەزىــيەتكە قانــداق قارايــسلەر؟ ســلەر دەل مۇشۇنــداق ۋەزىيەتــنىڭ كاساپىتــدىن ئەينەك يۈلتۈزدىــكى مەدە-نىيەتنىڭ چېكىنىــپ كەتكەنلىكــنى، يوقىلىــش دەرىجىســگە بېرىــپ يەتكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىڭلارمۇ؟ دەپ باقماقچى ئىدى.

ئۇ يولداشلىرى ۋە ئەترەت باشلىقى بىلەن مەســلىھەتلەشكەندىن كېيىن، بۇ مەسىلىنى مۇۋاپىق پۇرسەت تېپىپ سوراپ بېقىش قارارىغا كەلدى.

بۇنداق پۇرسەت ئاخىر كەلدى. بۇ ئىــش ئىنــتايىن چوڭ دەرەپ كەتكەن كىچىــك بىر شەھەردە يۈز بەردى. شەھەرنىڭ مەركىزىــي مەيدانىغا ئادەتتىكى ئېلېكتر چىرىغى ئەمەس، پۇرقىراپ ئىس چىقىپ تۇرىدىغان مەشئەلــلەر يېقىلغانــكەن. ئەينەك يۈلــتۇز ئادىــمى يەر شارىــدىن كەلــگەن مېھمانــلارنى بىر بــنادا ئۆتكۈزۈلــگەن مۇزىكا يىغىنىغا قاتنىششقا تەكلىپ قىلدى. بۇ بىنا يەر شارىدىكى قەدىمقى تىياتىرخانــلارغا ئوخشاپ كېــتەتتى، ئەمما تىياتىرخـــانا ئىچىدىكى تاماشىبىنــلار قاتار كەتــكەن رەتلىــك ئورۇندۇقــلاردا ئەمەس، ھەر بىرى بىر ئايرىم مەخسۇس ئورۇندا ئولتۇراتتى، مەخسۇس ئورۇندا ئولتۇرغاندا تاماشىبىنلار بىر-بىرىنى كۆرەلمەيتتى، گويا ئارتىسلار بىلەن يۈزمۇ يۈز ئولتۇرغاندەك بىلىنەتتى. مۇزىكا ئولتۇرۇشىدا چال-

غوچىلارنىڭ ئادىمى كۆپ ئەمەس ئىدى، ئاران سەككىز نەپەر ئەينەك يۇلتۇز ئادىمى ئېتى نامەلۇم بولغان بەزى چالغۇلارنى چالاتتى.

يەر شارىدىن كەلگەن مېھمانلار ئەمدىلا ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئورۇن ئېلىشىغا زالدا بىر خىل غەلىتە قايغۇلۇق مۇزىكا ساداسى ياڭرىدى. بۇ مۇزىكا بەزىدە كىشىدە مۇزىكانتلار چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن پايدىلىنىپ تاماشىبىنلارنىڭ ئۆزىدىن سادا چىقىرىۋاتامدۇ نېمە دېگەن ئويىنى پەيدا قىلاتتى، توغرىراقىنى ئېيتقاندا، تاماشەبىنلاردا ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، ئۇلاردا قايغۇ پەيدا قىلغانىدى. ئەمما بۇ مۇزىكىنىڭ ئۆزى خېلى يېقىملىق ئىدى.

مېھمانخانىغا قايتىپ كېتىۋېتىپ، ئادەتتە جىمغۇر بىر ئەينەك يۇلتۇز ئادىمى بىردىنلا:

— سىلەر بۇنداق مۇزىكىنى ياقتۇرامسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

رومى بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— مۇزىكا بەكمۇ ياخشى ئىكەن... ئەمما، مېنىڭچە، بۇ مۇزىكا سىلەرگە ئۆتمۈشنى ئەسلىتىپ قويغانىدەك قىلىدۇ... بۇ مۇزىكىغا ئۆتمۈشنى سېغىنىش ھېسسىياتى سىڭدۈرۈلگەن. ئۇ چاغلاردا، سىلەرنىڭ بۇ يەردە ئىجادىي تۇرمۇش قايناپ تۇرغانىكەن. ئەينى يىللاردا يۇلتۇزىڭلاردىكى ئاھالىلەر ئۆلۈۋېلىشنى خالىمايدىكەن. ئۇلار يېڭى شەھەرلەرنى قۇرۇپ، يول ياساپ، يېڭى ماشىنىلارنى كەشىپ قىلىپ، زاۋۇتلارنى سالغانىكەن، كېلىچەككە تەلپۈنەر ئىكەن. ئۇلار كېلىچەكتىكى تۇرمۇش بەختلىك، ئەركىن، ھاياتى كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان تۇرمۇش بولىدۇ، ھەرگىز بۈگۈنكى كۈندىكىدەك... بولمايدۇ دەپ قارايدىكەن. ئەجەبا، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ھېچكىم ھازىرقى تۇرمۇشنىڭ چىن تۇرمۇش ئەمەسلىكىنى سەزمىدىمۇ؟



www.uyghurkitap.com

ھېلقى ئەينەك يۇلتۇز ئادىمى رومىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى جىممىدە ئاڭلىدى ۋە مېھمانخانىغا كىرىپ كېتىۋاتقاندىلا مۇنداق دېدى:

ــ مەن سىزنىڭ بۇ سۆزلىرىڭىزنى ئالاقىدار تارماقلىرىمىزغا يەتكۈزۈپ قويىمەن.

ئىككىنچى كۈنى سەھەردە، يەر شارى ئادەملىرى ئەينەك يۇلتۇز ھۆكۈمىتىنىڭ يەر شارىدىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ مەزكۇر يۇلتۇزدا تۇرۇشىنى ئەمدى بولدى قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە چۈشۈرگەن ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى.

تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشلىقى بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بۇ يۇلتۇزنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھېچبىر جاۋابى بولمىدى.

ــ بىزنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشىمىز نېمە ئۈچۈن بولدى قىلىندۇ؟ ــ دەپ سورىدى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشلىقى يېنىدىن كەلگەن ئەينەك يۇلتۇز ئادىمىدىن.

ــ چۈنكى سىلەر بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ ماھىيىتىنى ئىگەللىمەكچى بوپسىلەر، ــ دەپ جاۋاب بەردى ئەينەك يۇلتۇز ئادىمى دۇدۇقلىماستىن، ــ ھالبۇكى بۇنداق قىلىش بۇ يۇلتۇزىمىزدا مۇتلەق مەنئى قىلىنىدۇ! سىلەر ئالەم كېمەڭلەرگە چىقىپ، بىزدىن ئايرىلىشىڭلار كېرەك.

ئۇنىڭ بۇ ئەلپازىدىن ئۇنى قايىل قىلىشقا ھەرىكەت قىلىپ بېقىشنىڭ ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەر بىلەن سۆھبەتلىشىش ھەققىدە ئىلتىماس قىلىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدىغانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى. ئۇ ئوڭشالماس ماشىنىغا ئوخشاش، ئىنتايىن

www.uyghurkitap.com

كاجلىق بىلەن توختىماي مۇنۇلارنى تەكرارلىدى:

— سىلەر ئۆزەڭگىلەرنىڭ ئالەم كېمىسىگە چىقىڭلار، بىزنىڭ يۇلتۇزىمىزدىن كېتىڭلار...

بۇنىڭغا ئىتائەت قىلماي بولمىدى. چۈنكى بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئاللىبۇرۇنلا: باشقا پلانېتىلارنىڭ مەدەنىيىتىگە دائىر ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىششقا بولمايدۇ، باشقا پلانېتىدا تۇرۇشنى زورمۇزور تەلەپ قىلماسلىق كېرەك، دەپ ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغانىدى.

يەر شارى ئادەملىرى ئۆزلىرىنىڭ ئالەم كېمىسىگە قايتىپ كېتىشتى، ئالەم كېمىسى ئەينەك يۇلتۇزنى ئىككى قېتىم ئايلىنىپ ئۇچقاندىن كېيىن، قوياش سىستېمىسىغا قاراپ ئۇچىدىغان يۆنىلىشنى تازا ئوبدان توغرىلاپ، يەر شارىغا قاراپ ئۇچۇشقا باشلىدى.

ئەينەك يۇلتۇزغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ تەرجىمە ئورگىناللىرى رومى شاخىنىنىڭ شىرەسىگە يېيىۋېتىلگەن بولۇپ، يولداشلار يىغىلىپ بولسىلا يىغىن باشلىناتتى.

— ئۇنداقتا، — دېدى رومى چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ، — ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇنداق مەدەنىيەت بىرمۇنچە جەھەتلەردە يەر شارىدىكى مەدەنىيەتكە ئوخشاپ كېتىدىكەن، فىزىكىلىق شەكىل ۋە تەرەققىيات كۆرسەتكۈچ سىخېمىسىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئىككى مەدەنىيەتنى نۇرغۇن جەھەتلەردە بىردەك دېيىشكە بولىدۇ. ئەينەك يۇلتۇز ئادەملىرى يەر شارىمىزنىڭ 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە يەتكەن... ئەمما كېيىن چاتاق چىققان، قارا تىلسىمىز بويىچە ئېيتقاندا، مالىماتاڭچىلىق بولغان. يىغىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ باش ھېسابلاش ماشىنىمىز ئەينەك

يۇلتۇز ئادەملىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە دۆگىدىن پەسكە كېتىۋاتقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ھازىر تېخى بىز پەقەت ئاساسىي سەۋەبىنىلا بىلىۋالدۇق. دىققەت قىلىڭلاركى، بۇ يەردە مۇنداق دېيىلگەن. بۇنىڭ سەۋەبى بۇ يۇلتۇزدا ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە، ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئىجتىمائىي جەھەتتە ھەتتا ئاھالىلەرنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى جەھەتتە بىر يۈرۈش ئىنتايىن بىمەنە ھەرىكەت مىزانلىرى تۈزۈلگەنلىكى ھەمدە شۇ ئارقىلىق خىلمۇخىل شەكىلدىكى تۇرمۇش قېلىپلاشتۇرۇلغان، بۇيرۇقۋازلىق سىڭدۈرۈلگەن تۇرمۇشقا ئايلاندۇرۇپ قويۇلماقچى بولغانلىقىدىن ئىبارەت.

— مۇنداقكەن-دە! — دېۋەتتى تەيبالېي.

— بۇنىڭ نېمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى مەن بىلىمەن! ئەينى يىللاردا يەر شارىدا كىشىلەر كۆپ ئۇچۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئاخىر بۇ نەرسىدىن قۇتۇلغان!

— بۇ نەرسە زادى نېمە دەپ ئاتىلىدۇ؟

— بيۇروكراتلىق.

— گاڭگىراپ قالمىغانسەن؟ بيۇروكراتلىقمۇ راسا راۋاجلىنىۋاتقان مەدەنىيەتنى بوغالامدۇ؟! — دەپ سورىدى چۇركوۋ سەل ئىشەنمەي.

— ئەپسۇسكى، ئەھۋال دەل شۇنداق، — دېدى رومى گەپنى تارتىۋېلىپ، — مەنمۇ ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىمىزنىڭ دەسلەپكى يەكۈنىگە قوشۇلۇشقا مايىلمەن.

بۇ چاغدا كۆپچىلىك ئالەم كېمىسى يىراقلاپ كەتكەن، ياپپېشىللىق قاپلىغان ھېلىقى يۇلتۇزدا قېپقالغان ئادەمسىمان ھايۋانلارغا بىردىنلا ھېسداشلىق قىلدى ۋە ئېچ ئاغرىتتى. ئەمدى ئالەم كېمىسىدىكى ئەڭ چوڭ دۇربۇن بىلەن قارىغاندىمۇ بۇ يۇلتۇزنى كۆرگىلى بولمايتتى.

كۆپچىلىكنى بىردىنلا تىترەك بېسىپ كەتتى، چۈنكى ئۇلارغا يەنە ھېلىقى مۇزىكا، يىراقلاردا قالغان يۇلتۇزدىكى، زاۋال تاپقان ھېلىقى كىچىككىنە شەھەردىكى ئەينەك يۇلتۇز ئادەملىرىدىن بولغان چالغۇچىلار ئورۇنلىغان مۇزىكا ئاڭلانغانىدى. بۇ مۇزىكا كىشىگە ئەينەك يۇلتۇز ئادەملىرى بىلەن ئۇچرىشىش ۋە خوشلىشىش ۋاقتىدىكى ئەھۋالنى، ئۆلۈپ كەتكەن ئەقلىي قېرىنداشلارغا ئىچ ئاغرىتىش ۋە ھېسداشلىق قىلىش ئەھۋالىنى ئەسلەتتى.

مۇزىكا توختاپ، بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن، رومى مۇنداق دېدى:

— بۇ مۇزىكىنى مەن ئاۋازغا ئېلىۋالغان...

ئالەمدىن يىراقتا قالغان ئەينەك يۇلتۇزدىكى قايغۇنىڭ ئورنىنى بارا-بارا يەر شارىغا قايتقاندىن كېيىنكى خۇشاللىق ئالدى.

ئالەم كېمىسى سەھرايى كەبىر چۆلىگە جايلاشقان ئالەم كېمىسى پورتىغا چۈشۈشنىڭ ئالدىنقى كۈنى كېچىدە، ئالەم كېمىسىنىڭ ھەممە يېرىگە تەكشۈرۈش ئەترىتى باشلىقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

"بارلىق پەن تەتقىقاتى خادىملىرى دوكلاتنى تەييارلاپ قويۇڭلار، ھەر بىر خىلى ئۈچ نۇسخىدىن بولسۇن، قوشۇمچە نۇسخىسىنى ئوبدان سېلىشتۇرۇپ چىقىڭلار! بارلىق ئۇچقۇچىلار شەخسىي گۇۋاھنامەڭلەرنى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالىڭلار توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشۇڭلارنى تەييارلاپ قويۇڭلار! تېخنىك خادىملار ئىنتىرگوچنىڭ ئەھۋالىغا ۋە خەۋەرلىشىش سىستېمىسىنىڭ ئىشلەش ئەھۋالىغا دائىر ھۆججەتلەرنى تەييارلاپ قويۇڭلار..."



www.uyghurkitap.com

تەكشۈرۈش ئەترىتى ئەزالىرىنىڭ قەلبىدە خۇشاللىق دولقۇنى مەۋج ئۇراتتى، چۈنكى ھازىر ئۇلارنى ئۆز ئۆيىگە، ياپپېشىللىققا پۈركەلگەن سۆيۈملۈك يەر شارىغا يېتىپ كەلدى دېيىشكە بولاتتى!

(«ھازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتى»
ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن)

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان سابىت**

**تەرجىمە مۇھەررىرى: رېيىمجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كۆيمەس چاتقال*

## بورىس ۋاسىلىيېۋ

ئۇ بالىلىق بولغان ئەمەس.

ئۇ ئۈچ قېتىم يارىلىنىپ (ئىككى قېتىم يېنىك، بىر قېتىم ئېغىر) ئىچىدىن زەخمە يېگەنىدى، ئۇنىڭغا يەنە ئىككى قېتىم شامال دارىغانىدى. ئۇ ئۈچ ئوردېنغا — ۋەتەن ئۇرۇشىدا 1-دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسىتىپ بىر ئوردېنغا ۋە ئىككى قىزىل يۇلتۇز ئوردېنىغا ئىگە بولغانىدى. ئۇ ئۈچ مېدالغا — ئىككى دانە قەھرىمانلىق مېدالىغا، ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسىتىپ بىر مېدالغا ئېرىشكەنىدى. ئۇ يەنە ھەر خىل ئىزناكلارغا ئېرىشكەنىدى، ئۇنىڭ ۋەتەن ئۇرۇشىدا مېيىپ بولغان ھەربىي دېگەن كىنىشكىسىمۇ بار ئىدى، ئۇ يەنە غەلىبىنى خاتىرىلەش كۈنلىرىدە ھەربىيچە كىيىنىش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە ئىدى. بىر يۇرۇش ئىككى ئېغىزلىق ئۆيلەردە ئۇنىڭ بىر ئېغىز ئۆيى، بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرىدەك يېقىن قوشنىلىرى بار ئىدى، ئۇنىڭ يېنىدا بۇ يۇرتقا كېلىپ ماكانسىز قالغان ئوقۇغۇچى قىز تونىچكا تۇرغانىدى.

ئانتونىنا فېدوروۋنا ئۇۋانىشنا بالىلىق بولغان ئەمەس. دۇرۇس،

* بۇ پوۋېستىنىڭ ماۋزۇسى «ئىنجىل» دىكى ”كۆيمەس چاتقال“ دېگەن گەپتىن كەلگەن، بۇ يوقاتقىلى بولمايدىغان، مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان نەرسە دېگەن مەنىدە.

بىر قېتىم ئۇنىڭ قورسىقىدا يېڭى بىر جان تۆرەلگەن، شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۆزىنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلغان، ئەمما ئۇ ئارقا سەپكە قايتۇرۇلۇپ، سۆيگىنىدىن تولىمۇ يىراق ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن بۇ ئىشنى بۇ يېڭى جاننى بېغىشلىغان سۆيگىنىگە ئېيتىشتىن باش تارتقان، بىراق ئۇنىڭ ئويلىغانلىرى بىكار بولۇپ، ئۇلار بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى، بىر تال ئوق ئۇلارنى رەھىمسىزلەرچە ئايرىۋەتكەن. ئۇنىڭ تۇنجى مۇھەببىتى ئاشۇنىداق توزۇپ كەتكەن، ئۇنىڭ ھەممە ئارزۇ-ئىستىكى كۆپۈككە ئايلانغانىدى. ئۇ قانغۇچە يىغلىۋالغاندىن كېيىن دوختۇرنى ئىزدەپ بارغانىدى.

— ئوپېراتسىيە قىلىپ بالىنى ئېلىۋېتىڭ.

— ئىۋانشىنا جۇڭگۇېي، سىز ئوبدان ئويلىنىپ كۆرۈڭ...

— مەن تۇغمەن دەپ يۈرمەي، جەڭ قىلىشىم كېرەك، جەڭ قىلىش جەھەتتە مەن خېلى ياخشى تەربىيىلەنگەن.

— ئانتونىنا، بىلىشىڭىز كېرەككى، بۇنداق قىلىش سىزنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىڭىزغا خەۋپ يەتكۈزىدۇ. سىز ئايال، بالا تۇغۇش، بالا بېقىش سىزنىڭ مەجبۇرىيىتىڭىز.

— بالا تۇغۇش مەجبۇرىيەت ئەمەس، بۇ بىر فىزىئولوگىيىلىك ھادىسە، مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم قۇربان بېرىش، ھېچكىم ئۆلۈمنى خالىمىغان چاغدا بېرىپ ئۆلۈش.

ئەگەر 4-ئايدا سازلىقتىكى ھېلىقى ئىش يۈز بەرمىگەن بولسا، ئىش مۇنداقمۇ بولمايتتى. ئۇ سازلىقتا بىر كېچە-كۈندۈز تۇردى، ئۇ يارىلانمىغان، بىر يېرى بىرنېمە بولمىغان بولسىمۇ، ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن پۈتۈن بەدىنى ئاغرىپ، قىزىتمىسى ئۆرلەپ بالىنىستىتا يېتىپ قالدى. ئۇ ھەم ياللۇغلانغان، ھەم چارچاشتىن

www.uyghurkitap.com

زەخملەنگەن بولۇپ، نۇرغۇن دورا يېدى.

— ساقىيىشىڭىزدىن ئۈمىد بار، ئىۋانشىنا. سىز داۋالىنىشىڭىز كېرەك، بۇنىڭدىن كېيىن تۇرمۇش تەرتىپىگە دىققەت قىلىڭ، ساناتورىيىدە يېتىپ داۋالىنىڭ. كېسەلگە قارشى كۆرەش قىلىش كېرەك.

— بۇ كېسەلنىڭ نېمە بولىدىغانلىقى كېيىن مەلۇم بولىدۇ، يولداش شاڭشياۋ. ھازىر ئالدى بىلەن جەڭگە چىقىشىم كېرەك.

يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ يەنە بىر قېتىم سىلكىنىشتىن زەخمە يېدى. تاشتەك قۇرۇق ھەم قاتتىق بىر پارچە داڭگال ئۇدۇل ئۇنىڭ غولىغا چۈشتى، شۇ چاغدا ئۇ ئېزىلىپ كەتكەندەك بولغانىدى. ئۇ شۇ ۋاقىتتىكى ئاغرىق ئازابىنى ھېلىغىچە ئۇنتۇمايدۇ. ئۇ ئۈچ سائەت ياتقاندىن كېيىن ئورنىدىن ئاران قوپقانىدى.

— ھۇررا، ئەزىمەتلەر، ھۇررا، قېرىنداشلار. بىزگە مۇشۇ ئېگىزلىكنى ئېلىشقا بۇيرۇق بەرسە، مەن چوقۇم ئالىمەن. قانداق، سىلاۋىيانلار، سىلەر بىر ئايالنىڭ ئوقلار ئاستىدا مۇشۇنداق شۇڭ-غۇشىغا قاراپ تۇرامسىلەر؟

ئۇنىڭ دېگىنى مۇتلەق كۈچكە ئىگە ئىدى. بۇنى ھەممەيلەن بىلىدۇ. يىڭجاڭ ئۇنىڭ لېيەننى قوشۇمچە لېيەن قىلىپ ئالماشتۇرۇۋې-تىشكە ئانچە قوشۇلۇپ كەتمىدى.

— بىزنىڭ تۇەندە ئىۋانشىنادىن باشقا ياخشى لېيەنجاڭ يوق، — دېدى تۇەنجاڭمۇ ئۇنىڭ بۇ قارارىنى قوللاپ.

لېكىن ھەممە ئىشنىڭ ئاخىرلىشىدىغان ۋاقتى بولىدۇ، ئۇرۇشمۇ شۇنداق، تىنچ مەزگىللەردە كۆڭلەك كىيگەن لېيەنجاڭلارغا ھاجەت چۈشمەيدۇ. كىشىلەرنى ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە قوزغاشنىڭمۇ ھاجىتى

قالمايدۇ، ھەممە ئەرلەر بىردىنلا ئىنتايىن باتۇر بولۇپ كېتىدۇ. 45-يىل 8-ئايدا پىيادە ئەسكەرلەر لىيەنسىنىڭ لىيەنجىڭى ئانتونىنا ئۇۋانشىنا شاڭۋېي يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، شەھەرلىك ھەربىي كومىسسارىياتقا ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. بۇ شەھەرمۇ ئۇرۇشنىڭ سىناقلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولۇپ، پۈتۈنلەي دېگۈدەك ۋەيران بولۇپ، كۆيۈپ تۈگىگەنىدى، قان-قېرىنداشلار، تونۇش-بىلىشلەرنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، ئۇلار بۇ ئالەم بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشقانىدى. شاڭۋېي ئۇۋانشىنا شەھەرلىك ھەربىي كومىسسارىيات جايلاشقان يەر ئاستى ئۆيىدە تۇردى. ئۇ كىيىم-كېچەك تەمىناتى ئۆلچىمى بويىچە ئىككى يوتقان، بىر ئەدىيال، ياستۇق قېپى ۋە بىر ياستۇق ئالدى. ئۇ ئورۇن-كۆرپىلىرىنى ئەتىگىنى ئاددىيغىنا خەت-چەك ئىشكاپىغا تىقىپ، كەچتە ھەربىي كومىسسارنىڭ شىرەسىگە (ئىشخانىدىكى شىرەلەرنىڭ ئەڭ چوڭىغا) سېلىپ ياتاتتى — ئۇ كېچىچە ئۇيان-بۇيانغا ئۆرۈلمەي بىر تەرەپكە قاراپ ياتاتتى. ئۇ چۈشىمۇ كۆرمەستىن ناھايىتى تاتلىق ئۇخلايتتى، ئۇرۇش جەريانىدا ئۇخلىيالماي كەم قالغان ئۇيقۇسىنى ئاستا-ئاستا تولدۇرۇۋالماقچى بولغاندەك قىلاتتى.

— ئانتونىنا، سەن نېمىشقا ئوقۇماي بۇ يەردە ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزۈپ يۈرىسەن؟

سېمىز ھەم كېلەڭسىز، چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن، ئاۋازى بوغۇق بۇ ھەربىي كومىسسار ئۆپكىسى ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدىلا ئوق تېگىپ تېشىلىپ كەتكەن ("سىلەرنىڭ ئۆپكەڭلار يېنىك①، —

① رۇس تىلىدا "ئۆپكە" دېگەن سۆز بىلەن "يېنىك" دېگەن سۆز ئاھاڭداش سۆز بولۇپ، قوش مەنىلىك سۆزنى ھاسىل قىلغان.

www.uyghurkitap.com

دەيتتى ئۇ دائىم چاقچاق قىلىپ، — لېكىن مېنىڭ قوغۇشۇن شۇرۇقتەك ئېغىر") بولغاچقا، ئالدىنقى سەپكە بارالمىغانىدى. شۇڭا ئۇ ھەمىشە قاپقىنى تۇرۇپلا يۈرەتتى، ئۇرۇشقا قاتناشقانلا كىشىلەرگە ئىنتايىن كۆيۈنەتتى.

— پات ئارىدا ھەربىي سەپتىن قايتىسەنغۇ دەيمەن، ئۇ چاغدا نەگە بارىسەن؟

— قۇرۇلۇشقا قاتنىشىمەن، يولداش شاۋشىياۋ. فاشىستلار ۋەتىنىمىزنى كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلىۋەتتى. ئوقۇتساڭلار ھەقىقىي قورال-ياراقتىن قورقىدىغانلارنى ئوقۇتۇڭلار!

ھەربىي كومىسسار ئۇھ تارتىپ قويدى، ئۇنىڭ ئانتونىنا بىلەن مۇنازىرىلەشكۈدەكمۇ ماغدۇرى قالمىغانىدى، ئۇ ماغدۇرىدىن قالغانىدى: ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى 1942-يىلى دون دەرياسىدا ۋەتەن ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى پىدا قىلغانىدى، كىچىك ئوغلىمۇ 1945-يىلى ئودېر دەرياسىدا قۇربان بولدى. ئانتونىنا ئىدىيە جەھەتتە ئۇرۇشنىڭ كىرىچىنى تېخى بوشاتمىغانىدى. ئۇ ھامان قايسىدۇ بىر تەرەپكە قاراپ ئېتىلماقچىدەك قىلاتتى، ئۇ تېخىچىلا گەلەپى شىم كىيىپ يۈرەتتى، كىچىسى تاپانچىسىنى ياستۇقىنىڭ ئاستىغا تىقىپ ياتاتتى.

— كىم؟ بولمىسا ئاتىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئۆكتەبرنىڭ قاپقاراڭغۇ بىر كېچىسى ئادىتى بويىچە ياستۇقىنىڭ ئاستىدىن تاپانچىسىنى ئېلىپ.

— ئۆز ئادەم. قورقۇپ كېتىپ ئوق چىقىرىۋەتمەڭ يەنە.

ئېلېكتىر چىرىغىنىڭ ئۆزچاتىدىن "جاق" قىلغان ئاۋاز چىقتى. ئانتونىنا ئىشىكتە دومبىسىگە قورۇق تورۋا ئارتىۋالغان بىر جۇڭۋېي خەۋەرچىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئۈچىسىغا كىيىۋالغان

يامغۇرلۇقىدىن يەرگە سىرغىپ سۇ چۈشۈۋاتاتتى.

— ئىشكىنىڭ ئىلغۇچىنى سىزنىڭ خورىكىڭىزمۇ ئېچىۋەتكۈدەك، يولداش شاگۇبېي.

بۇ ۋاقىتتا، ئانتونىنا يوتقان-كۆرپىلەر سېلىنغان شىرە ئۈستىدە ئولتۇراتتى، ئۇخلىغاندا ئۇ ئۆتۈك ۋە ھەربىي چاپىنىنى سېلىۋېتىپ، ئادىتى بويىچە ئوفىتسېرلەر كىيىدىغان كۆڭلەكتىلا كىيىۋالاتتى، ئۇ جۇگۇبېينىڭ ئۆزىنى يىگىت دەپ قاراپ قالغانلىقىنى دەرھال چۈشەندى.

— ۋالېنتىن ۋىلىيامىنوۋ جۇگۇبېيدىن دوكلات. پويىز ئىستانسىسى تىقما-تىقما بولۇپ كېتىپتۇ، كوچىدا يامغۇر يېغىۋاتىدۇ، شۇڭا، مېنىڭ سىزنىڭ يېنىڭىزدا يېتىپ قېلىشىمغا رۇخسەت قىلىشىڭىزنى سورايمەن.

ۋالېنتىن كېپىنى تۇگىتىپلا يامغۇرلۇقىنى سېلىپ ئىشىك ئالدىغا ئېسىپ قويدى، ئارقىدىن تورۋىسىنى ئانتونىنانىڭ يېنىدىكى شىرەگە قويدى، ئاندىن يەنە ئورۇندۇقلارنى ياتقۇدەك قىلىپ تىزدى.

— بۇ يەردىن بىرەر پەلتو تاپقىلى بولماسمۇ شاگۇبېي؟

— ئىشكاپتا، — دېدى ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ ئانچە خۇش ياقمىغاندەك، ئارقىدىنلا يەنە رەنجىگەندەك قىلىپ قوشۇپ قويدى، — بىراق مەن خورەك تارتمايمەن.

— ئوخشىتىپلا دەپ قويغان، — جۇگۇبېي پەلتونى ئېلىپ ئورۇندۇققا سالماقچى بولۇۋېتىپ نېمىشقىدۇ پەلتونى تۇتقىنىچە ئاجايىپ بىر غەلىتە ھالدا تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئانتونىناغا خۇدۇكسىرىگەن ھالدا قارىدى، ئارقىدىن دۇدۇقلاپ سورىدى:

— سىز...دېمەك سىز...

www.uyghurkitap.com

— چىراغنى ئۆچۈرۈڭ! — ئۇۋانشنا گەپنى تېزلا بۇرىۋالدى، ئاندىن ئۇ يۈزىنى ياستۇققا مەھكەم يېقىپ، كۆلكىسىنى ئاران بېسىۋالدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار تونۇشۇپ قالدى. جوگۇۋېي ۋىلىيامنوۋ نەدە خىزمەت قىلسۇن بەرىبىر، چۈنكى ئۇنىڭ بىرەر تۇغقىنىمۇ قالمىغانىدى، ئەمما ئۇ مۇشۇ شەھەرنى تاللىۋالدى، چۈنكى بۇ ئۇنىڭ سەپىدىشى تۇغۇلغان يەر ئىدى (بۇ يولداش ئۇرۇش ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا بەختكە قارشى قۇربان بولغان).

— ئۇ ئۇرۇشتىن ئىلگىرى پويىز ئىستانسىدىكى 27-قورۇدا ئولتۇرغان.

— ئۇۋانشنا سىنى باشلاپ بارسۇن، — دېدى ھەربىي كومىسسار، — سەن ئوفىتسېرلەر زاپاس ئەترىتىگە بېرىپ تۇرغىن، بىزنىڭ ئىشىكلىرىمىزنىڭ ئىلغۇچلىرىنى ئۈزۈش ھاجەت ئەمەس.

پويىز ئىستانسىسىغا بارىدىغان يولدا ئۇلار بىر-بىرىدىن ئەيمىنىپ گەپمۇ قىلىشماي ماڭدى. ئۇلار ئىككىسى ئايرىم تۇرغاندا يەنە بىرئاز قورۇناتتى، شۇنىڭ بىلەن ۋالىنتىن ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى توغرىسىدا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئانىسى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، دادىسى بولسا موسكۋا شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولۇپ، بۇ مەكتەپنىڭ 10-يىللىقىدىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەلق ئەسكەرلىرىگە قوشۇلۇپ كېتىپ قالغانىدى.

— مەن بارمىدىم دەڭ، — دېدى ئۇۋانشنا ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئېچىپ.

— ئۇلار مېنى قوبۇل قىلمىدى. مەن 1926-يىلى تۇغۇلغان،

شۇنىڭ بىلەن مەن چىقىپ كەتتىم، ئانام قالدى. ئانام شۇ ۋاقىتتا دادامنى قايتىپ كېلىدۇ دەپلا يۈرەتتى.

— 41 - يىلى ئۇلار قايتىپ كەلمىدى دەڭ.

— شۇنداق، ئۆزلىرى توغرا ئېيتتىلا.

— ئۆزلىرى؟ — ئانتونىنا پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى، — تونۇگۈن ئاخشاملا سىز تېخى كىچىك بالىغا ئوخشايتتىڭىز! ئىسمىڭىز بىرئاز...

— بىرئاز نېمە بوپتۇ؟

— بىرئاز... قىز بالىنىڭ ئىسمىغا ئوخشايدىكەن. ۋالە، ۋالېچكا. بىزنىڭ تۆەندىمۇ بۇرۇن ۋالېچكا دەپ بىرى بولىدىغان. مەسلىھەتچى دائىم ئۇنى بىللە ئەگەشتۈرۈپ يۈرەتتى. كېيىن مەن بۇ ئىشنى ھەربىي كومىتېتقا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن ئۇلارمۇ بولدى قىلغان.

ئەمەلىيەتتە، تۆەندە ۋالېچكا دېگەن بىرى بولغان ئەمەس، مەسلىھەتچىمۇ ھېچكىمنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرگەن ئەمەس، لېيەنجاڭ ئانتونىنا ئۇۋانىشنا ھەربىي كومىتېتقا بىرەر ئىشنىمۇ دوكلات قىلغان ئەمەس، بۇ ئادەمنى ئۇ يىراقتىن ئىككىلا قېتىم كۆرگەن. ئەمما ئۇ بىردىنلا لاتاپەتلىك ۋە ئەدەبلىك بۇ جۇگۇۋېينى ئۆزىگە جەلپ قىلىش نىيىتىگە كەلدى - دە، ئۇنى تېرىكتۈرمەكچى، كولدۇرلاتماقچى، بوزەك قىلماقچى، خاپا قىلماقچى بولدى.

— راست، شۇنداق بولغان، نېمە ئالىيسىز؟ مەن رەسمىي دوكلات يازغان، شۇنىڭ بىلەن ۋالېچكىنى ھەيدىۋەتكەن! قوغلىۋەتكەن!

— نېمە؟ ئۆزلىرىمۇ شۇنداق قىلغانمۇ؟ — ۋىلىيامنوۋ قەدىمىنى توختاتتى، — ئەگەر ئۇلار بىر - بىرىنى ياخشى كۆرگەن بولساچۇ؟ ھەقىقىي مۇھەببەت بولساچۇ؟ قىسقىسى، باشقىلارنىڭ شەخسىي

ئىشىغا ئارىلىشىپ...

— ئەمسە ئۇ ئابرويىمىزنى تۆكمىسۇن-دە! — ئانتونىنا ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈۋېتەمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەپ يۇقىرى ئاۋازى بىلەن كەلسە-كەلمەس يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلغىلى تۇردى، گەپلەر زەھەرلىك ئىدى ھەم ئويلىمىغان يەردىن چىقىۋاتاتتى، — بىز شۇ نېمە ئۈچۈنلا ئالدىنقى سەپكە چىققانىمىدۇق، پالاكەت كەلسە سىزنىڭ ئاشۇنداق ئادەملىرىڭىزدىن كېلىدۇ...

— مېنىڭ؟ — دېدى ئۇ ھەيرانلىق بىلەن پەس ئاۋازدا، — ئۇ قانداق مېنىڭ بولغاي؟ بۇ قانداق مەنتىقە؟

ئۇلار ئىمارەتمۇ يوق بىر ئوچۇقچىلىقتا تۇراتتى، ئۇ يەر ناھايىتى پاسكىنا بولۇپ، ئۈستى قالايمىقان تاشلانغان خىش، ئەينەك پارچىلىرى ۋە داتلاشقان تۆمۈر-تەرسەكلەر بىلەن تولغانىدى. ئانتونىنانىڭ تادانلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى تېخىچە جۇڭشۆيىغا تىكىلىپ تۇراتتى، ئەمما ئۇنىڭ ئاغزى بېسىلغانىدى، ئۇ ئۆزىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەندەك ھېس قىلدى.

— مەن زىيالىيلاردىن تويۇپ كەتتىم، — دېدى ئۇ لوڭگىدىلا، ئۇ جۇڭشۆيىنى يەنە بىر تەرەپتىن غىدىقلاش نىيىتىگە كەلگەنىدى.

— نېمىشقا؟ — دېدى ئۇ ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن ئىۋانشىناغا زەڭ سېلىپ قاراپ قويۇپ، ئىۋانشىنا بولسا ئۇنىڭ تېرىككىنىنى، چىچاڭ-شىشىنى، ئاغزىنى بۇزۇشىنى كۈتەتتى. — ئۇلار ئۆزلىرىگە بىلىم ئۆگىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ كېسەللىرىنى داۋالاپ قويغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ ئۆزلىرىگە كۆڭۈل ئاچىدىغان شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن-لىكى ئۈچۈنمۇ؟

— ئۇنىڭ نېمە ھاجىتى بار ماڭا، ماڭا ئۇلارنىڭ بىلىم ئۆگىتىشىنىڭ

ھاجىتى يوق، كېسىلىمنى داۋالاپ قويۇشىمۇ ھاجەتسىز. ئۇلارنىڭ ماڭا زۆرۈرىيىتى يوق. مەن ئۆزەم بىر ئامال قىلالايمەن. چارە تاپالايمەن.

— ئۆزىڭىز؟ ئۆزىڭىز؟ ئۆزىڭىز نېمە قىلالايسىز؟ سىزمۇ بىر ئەخمەقكەنسىز-دە.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا سەنتۈرۈلگەن پېتى ئۇدۇل خارابىلىققا قاراپ ماڭدى. ئانتونىنا لېۋىنى چىشلەپ، ئۆزىنى ئاران دېگەندە بېسىۋالدى، ئۇ جۇڭگۇيې تېپىلغاق خىش پارچىلىرى ئۈستىدە مېڭىپ ھارغاندىن كېيىن ئاندىن توۋلىدى:

— ۋىيېيەي، جۇڭگۇيې ۋالېنتىن! خاتا ماڭدىڭىز. سىز ئاۋۋال مەيەرگە قايتىپ كېلىڭ.

ئۇ توختاپ ئورنىدا تۇردى، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەنگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. كېيىن ئۇ بۇرۇلۇپ ئېچىنغان ھالدا:

— ئاجايىپ ئىش، نېمە بولدىڭىزكىنتاڭ سىز؟ ھەربىي كوممۇنىزم دەۋرىنىڭ قالدۇق ئىدىيىلىرى، — دېدى.

— سىز پويىز ئىستانسىسى كوچىسىنى ئىزدەيتتىڭىزغۇ؟ مانا شۇ كوچىغا كەلدۇق. مەنزىرىسى گۈزەلمىكەن؟ لېكىن سىز بىلىم تارقىتىش، كېسەل داۋالاش، كۆڭۈل ئېچىش شارائىتى يارىتىش دەپلا كەتتىڭىز.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار تونۇشۇپ قالدى، ئەپلىشىپ قالدى. ئۇلار بىللە خىزمەت قىلاتتى، ئەمما ھەر ئىككىسىلا پەقەت ئاخشىمىسى كۆرۈشۈشكە بولىدۇ دەپ قارايتتى، ئۇ ۋاقىتتا ھۆكۈمەت ئىشى تۈگەپ، پەقەت ئىككىسىلا قالاتتى، ئۇلار ئالدىرىماي-تېنىمەي پاراڭلىشىۋالاتتى، لېكىن ھەر قېتىمقى سۆھبەتتى مۇنازىرە ياكى

تالاش-تارتىش بىلەن ئاخىرلاشاتتى. بۇ كەچ كۈز پەسلىدە بولغان ئىش، يەر ئاستى ئۆيى ناھايىتى نەم ئىدى، ئانتوننا گەپمۇ قىلماي بېرىپ ئۆزىگە بىر كىرىسىن ئوچىقى، بىر چايدان تېپىپ كەلدى، قازاننىمۇ ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئۆزى توڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭۋېينى ئىسسىندۇرۇش كېرەك دەپ ئويلىدى؛ ئۆزى ئاچ بولسىمۇ، جۇڭۋېيغا ياڭيۇ شورپىسى قىلىپ بەردى — پەقەت جۇڭۋېي ئۈچۈنلا شۇنداق قىلدى. ئۇ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ پەش تارتماي رازىمەن-لىك بىلەن قىلاتتى، ئەمما ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەڭ مۇھىمى ئۆزئارا سۆزلىشىۋېلىش ئىدى.

— قۇربان بېرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ھەسرەت چېكىشتىن باشقا، ئۇرۇشتىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق نەرسە نېمە، بىلەمسىز؟ ئىنسان-يەت مەدەنىيىتىدىن مەھرۇم قېلىش، مەھرۇم قېلىشلا ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەتنى تۆۋەنلىتىش، ۋەيران قىلىشتۇر.

— بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئالدىنقى سەپتە نۇرغۇن قېتىم ئويۇن قويۇلدىغۇ، ئارتىسلارمۇ دائىم كېلىپ تۇراتتىغۇ، سىز مۇنداق دەيسىزا؟!

— ئويۇنغۇ مەدەنىيەتنىڭ بەلگىسى، مېنىڭ دېگىنىم ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى، بۇ مۇھىت بولمىسا، ئادەملەر ھايۋانلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. يۈرۈش-تۇرۇش جەھەتتىكى مەدەنى-يەت، بىلىم، تۇرمۇش ۋە بېرىش-كېلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەدەنىيەت، يەنى كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى مەدەنىيەت — مانا بۇلار ئۇرۇش بىزدىن تارتىۋالغان نەرسىلەر.

— ئەمىسە بىزنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى قىلىقلىرىمىز چەكتىن ئېشىپ كېتىپتۇ-دە؟ سىززە، ۋالېنتىن، ئاغزىمغا كەلدى دەپ

دەۋەرمەك جۇمۇ.

— ئۇنداق دېگىنىم يوق، تونە①.

— بولدى، سۆزلىمەك. ياڭيۇيىڭىزنى يەڭا ئىسسىقدا.

ئۇ سۆزلىگەچ، جۇڭگۇبېي ۋېلىيامسونۇغا ياڭيۇ ئېلىپ بەردى. ئۇ جۇڭگۇبېيغا ياڭيۇنىڭ ياخشىلىرىنى، مەززىلىكلىرىنى تاللاپ بېرەتتى. ئۇ جۇڭگۇبېيغا يەيدىغان نەرسە قىلىپ بېرىشنى، چاي قۇيۇپ بېرىشنى ياخشى كۆرەتتى، ھەتتا ئۇنىڭغا گەپ قىلىۋېلىشنىمۇ ياخشى كۆرەتتى.

— ھەممە ئادەم مۇتەخەسسىس، ئالىم بولۇپ كەتسە قانداق بولار؟

— بىلمەيمەن، ئەمما ناھايىتى ياخشى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. قاراڭ، ئەتراپىڭىزدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك، ئوقۇمۇشلۇق بولسا نېمىدېگەن ياخشى. بۇ بىز بىلىشكە تېگىشلىك قائىدە، تونە. ئۆزىمىزمۇ ئۆگىنىشىمىز، باشقىلارغىمۇ ئۆگىتىشىمىز كېرەك. سىزمۇ ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلماي بۇرۇن ئۆگەنگەنلىرىڭىز كالالىڭىزدا بار ۋاقتىدا بېرىپ ئوقۇۋېلىڭ. مەن سىزنىڭ يېتىشىپ كېتەلەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.

ھەربىي كومىسسار بىر نېمە دېمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۇ تونەنىڭ گەلەپى شىمنى تاشلاپ، يوپكا كىيىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— سىزگە بىر ئۆي كېرەك بوپتۇ، ئۇۋانىنا — دېدى ئۇنىڭغا ئايرىم.

— ئۆينى نېمە قىلىمەن...

① تونە — ئانتونىنانىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

دەسلەپتە ئۇ بۇرۇنقىدەكلا ئەلپازىنى بۇزۇپ گەپ قىلغانىدى، لېكىن بىردەمدىلا توختاپ قالدى. ئۇنىڭ يۈزى ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتكەنىدى. شاۋشياۋ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، ئۇنىڭ قىسقا چاچلىرىنى قېقىپ قويدى-دە، باشقا گەپ قىلمىدى. تونە شاۋشياۋنىڭ نۇرغۇن ئىشلارنى سېزىپ قالغانلىقىدىن خۇشال بولدىيۇ، بىرئاز ئىزا تارتىپ قالدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئوفىتسېرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارىنىڭ كەملىكىدىن، كىچىككىنە ئىشلارغىمۇ قىزىرىپ كېتىدىغانلىقىدىن ئاغرىناتتى.

بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن پېشقەدەم ھەربىي كومىسسار ھەربىي سەپتىن چېكىندى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىلا ئۇ ھەممە ئىشنى توغرىلاپ قويغانىدى. بۇ ۋاقىتتا رېمونت قىلىش، تۈزەشتۈرۈش نەتىجىسىدە، شەھەردە بىر قىسىم ئۆيلەر ئەسلىگە كەلگەنىدى. بۇرۇن لېيەنجاڭ بولغان شاگۇبېي ئىۋانشىنانىڭ كېسەلچانلىقى، كۆرسەتكەن خىزمىتى، مۇكاپاتلانغانلىقى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىشى نەزەرگە ئېلىنىپ، ئۇنىڭغا تېزلا ئۆي تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. ئۇ ئۆي گۇۋاھنامىسىنى ئېلىپلا ئالدىراپ-تېنەپ ئوفىتسېرلەر زاپاس ئەترىتىنىڭ ياتىقىغا ئۇسسۇپ كىردى. بۇ ۋاقىتتا، جۇگۇبېي ۋالېنتىن ۋىلىيامنوۋ ئۆزىنىڭ ئاددىيغىنا لاقا-لۇقىلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئىۋانشىنانى گەپ قىلغىلىمۇ قويماستىن بېرىپ قىزغىن قۇچاقلىدى، تەلۋىدەك سۆيۈپ كەتتى، قۇچاقلاپ پىرقىراتتى. ئىۋانشىنانىڭ كۆڭلى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى — گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى: چۈنكى بۇ ئۇنىڭ ئىۋانشىنانى بىرىنچى قېتىم قۇچاقلىشى، بىرىنچى قېتىم ئوتلۇق سۆيۈشى، بىرىنچى قېتىم قۇچاقلاپ پىرقىرىتىشى...ئىدى.

— سەن، سۆيۈملۈكۈم تونىچكا شاگۇنى، مەن سۆيگىنىمنى ئەمدى تاپتىم. ئۇ قايتىپ كەپتۇ، ئۇ مېنى كۈتۈۋېتىپتۇ. ئۇ مېنى كۈتۈۋاتىدۇ، تونىچكا!...

ئۇۋانشىنا بېشىدىن بىر چىلەك سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك بىردىنلا شۈركۈنۈپ كەتتى. بۇ تۇيۇقسىز زەربە ئۇنىڭغا شۇنداق قاتتىق تەسىر قىلدىكى، ئۇ بۇ ئەلەمگە چىدىماي ۋارقىراپ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، ئۇ قولىدىكى ئۆي گۈۋاھنامىسىنى بىر يەرگە قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشتى:

— ئۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. سىز مېنىڭ، سىز چوقۇم بېرىشىڭىز كېرەك. مەنمۇ كېتىمەن. مەن سىز بىلەن خوشلاشقىلى كەلگەن. مەن ئېرىمنىڭ يېنىغا كېتىسەن. شۇنداق، مېنىڭ ئېرىم بار، — دېدى ئۇ زورىغا كۈلۈمسىرەپ.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ بولۇپلا چىقىپ كەتتى. ئۇ ھەربىي كومىسسار ئۆزىنىڭ بەختى ئۈچۈن چېپىپ يۈرۈپ تېپىپ بەرگەن بۇ ئۆيدىن بىر ھەپتىگىچە چىقمىدى. قوشنىلىرى ئۇنىڭ يېڭى ئۆيگە كۆچكەنلىكىنى مۇبارەكلەپ كەلگەن، ئىشىكنى چەككەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدىكى پەلتونىڭ ئۈستىدە زوۋان سۈرمەستىن يېتىۋەردى. ئۇ ئۆيىدە يەتتە كۈن ياتتى، يەتتە كۈنگىچە ئازراق سۇ ئىچكەندىن باشقا ھېچنېمە يېمىدى. ئۇ يۈرىكىنىڭ ئەلەملىك سوقۇۋاتقانلىقىنى زەڭ قويۇپ ئاڭلاپ، ئۇمۇرتقىسىنىڭ، ھېلقى تاشقا ئوخشاش قاتتىق بىر پارچە توڭ توپا چۈشۈپ كەتكەن يېرىنىڭ بىلىنەر-بىلىنمەس ئاغرىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ياتتى. ئۇ ئۆيدىن چىققان ۋاقىتتا بۇ يارا تاتۇق بولۇپ قالغانىدى، ئۇ چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن مۇنداق بىر پولاتتەك قائىدىنى بىلىۋالدى، ئەمدى ئۇ بۇنىڭغا

قەتئىي ئىشىنىدۇ: ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا، مۇھەببەت دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، ھەم مەڭگۈ بولمايدۇ. تۈگىدى، بۇ مەسىلە شۇنىڭ بىلەن تەلتۆكۈس تۈگىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ھەربىي سەپتىن چېكىنىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

— سىز ئەمدى نېمە قىلماقچى بولۇۋاتىسىز، ئانتونىنا فىدوروۋنا؟

— ئوقۇيمىكىن دەيمەن. سىرتتىن ئوقۇتۇش مەكتىپىگە ياكى كەچكۈرسقا كىرىپ ئوقۇيمەن.

— ئاسان ئەمەس ـ تە.

— جەڭ قىلىشتىنمۇ تەس بولماس، — دېدى ئانتونىنا سوغۇققىنا، ئۇنىڭ گەپلىرى ئادەتتىكىدەك چىققان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى كەسكىن ئىدى، — بىز قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ كېتەلەيمىز.

— ئۇنداق دېمەڭ، — شەھەرلىك كومىتېتنىڭ شۇجىسى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى، ئانتونىنا ھەربىي سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنىدى، — پېداگوگىكا شۆبىسىدە ئوقۇشنى خالامسىز؟ ياخشى، ئەمما شۇنداق قىلىشتۇق ـ ھە، داشۆ ئوقۇغۇچىسى بولىسىز ـ دە، ئەمدى، خىزمەت توغرۇلۇق...

— كەلگۈسىدە ئوتتۇرا مەكتەپكە بارىمەن، بۇنى دېيىشىپ قويغان. ئوتتۇرا مەكتەپتە پىئونېرلار ئەترىتىگە تەربىيىچى، قوشۇمچە ھەربىي يېتەكچى بولۇپ ئىشلەيمەن.

— ھەربىي يېتەكچى، — شەھەرلىك كومىتېتنىڭ شۇجىسى كۈلۈپ قويدى، — يەنە ھەربىي يېتەكچى بولىمەن دەپ يۈرەمسىز، ئىۋانىشنا؟ ئۇرۇش ئاخىرلاشتى، تۈگىدى، كەلمەسكە كەتتى.

— ياق، — دېدى ئۇ، — سىز ئۇرۇشنىڭ قاچان ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ بومبا ئاستىدا ياتقاق غاجىغانلارنىڭ ھەممىسى

ئۆلۈپ تۈگىگەندە، ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى ئاندىن ئاخىرلاشقان بولدۇ.

ئوقۇش ناھايىتى جاپالىق بولدۇ، باشتىلا شۇنداق بولۇپ قالماستىن، پۈتۈن ھايات مۇساپىسىدە شۇنداق بولدۇ، ئۇنىڭ بىلىمى ئۇرۇش داۋامىدا ھاسىل بولغان، زور تىرىشچانلىقلار بەدىلىگە كەلگەن، ئۇ بىلىم ئۈچۈن تۆلىگەن قىممەتلىك بەدەللىرىنى ھەر ۋاقىت ئېسىدە تۇتاتتى. بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر چوڭ بەخت ئىدى، چۈنكى ئۇۋانشىنا شاگۇيى تىنچ تۇرمۇش شارائىتىدىمۇ ئىگەللىۋالغان ئېگىزلىكتىن پەسكە قاراپ سىيرىلمەي، بەلكى چىشىنى تېخىمۇ چىڭ چىشلەپ، بوشاشماستىن يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتاتتى. قىيىنچىلىق ئۇنى بوشاشتۇرۇپ قويالمىدى، بەلكى ئۇ تېخىمۇ قەيسەر بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تالانتىغا ئىشەنمىسىمۇ، كۈچىگە ئىشىنەتتى. تىرىشچانلىق تالانتتىنمۇ مۇھىم، چۈنكى كۈچلا سەرپ قىلىنسا ھامان ئۈنۈم ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئىسپاتلانغان، شۇنداقلا ھۆكۈم بولۇپ قالغان سۆز.

— تونە، ئاخشاملىققا تانسىغا بارايلى، بولامدۇ؟

— ياق، يۇرا، مەن بارالمايمەن. بىر يەرنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم، كىتاب كۆرمىسەم بولمايدۇ.

— ھە، يىللىق دىسسېرتاتسىيە يازغىلىمۇ؟ ساڭا بەش مىنۇتتىلا ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ قويىمەن!

— يۇرا، ماڭا سېنىڭ چۈشەندۈرۈشۈڭ كېرەك ئەمەس، مەن ئۇنى ئۆزۈم چۈشىنىۋېلىشىم كېرەك.

پېداگوگىكا شۆيۈەنىدە ئوقۇۋاتقىنىدا، ئۇنىڭغا ئىككى يىگىت تەلەپ قويغانىدى، ئۇ ھەر ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتىنى رەت قىلدى،

www.uyghurkitap.com

ئائىلە تۇرمۇشىنى، ئاياللار ئېرىشىشكە تېگىشلىك بەختنى رەت قىلدى. ئۇ ھەمىشە دەرھال گېپىنى بۇراپ، ئۆزىنىڭ قايسى نەرسىلەرنى چۈشىنەلمىگەنلىكى، قايسى جايلاردا ئورۇنلاشقا، چۈشىنىۋېلىشقا يادلىۋېلىشقا تېگىشلىك قانداق نەرسىلەرنىڭ بارلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ كېتەتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئويلاۋاتقىنى تامامەن باشقا بىر ئىش ئىدى. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى ۋىليامىنوۋ جۇڭۇۋېي ۋە ئۇنىڭ كۈتۈلمىگەندە قايتىپ كەلگەن بەخت قۇشى ئىدى. يەنە 4- ئايدا سازلىقتا بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى ۋە ئومۇرتقىسىنىڭ ئىچىدىن زەخمە يېگەنلىكىنى ئويلايتتى. بۇلارنى ئۇ ئۇنتۇمىغانىدى. شۇڭا ئۇ ئەمدى ھەممە نەرسەم تۈگىدى، شەخسىي بەختىمدىن ئۈمىد قالمىدى دەپ قارايتتى.

ئەمما ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدارىنى بېسىش مۇمكىن ئەمەس، ئانتونىنامۇ ئۇنى باسماقچى ئەمەس، ئۇ ئەر يۈزى كۆرگەن، شۇڭا ئۇنىڭدا بۇنداق تەلەپنىڭ قوزغىلىشى تەبىئىي. ئۇ ئۆزى تاللىۋالغان كەسىپنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ھەر ۋاقىت ئېسىدە تۇتقاچقا، كافېدرادا لاپ ئۇرۇپ يۈرمەيدىغان كىشىلەر بىلەنلا ئارىلىشاتتى. بۇ پرىنسىپنى ئۇ قىلچە ئىمكانىيەت قالدۇرماستىن قاتتىق ئىجرا قىلدى، شۇ سەۋەبتىن ئۇ يېقىن يولىغىلى بولمايدىغان قىز، تەگكىلى بولمايدىغان قىز، قۇرۇق بولكا، ھەتتا قېرى قىز دەپ ئاتىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ھاردۇق يەتكەن تېنىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرغانلارمۇ ئۇنى قۇرۇق بولكا دەپ ھېسابلايتتى. چۈنكى ئۇ ئۆزى ئۈچۈن چىقارغان ”مۇھەببەت يوق“ دېگەن مىزانغا ئەمەل قىلاتتى، يۈرەكئالدى بولاتتى، يەنە مۇھەببەت رىشتىسىگە باغلىنىپ قالماي دەپ ئەنسىرەيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ:

— گەپ قىلساڭلار ئاستا قىلىڭلار، ياندا قوشنىلار بار. بەكرەك كۆلۈشىدىكەنسىلەر، دەرھال قوغلاپ چىقىرىمەن، ئۇقتۇڭلارمۇ؟ — دەپ بۇيرۇق چۈشۈرەتتى ئەرلەرگە.

ئۇنىڭ بۇنداق ئاتىكاچىلىقىغا ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى چىدىمىدى، چۈنكى ئۇلار بۇرۇن باشقىلارغا قوماندانلىق قىلغان، غەلىبە قىلىشىنىڭ ئالدىدا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مىڭ ئۆلۈپ، بىر تىرىلىپ دېگەندەك ئاران غەلىبىگە يەتكەن، ئۇلار ئىككى-ئۈچ كېچە دېگەننى چىداپ ئۆتكۈزەلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېمە دېسە ماقۇل دەيدىغان تەنناز ئاياللار كۆپ، ھايات قالغانلارنىڭ بىرىگە ئۇلاردىن يۈزى توغرا كېلىدۇ. تونەنى بۇ ئەرلەرنىڭ تۈيۈقسىز يوقاپ كەتكەنىگە خۇشال بولىدۇ دېگىلى بولمايدۇ، لېكىن ئۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرەتتى، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇمۇ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشنىڭ مۇۋاپىق چارىسىنى تاپالايتتى.

— يوقالسا يوقالمامدۇ. بولمىسا، مۇشۇنداق كېتىۋېرىپ يەنە مۇھەببەت رىشتىسىگە چىرمىلىپ قېلىشىم مۇمكىن.

لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىسىز ئىدى. رەسمىي ئىش ئۇ قولىغا كەلتۈرۈشكە بەل باغلىغان ئىگىزلىك — شۆيۈەننى لاياقەتلىك تۇگىتىش ئىدى. ئوقۇش تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە جىددىي ئىدى، لېكىن ئۇ چىشىنى چىشلەپ، قانغۇدەك ئۇخلىيالمىسىمۇ، ئوبدان تاماقلىنالمىسىمۇ ئىگىزلىككە قاراپ ئۆرلەۋاتاتتى. ئۇ ئۈچ نومۇرغا ئېرىشىش ئۈچۈنمۇ قايتىدىن ئىمتىھان بەرمىسە بولمايتتى: لېكىن بۇ بەلگىلىمىگە توغرا كەلمەيتتى، ئۇ تۇنجى قېتىم ئۈچ نومۇرغا ئېرىشكەندىن كېيىن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئالدىغا باردى.

— مېنى مەكتەپتىن چىقىرۋېتىلىك، مەن بۇ يەردىن يوقىلاي، مېنىڭ قابىلىيىتىم يوق، — دېدى ئۇ مۇدىرغا ئىنتايىن كەسكىن ھالدا.

— نېمە دەپ يۈرىسىز؟ سىز ئىمتىھاندىن ئۆتتىڭىزغۇ.

— ئۈچ نومۇرمۇ؟ بۇ ئۇلارنىڭ ماڭا ئۈچ ئاغرىتىپ قويۇپ قويغان نومۇرى، بىلەمسىز؟ ماڭا باشقىلارنىڭ ئىچ ئاغرىتىشى ھاجەتسىز. شۇڭا يا مېنى چىقىرىۋېتىڭ، يا قايتىدىن ئىمتىھان بېرىشىمگە ئۇناڭ.

— بۇنداق قىلىش بەلگىلىمىگە توغرا كەلمەيدۇ.

— ئەينى يىللاردا لىيەنلەرگە ئاياللار قوماندانلىق قىلغان، — بۇ بەلگىلىمىگە خىلاپ ئەمەسمىدى؟ شۇڭا، بۇ نېمىلەرنى دەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئانتونىنانىڭ ئىلتىماسى تەستىقلاندى. ئۇنىڭ غۇرۇرى بەك كۈچلۈك ئىدى، شۇڭا ئۇ بۇ ئىمتىيازنى ئىلاج بار ئىشلەتمەيتتى، لېكىن بەزى چاغلاردا ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولاتتى: مەسىلەن، ئۇ قەدىمكى دۇنيا تارىخىدىن قايتا ـ قايتا ئۈچ قېتىم ئىمتىھان بېرىپ ئاران دېگەندە تۆت نومۇر ئالدى. ئۇ بۇ تارىخ دەرسلىكىنى يادلاپ بولاي دېگەندى، لېكىنزە، يىل، ئاي، كۈنلىرىنى زادى ئۇتتۇۋالالمىدى: ئۇ بوركىلىس①، گاننىبال②، سپارتاك③ ۋە ئالېك-

① بوركىلىس (تەخمىنەن مىلادىيىن ئىلگىرىكى 490 — 429 ـ يىللاردا ئۆتكەن) ئافىنا قۇلدارلار دېموكراتىك تۈزۈمى گۈللەنگەن دەۋردىكى داھىي.

② گاننىبال (تەخمىنەن مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 247 — 183 ـ يىللاردا ئۆتكەن) كارفاگېننىڭ ئىككىنچى قېتىملىق پۇئېينى ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى مەشھۇر سەركەردىسى.

③ سپارتاك (مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردە ئۆتكەن) ئىتالىيىدىكى

سانـدىر ماكىدونسكى① قاتارلىق تارىخىي شەخسلەرنىڭ تۇغۇلغان يىلىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئالەمدىن ئۆتكەن يىلىدىن چوڭ بولىدىغانلىقىنى زادى چۈشىنەلمىدى.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ، چۈشەندىڭىزمۇ؟ شۇڭا ئۇ ئارقىغا ياندۇرۇپ ھېسابلىنىدۇ.

— ۋاقىتنىمۇ ئارقىغا ياندۇرغىلى بولامدۇ؟

— بۇ شۇنداق بېكىتىلگەن، ئانتونىنا. مىلادىيىدىن كېيىنكىسى ئۇڭ سان، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكىسى تەتۈر سان. خىرىستوس دۇنياغا كەلگەن ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ.

— ئادەمنى ئالدىماڭ، خىرىستوس دېگەن ئەپسانىلەردىكى شەخس ئەمەسمۇ؟

پېداگوگىكا شۆبىسىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئاز ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يولۇققان مەسىلىلەرنى ئوغۇل ئوقۇغۇچىلاردىنلا سورايتتى. بۇ ئۇنىڭ قىزلارنى كۆزگە ئىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس — ئۇ قىزلارنى مەنسىتمەيدىغانلاردىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا كۆيۈنىدىغانلاردىن ئىدى — چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ئۇلاردىن چوڭ ھېسابلايتتى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئۆمرىنىمۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتنى ھېسابلىغانغا ئوخشاش كەينىگە ياندۇرۇپ ھېسابلاۋاتقاندەك ئۆزىنى ياش-قۇرام جەھەتتە ئۆزىدىن چوڭ كىشىلەردىنمۇ چوڭ ھېسابلايتتى.

---

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 74 - يىلىدىن 71 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەڭ زور كۆلەملىك قۇللار قوزغىلىڭىنىڭ داھىيسى.

① ئالېكساندىر ماكىدونسكى (مىلادىن ئىلگىرىكى 356 — 323 - يىللاردا ئۆتكەن) مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 336 — 323 - يىللاردىكى ماكىدونىيە پادىشاھى.

www.uyghurkitap.com

قىزلار ئۇنىڭدىن سەل ئەيمىنەتتى، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزىنى ئانتونىنانىڭ دوستى دەپ ھېسابلىيالمايتتى، ئار-نومۇسنى بىلمەيدىغان بەزى ۋىجدانسىزلار ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىدىن ۋە باشقىلار بىلەن ھېساب-كىتاب قىلىشىپ يۈرمەيدىغان (بۇ بىر كۆلكە دەستىكى بولۇپ قالغانىدى، لېكىن ئۇ بۇنىڭغا پىسەنت قىلمايتتى) — پۇل بولسۇن، يېمەكلىك ياكى نورما سېتىۋېلىش كىنىشكىسى بولسۇن، بۇ نېمىلەر بىلەن ھېسابلىشىپ يۈرمەيدىغان — ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ كېتەتتى. بۇ نەرسىلەرنى پۇل تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ ئالدىدا ھەربىي كومىسسارىيات تارقىتىپ بەرگەنىدى، پۇل تۈزۈمى ئىسلاھاتى ۋاقتىدا نەرسە سېتىۋېلىش كىنىشكىسى، ئاشلىق سېتىۋېلىش، نورما سېتىۋېلىش كىنىشكىسى قاتارلىقلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، پۇلنىڭ قىممىتى ئون ھەسسە ئېشىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىدە بار نەرسىلەردىن باشقىلار بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولاتتى، ياكى بولمىسا، ئۇنى ئىزدەپ كەلگەن ئادەم ئۇنىڭدىن بىر نەرسە ئالالايتتى، ياكى ئۇ باشقىلارنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتمەستىنلا يېنىدا بار نەرسىنى سوۋغا قاتارىدا بېرىۋېتەتتى.

— ماڭا بىر پايپاق بەرگەن، قارىسام، سېنىڭ پۇتۇڭ چىرايلىقكەن، سەن كىيىۋالە بولدى.

— ئۇنداق بولسا قانداق بولىدۇ! ئۇنداقتا سىز نېمە كىيىسىز؟

— بۇنى ئېپقېلىپ نېمە قىلىمەن؟ مەن بەرىبىر ئۆتۈك كىيىمەن ئەمەسمۇ؟

— ئۇنىڭ مىڭىسى سىلكىنىپ كەتكەن، كاللىسىنىڭ دەردى بار، — دەپ كۈلۈشەتتى بەزى كازاپلار يوشۇرۇنچە، ئۇلار ئىۋادشىنا شاگۈيىنىڭ مەرتىلىكىنى ئۇنىڭ كاللىسى يارىلىنىپ گاراڭ بولۇپ

قالغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئالدىنقى سەپ تۇرمۇشى ئۇنىڭغا ئۆزد-
نىڭ كېيىنكى يېرىم ئۆمرىدە ھەقىقىي قىممىتى بار نەرسىلەرنى
قەدىرلەشنى ئۆگەتكەنلىكىدىن دەپ چۈشىنىشنى بىلمەيتتى.

— مە، ماۋۇ 100 رۇبلىغا پەلتو ئېلىپ كىيۋال، بولمىسا توڭلاي-
سەن، مەندە مۇشۇنچىلىكلا بار ئىكەن.

— ۋاييەي، تونە، مەن بۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرەلمەيمەن.

— قايتۇرمىساڭ قايتۇرما. پەلتو ئېلىپ كەي.

شۆيۆەندە ئۇنى ھەممە ئادەم ھۆرمەتلەيتتى، ياخشى كۆرەتتى.
شۇنداق، ئۇنىڭ گەپلىرى توك بولغاچقا، بەزىدە ئۆز قەدرىنى ئۆزى
چۈشۈرۈۋالاتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇنى ھەممەيلەن ھۆرمەتلەيتتى.

— سىز بىزنىڭ كۆيمەس چاتقىلىمىز①، يولداش ئىۋانىشنا.
سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ھەقىقىي كۆيمەس چاتقىلىسىز! — دېدى بىر
پېشقەدەم تارىخ ئوقۇتقۇچىسى ئۆكتەبر ئىنقىلابىي بايرىمىدا چوڭقۇر
تەسىرلەنگەن ھالدا.

دەسلەپتە تونە بۇ دىنىي ئوخشىتىشقا سەل خاپا بولدى، ئۇ
پېشقەدەم پروفېسسورغا گەپ ياندۇرۇپ، ئۇنى گېپىدىن توختاتماقچى
بولغانىدى. ھېلىمۇ ياخشى بىرى، ئۇنىڭغا: كۆيمەس چاتقال دېگەن
ئوتتىمۇ كۆيمەيدىغان چاتقالنى كۆرسىتىدۇ دەپ چۈشەندۈرۈپ

---

① بۇ سۆز «ئىنجىل. مىسىر خاتىرىلىرى»دىن ئېلىنغان: مۇسا ئەلەيھىس-
سالام ھېلە تېغىدا قوي بېقىۋاتقاندا، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خىرىستوس
تىكەنلىكتىكى يالقۇن ئىچىدە ئايان بولغان. تىكەنلىككە ئوت كەتكەن
بولسىمۇ، لېكىن كۆيمىگەن. كۆيمەس چاتقال دېگەن سۆز مەڭگۈ
مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان نەرسە دېگەن مەنىدە.

قويدى. شۇنىڭ بىلەن تونە بېشىنى سەل لىڭشىتىپ قويۇپ:

ـــ توغرا ئېيتتىڭىز، بىزنى ئۇتمۇ كۆيدۈرەلمەيدۇ، سۇمۇ غەرق قىلالمايدۇ، ـــ دېدى قەتئىي هالدا. شۇنداق قىلىپ، ئۇمۇ پېشقەدەم پروفېسسورنىڭ گېپىنى توسمىدى.

ئۇنىڭ "كۆيمەس چاتقال" دېگەن لەقىمى شۇيۇەندە بىر مەزگىل تارقىلىپ كەتتى. بۇ لەقەمنى تونەگە بولغان مۇهەببەتتى تولۇپ تاشقان پېشقەدەم پروفېسسور قويغان دېگەندىن كۆرە، ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ «هەقىقەت» گېزىتىدە كۆيمەس چاتقال دېگەن تېمىدىكى ئۇزۇن بىر پارچە ماقالىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن تارقالغان دېگەن تۈزۈكرەك ئىدى. ماقالىدا ئىشتاتتىن چىقىرىۋېتىلگەن پىيادە ئەسكەرلەر شىسىنىڭ پىيادە ئەسكەرلەر تۇەندىكى پىيادە ئەسكەرلەر لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى ئانتونىنا ئىۋانىشىنانىڭ ئىش-ئىزلىرى يېزىلغانىدى. ماقالە "8-مارت"ئايال لار بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغانىدى. ئەمما بۇ ئانتونىناغا ياقمىدى، ئۇ شۇ ئاچچىقىدا تەھرىر بۆلۈمىگە خەت يېزىپ، ماقالىنىڭ هەرپىلىرىنىڭ تىزىلىشى، ئابزاسلارغا بۆلۈنۈشى، شۇنىڭدەك تۇرلۇك ۋاقىتلارغا چېتىلىدىغان كىچىك تېمىلارغا قارىتا تەنقىدىي پىكىر بەرمەكچى بولغانىدى، ئەمما شۇ ۋاقىتتا ئۇ بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن خەت يېزىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى.

"سۆيۈملۈكۈم تونېچكا شاڭۋېي!

مەن ۋە ئايالىم گېزىتتىن سىزنىڭ ئىش-ئىزلىرىڭىز توغرىسىدا يېزىلغان ماقالىنى ئوقۇدۇق؛ سىز ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدىكى هەقىقەتەن كۆيمەس چاتقال ئىكەنسىز. قانداق، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ نەدە ئىشلەۋاتىسىز؟ ۋالېنتىن ۋىلىيامىنوۋنى ئەسلەپمۇ

قويامسز؟..."

ئانتونىنا ئىككى كۈن دەرسكە چىقمىدى: ئۇ خەتنى سۆزمۇ سۆز، جۈملىمۇ جۈملە قايتا-قايتا ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن بىر پەس يىغلىۋالدى. ئۇ ئەمدى جاۋاب خەت يازاي دەپ تۇرۇشىغا تۇيۇقسىز شەھەرلىك ھەربىي كومىسسارىياتقا بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش كېلىپ قالدى.

— ئېھتىمال، خاتا قىلدىڭلارغۇ دەيمەن؟ مەن بىر مېيىپ ئادەم.

— ئوفىتسېر يولداشلار!

مەيداندىكى ئوفىتسېرلەر دىققەتتە تۇردى. ھەربىي كومىسسار — بىر شاگشىياۋ (يېڭى تەيىنلەنگەن بولغاچقا، تونە ئۇنى تونۇمايتتى) ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېت رىياستىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە...، — دېدى ئۇ ھەربىي كۆرەكتە نۇتۇق سۆزلىگەندەك يۇقىرى ئاۋازدا ئېلان قىلىپ.

قىسقىسى، ئۇلار تەقدىرلەشكە تېگىشلىك قەھرىماننى تاپتى: ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمىتى (ئۇنىڭ ئومۇرتقىسى يارىدارلانغان چاغدىكى) ئۈچۈن ئۇۋانىشنا ئانتونىنا فىدوروۋنا شاگۋېيغا قىزىل يۇلتۇز ئوردېنى بېرىلدى. ئەينى ۋاقىتتا لېيەنجاڭ بالنىستا يېتىپ قالغاچقا بۇنى بېرىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن، كېيىن ئۇرۇشمۇ تۈگىگەن.

— مۇكاپاتلانغانلىقنى ئالدىنقى سەپتىكى ئادەت بويىچە تەبرىكلەشكە بولامدۇ يولداش شاگشىياۋ؟

— بولمايچۇ!؟ ئەلۋەتتە ئالدىنقى سەپتىكى ئادەت بويىچە بولۇشى كېرەك.

ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن كۆپچىلىك كىچىك قازاندىن — ھەقىقەتەن ئالدىنقى سەپ ئەسكەرلىرى ئىشلىتىدىغان كورىندىن بىرنى تېپىپ بىر يەرگە جەم بولۇشتى. ئانتونىنا يېپىيېگى ”قىزىل يۇلتۇز ئوردېنى“نى ھاراقنىڭ ئىچىگە تاشلىدى. ئاندىن ئۇنى ئالدىنقى سەپتىكى ئۇسۇلغا ئوخشاش ئاۋۋال شاگشىياۋغا سۇندى.

— سىزنى تەبرىكلەيمەن، — دېدى ھەربىي كومىسسار ئىككى قولى بىلەن كورىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — خۇدا سىزنى ئامان قىلغاي، ئادەت سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ سىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مېدالىڭىز ئەمەس.

شاگشىياۋ ھاراقنى بىر ئوتلاپ، ئاندىن كورىنى يەنە بىر ئادەمگە سۇنۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ كورا بىر ئايلاندۇرۇلدى. ئوفىتسېرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا خەيرلىك تىلەپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئېشى ئىچكەندەك، تەمكىنلىك بىلەن كورىغا ئېگىشىپ ھاراق ئىچىشتى، كورىنىڭ تەكتىدىكى كۆرەش مېدالى تۇرۇپ-تۇرۇپ كۆمۈش ئۇرۇلغاندەك سادا چىقىراتتى.

تونە بۇ شاگشىياۋنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. شاگشىياۋ تەرتىپلىك سۆزلەيدىغان، كىچىك پېئىل، بەستلىك، سالاپەتلىك ئەر ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بىردەمدىلا تونەنى جەلپ قىلىۋالدى، يەنى بىر كۆرۈپلا تونەنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشتى. تونە كۆڭلىدە ئىنتايىن خۇشال بولىسىمۇ، بىرئاز مەيۈسلىنىپمۇ قالدى، چۈنكى ئۇ بۇ بىردەملىك قىسقا ۋاقىتتىن پايدىلىنالمايتتى. ئۇلارنى، بۇ سەپداشلارنى نەدىن تاپقىلى بولىدۇ دەيسىز!

بىر قېتىم، تونە شۆيۈەندە يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تانسىدىن يېنىپ كېلىۋېتىپ، ياتاققا ئانچە يىراق

بولمىغان يەردە ئالىي مەكتەپنىڭ 1-يىللىقىدىكى بىر قىز ئوقۇغۇچى-نىڭ مەيۇس ھالدا تارام-تارام ياش تۆكۈپ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ قىز ساندۇقىنىڭ ئۈستىدە تاماكىسىنى قاتتىق شورىغىنىچە ئولتۇراتتى، ئۇ ئۇچىسىغا نىپىز ئەستەرلىك پەلتو كىيىۋالغان بولۇپ، توڭلىغىنىدىن تىترەپ تۇراتتى، قارىغاندا ئۇ ھەممىدىن ئۈمىد ئۈزگەن بولسا كېرەك. تەبىئىيكى، تونە يالغۇز ئەمەس، بەلكى بىر ئاسپىرانت بىلەن كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ھېچنىمىگە قارىماستىن قىزنىڭ يېنىغا باردى. ئاسپىرانت خېلىدىن بېرى ئۇنىڭ كەينىگە كىرىپ يۈرەتتى، ئۇ ئۇرۇشقىمۇ قاتناشقان، 44-يىللاردا يىگىجاك بولغان خېلى تۈزۈك بىر يىگىت ئىدى. ئىككى يىلدىن بېرى تونە ئۇنىڭ بىلەن مەلۇم پەردىشەپ ساقلاپ كېلىۋاتاتتى، چۈنكى ئۇ پاك قەلبى بىلەن "ئۆز ئادەملىرىم بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولمايمەن" دېگەن پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇ تانسا ئوينىۋېتىپ سۇ يۈگۈرۈپ قالغانلىقتىن شۇنداقراق بىر نىيەتكە كەلگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇلار بۇ قىزغا يولۇقۇپ قالدى.

— بۇ يەردە ئولتۇرۇپ قاپسىزغۇ؟ نېمىشقا يىغلايسىز؟ قورقماڭ، مەن ئىۋانىشنا تونە، شۆيۆەندە مېنى ھەممە ئادەم تونۇيدۇ.

— ئايال... ئايال ئۆي ئىگىسى مېنى قوغلاپ... قوغلاپ چىقىرد-ۋەتتى. مەن ئۇنىڭغا ئىلگىرى... يېرىم... يېرىم يىللىق تۇرمۇش خىراجىتى تاپشۇرغان، لېكىن ئۇ مېنى قوغلاپ... قوغلاپ چىقاردى.

— ھۇ، لالما خوتۇن! ئۇ قەيەردە تۇرىدۇ؟ بېرىپ كاچىتىغا ئىككىنى...

— مەن نەگىمۇ بارارمەن؟ — دېدى قىزچاق دەردىنى

ئېيتىپ، — يا بۇ يەرلىك بولمىسام، دادام ئالدىنقى سەپتە قۇربان بولغان، ئانام...

— يىغلىماڭ، ئىسمىڭىز نېمە؟ زىنا؟ — تونە بۇرۇلۇپ ئاسپىرانتقا دېدى، — نېمىگە قاراپ تۇرىسىز؟ ماۋۇ نەرسىلەرنى تېزرەك ئېلىپ ماڭايلى، نەرسىلەرنى مېنىڭ ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇپ، ئازراق بىر نەرسە يەۋالايلى، ئىسسىنىۋالايلى، ئاندىن كېيىن باشقىچە بىر نەرسە قىلارمىز. ئەمىسە شۇنداق قىلايلى، زىناچىكا. مېنى چىڭ تۇتۇڭ، يول تېيىلغاق.

ئۇلار قازانغا ياكىيۇ سېلىپ قويۇپ، چاي ئىچىشتى، ئىسسىندۇالدى. ئاسپىرانت ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي كېتىپ قالدى، زىناچكا قېپقالدى.

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، تونە بۇ ئىشقا شۇ ۋاقىتتا بولسۇن ۋە ئىش ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن بولسۇن، گويا يولدا بىر ئاپتوموبىلدىن باشقا بىر "كولخوز"غا كېتىپ بارغان يەنە بىر ئاپتوموبىلغا سەكرەپ چىقىۋالغاندەك زادى پۇشايمان قىلمىدى.

بۇ زىناچىكىنىڭ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرغۇدەك ئىقتىدارى يوق ئىدى. ئەمدى ئۇ قانغۇچە ئۇخلاپ، دەرسكە ئۆلگۈرەلمىسىمۇ، ئەتىگەنلىك ياكى كەچلىك تاماقتىن ئانچە غەم قىلمىسىمۇ، قەھرىتان سوغۇقلاردا ئۈزۈن پايپاق ياكى يۇڭ ئىشتان دېگەنلەرنى خىيالىغا كەلتۈرمەي، نېپىزرەك كىيىنىپ يۈرسىمۇ، قىسقىسى، سوغۇق ئۆتۈپ كەتسىمۇ مەيلى، بۇ غەم ئەمدى ئانتونىناغا قالدى. ئۇ ۋاتىلداپ تۇراتتى، ئاچچىقلىنىپمۇ قوياتتى، تونەنى ئەتىگەنلىك تاماق ۋە كەچلىك تاماق ئېتىپ بېرىشكە بۇيرۇيتتى. بەزىدە قايغۇرۇپ، بەزىدە خۇشال بولۇپ قالاتتى. بەزىدە يىغلاپ،

بەزىدە كۆلۈپ قوياتتى. كۆنلەر ئۆتكەنسېرى تونەنىڭ بۇ كالانپاي قىزدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. قولدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئۇچۇن دائىم، ھەركۈنى ئەمەس، بەلكى ھەر مىنۇت، ھەر سىكونت تېپىرلاپ يۈرۈش ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارغا ئۇنىڭ چولىسىمۇ تەگمەيتتى، ھەم خۇشىمۇ يوق ئىدى.

— نېمىشقا كەچ قالدىڭ؟ يىگىت تېپىۋالدىڭمۇ يا؟ ئۆيگە ئېلىپ كېلە، مەن كۆرۈپ باقاي.

توۋا، بۇ نەس باسقان قىزلارنىڭ قىزىقلىقىنى كۆرمەمدىغان، نېمە دېگەن يېنىكلىك، ئەخمەقلىق بۇ-ھە، ئۇلار كېچىككىنە مۇھەببەت ۋە بەختكە نېمانچە قىزىقىدىغاندۇ! ئۇلارنى شەھەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىپ قانداقمۇ كۆز-قۇلاق بولماي يۈرگىلى بولىدۇ؟ شەھەردە ئادەمنى يولدىن ئازدۇرىدىغان كىشىلەر، يىگىتلەر ۋە ئەرلەر كۆپ، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ، ئۇلار تۇنجى ئېچىلغان غۇنچىنى ئۈزۈۋالسىلا قويۇرۇقنى تىكىۋېتىدۇ. ياق، ئەگەر تونە قارىمايدىغان بولسا، زىناچىكا تۆگەشمەي قالمايدۇ، بۇ ئوپئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، ئۇ ئۆزىنى بىكاردىن بىكار كېرەكتىن چىقىرىۋالىدۇ!

— سائەت 11دىن كېيىن قايتىپ كېلىشىڭگە رۇخسەت يوق، ھەرگىز رۇخسەت يوق، زىنائىدا، ئاڭلىدىڭمۇ؟

بۇ ۋاقىتتا، ئالدىراش ئۆي ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتكەن تونە دۆلەتلىك ئىمتىھاننى كۈتۈۋالغان، ئاندىن كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىگە قاتناشقانىدى. ئىلگىرىكى پىيادە ئەسكەرلەر لېيەنىنىڭ لېيەنجىگى ئانتونىنا فىدوروۋنا ئىۋانشىنا شاڭۋېي بوگۇنكى كۈندە

22 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قولىدا دىپلومى بار تارىخ ئوقۇتقۇچىسى مەكتەپكە خاس سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئايال تارىخشۇناس بولۇپ قالغانىدى، ئۇ شۇ مەكتەپتە پراكتىكا قىلغان، پراكتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولغانىدى، هازىر ئۇ ئىخلاس بىلەن دەرس تەييارلايدىغان بولدى، سىنىپ تەرتىپىمۇ خېلى ياخشى ئىدى، ئەمما باللار ئۇنى ياخشى كۆرمەيتتى. ياق، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تونەنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەندەك قىلمىغان، بەلكى ئۇنىڭغا ياۋاشلىق بىلەن ئىتائەت قىلىۋاتقانىدى، ئەمما تونە... ئەپۇ قىلىڭلار، ئەمدى ئۇنى ئانتونىنا فىدوروۋنا دەپ ئاتاش كېرەك، ھەمىشە باللار مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ دەپ ھېس قىلاتتى. لېكىن ئۇ بەل قويۇۋەتمىدى: چۈنكى ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان، كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادىمى بار ئىدى، باللارچۇ... ئۇلارغا ئىنتىزام بار ـ دە. ئۇلار ئىنتىزامغا رىئايە قىلسا، گەپ ئاڭلىسا، ئۇلارنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولسا بولدى. ئۇنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىسى، ئادەمنى سۈر باستۇرىدىغان نوپۇزى ۋە قوماندانلىق قىلىش جەھەتتە مول تەجرىبىسى بار ئىدى، ئۇ بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلىرىغا تەلەپ قويالايتتى ھەم كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلەيتتى. دېگەندەك ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىغا شۇنداق تەلەپ قويىدى ھەم مەقسىتىگە يەتتى، بىراق باللار ئۇنى ياخشى كۆرمەيتتى.

— ئانتونىنا فىدوروۋنا، خۇددا ھەقىقى، مېنى كەچۈرۈڭ. لېكىن سىزگە دەپ قويۇشۇم كېرەك، دېمىسەم بولمايدۇ! باللار سىزنى ياخشى كۆرمەيدىكەن. شۇنداق، بۇ بىر كۆڭۈلسىزلىك، ھەرقايسى سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار سىزنى ياخشى كۆرمەيدىكەن. بۇنىڭدىن ھەرگىز رەنجىپ قالماڭ.

— ئۇلار مېنى ياخشى كۆرسە نېمە پايدىسى بار، مارىيە ئىۋانوۋنا؟

يا مەن ئۇلارنىڭ سۆيگىنى بولمىسام، بىلىشىڭىز كېرەككى، مەن تارىخ ئوقۇتقۇچىسى.

— ئۇلارغا يەنە تەربىيە بېرىش كېرەك ئىدى. لېكىن سىز... ئەجەب غەلىتە گەپ قىلىۋاتىسىز. بىز بالىلارنى تەربىيىلەۋاتىمىز، قەدىرلىك ئانتونىنا فىدوروۋنا. بۇ يەردە مۇھەببەت تەربىيىسى يوق...

— مەن ئەرلەرنى تەربىيىلىگەن، ئۈچ ئايدا 120 يېڭى ئەسكەرنى تەربىيىلەپ چىقارغان، ھەممىسى شۇنداق ئوڭۇشلۇق، ئەرتىپلىك بولغان. شۇ ۋاقىتتىمۇ مەن مۇھەببەت دېگەنگە كۆڭۈل بۆلمىگەن، خاتىرجەم بولۇڭ!

ئىلىم مۇدىرى مارىيە ئىۋانوۋنا ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر-بىرىنى سۆيۈشىنى ھەمدە مۇشۇ ئاساستا بىر-بىرىگە چەكسىز ئىشىنىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ مۇشۇنداق مائارىپ ئىدىيىسىنىڭ ۋەكىلى ئىدى. لېكىن ئۇرۇشتىن كېيىن تۇغۇلغان بالىلار مېيىپ بولۇپ قالغان دادىسى بولسىمۇ ئەڭ تەلەيلىك ھېسابلىناتتى، دائىم ئۇچرايدىغان ئەھۋال شۇكى، دادىسىدىن بۇرۇنلا ئايرىلىپ قالغان بالىلارنىڭ زور كۆپ سانلىقى يىغلاڭغۇ، تەلۋە بولۇپ، ئۇلارنىڭ خۇشال بولغىنى بىلەن ئاچچىقلانغىنىنى بىلگىلى بولمايتتى—گەپنىڭ قىسقىسى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشنىڭ جاراھىتى ئىدى. ئەلۋەتتە، دادىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش دېگەن ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال، بۇنداق ئەھۋالنىڭ قانداق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ھېچكىممۇ پەرەز قىلالمايدۇ، ئەمما ئىۋانىشنانىڭ قوماندانلىق قىلىش جەھەتتە تەجرىبىسى بولغاچقا، بۇ يەردە بىر مەسىلە بارلىقىنى بىلىپ قالدى-دە، شۇنىڭ بىلەن ئىلاج بار ئۆزىنى سۇرلۇك كۆرسەتمەكچى

www.uyghurkitap.com

كۆرستتشكه تىرىشتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇنداق قىلىش ئوڭاي ئەمەس ئىدى، بولۇپمۇ باللارنىڭ ھېچقايىسسى ئۇنى ياخشى كۆرمەيتتى، ئۇ تالاي قېتىم ياش تۆكتى، لېكىن ھەقىقىي ئەلەم تامامەن باشقا بىر تەرەپتىن كەلگەنىدى.

— تونېچكا، مەن ياتلىق بولماقچىمەن!

— نېمە دەۋاتىسەن، ياتلىق بولسەمەن؟ يەنە بىر يىل ئوقۇشۇڭ كېرەككۇ!

— تونېچكا، ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى، ناھايىتى ياخشى! ئۇ، ئېسىڭدە بارمۇ؟ مەن ئۇنى باشلاپ كەلگەن. ئۇ ئېلېكترونلۇق ماشىنا تېخنىكىسى مەكتىپىدە ئوقۇيدۇ، مەكتەپ پۈتتۈرەي دەپ قالدى، بىز...

تارىخ ئوقۇتقۇچىسى ئانتونىنا فېدوروۋنا ئىشكىنىڭ يېنىدىكى يۆلەنچۈك ئورۇندۇقتا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى، تومپىيىپ تۇرغان تور سومكىسى قولىدىن چۈشۈپ كەتتى.

— بۇ قانداق گەپ ئەمدى؟ سەن يەنە توپتوغرا بىر يىل ئوقۇيسەن ئەمەسمۇ...

— چۈنكى مەن ئۇنى ياخشى كۆرىسەمەن-دە! مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، تونېچكا!

زىنا ئۇۋانىشنانى قۇچاقلىغان، ئۇنى قىزغىن سۆيگەن، ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشقاندى — مانا بۇ ئەڭ يېقىن تۇغقاندەك بولۇپ قالغان، دۆت-كالۋا، گول زىنا ئىدى! ئۇلار ئىككىسىلا يىغلىدى: بىرى خۇشاللىقتىن يىغلىدى، يەنە بىرى...

— بولمىسا، يەنە بىر ئاز كۈتۈپ تۇرامسەن يا؟ يا بولمىسا ئالدى بىلەن ئوقۇشۇڭنى تۈگەت، ئاندىن بىر گەپ بولار.

— ۋايىەي، تونىچكا، ئۇ ساراتوۋغا تەقسىم قىلىنىپ بولدى. ئاچسىنىڭ شۇ يەردە ئۆيى بار ئىكەن، ئۇ بىزنى شۇ يەرگە كەلسۇن دەپتۇ، مەن ئوقۇشۇمنى شۇ يەرگە بىرىپ ئوقۇيمەن.

— ۋاي خۇدايىم، سىنزە، زىنكا. زىناچكام.

— تونىچكا، توي قىلسا بەك بەلەن بولىدىكەن، بەك كۆڭۈللۈك بولىدىكەن، مىنىڭ پۈتۈن بەدىنىم شۇنداق ھۇزۇرلىنىپ كەتتى!....

ئانتونىنا ئىۋانىشنا بىرەر نىمىسىدىن ئايرىلىپ قالغىنى ئۈچۈن بۇنچە قايغۇرۇپ باققان ئەمەس ئىدى — ھەتتا ۋىلىيامنوۋ جۈڭۈبىيدىن ئايرىلىپ قالغان چاغدىمۇ بۇنداق ھەسرەت چەكمىگەنىدى. بۇنداق قايغۇرۇشنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدا قۇربان بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرۇش بىلەن پرىنسىپاللىق پەرقى بار، چۈنكى ئۇ يەردە قايغۇ ئارقىسىدا شۇ قايغۇنى كەلتۈرۈپ چىقارغان جىنايەتچى، ئەپسانىۋى تاسادىپىيلىق، قىچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بالا-قازا ("قېرىشقاندەك نىمە ئۈچۈن باشقا بىرى ئەمەس، دەل شۇ سۆيگىنى...") بار، ئاخىرىدا يەنە ئىنتىقام ئېلىش ئارزۇسى ۋە بۇ ئارزۇنى قاندۇرۇشنىڭ تولۇق ئىمكانىيىتى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇرۇشتا قۇربان بولغانلار ئۈچۈن ھەممە ئادەم قايغۇرىدۇ، قايغۇ كىشىلەرنى بىر-بىرىدىن يىراقلاشتۇرمايدۇ، بەلكى بىر-بىرىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ. يولداشلارنىڭ ئۆرىسىنى تىرەككە ئوخشىتىشقا بولىدۇ، بۇ ھەرگىزمۇ ئابستراكت، تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان ئوخشىتىش ئەمەس، بەلكى ئۇ تامامەن رېئاللىققا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئالدىنقى سەپتىكى يولداشلارنىڭ دوستلۇقى ئەڭ قورقۇنچلۇق پاجىئەلەرنى داۋالاشنىڭ شىپالىق دورىسىدۇر.

تىنچلىق مۇھىتىدا، دەردنى ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزى تارتتى،

ئۇنىڭ دەردىنى تارتىشىپ بېرىدىغان ئادەم چىقمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دەرد پەقەت ئۇنىڭ — ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن تونە ئىۋانىشنا شاگۇۋېينىڭ شەخسىيىتىگىلا خاس ئىدى: ئۇ بۇنداق ئازابنىڭ دەردىنى بىرىنچى قېتىم تارتتى.

— ھەسسىنەي، سەنزە زىنا، زىناچكا!...

ئانتونىنا كۆڭلى پاراكەندە بولغانلىقتىن ئۈچ كۈنلۈك ئىسپراپكا ئالغانىدى، كېچە ئۇ تاماكىسىنى شورىغىنىچە ئۇزاق خىيال سۈردى. ئەلۋەتتە، ئۇ ئۆزىنىڭ زىناچكىسىغا بىرەر قېتىممۇ كايىپ باققان ئەمەس. چۈنكى ياشلارنىڭ بەختى ھامان شەخسىيەتچىلىك ئاساسىدا بولىدۇ، بۇنداق بەختنىڭ لەززىتى ۋە ھەممىنى ۋەيران قىلىدىغان كۈچى دەل ئۇنىڭ شەخسىيەتچىلىكىدە. زىنائىدا ئۆزىنىڭ ھازىر ئويلىغىنىدەك قىلىشى كېرەك — تونە بۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ يۈرمەيدۇ — ئەمما بۇنداق قاراش ئۇنىڭ كۆڭلىگە قىلچە ئارام بېرەلمىدى. پىيادە ئەسكەرلەر لېيەنىنىڭ لېيەنجىگى ئىۋانىشنا قاتتىق ھەسرەت چەكتى، ئۇ يەنە بېشىنى ياستۇقىنىڭ ئاستىغا تىقىۋېلىپ ئۈنىنى چىقارماستىن يىغلىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىدىنمۇ ئاچچىقلىناتتى.

كېيىن ئۇ ئۈچ يىل ئىلگىرى ئوقۇغان ئانا مەكتىپىگە بېرىپ ئۇستازلىرى بىلەن سۆزلەشتى، 1-يىللىق سىنىپىنىڭ بەزى قىزلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلار بىلەن بىردەم چاقچاق قىلىشتى. ئۇ بىر ھەپتە ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئەھۋال ئۇقۇشتى ۋە ئىنچىكە كۆزەتتى، ئاخىرىدا ئەڭ ئەدەبلىك ۋە كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدىغان بىر قىزنى تېپىپ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى ھەم ئۇنى مەكتەپ پۈتتۈرگىچە ئۆز ئۆيىدە تۇرغۇزدى، بۇ قىزنىڭ دادىسى ئۇرۇش ئاخىرلىشىدىغان

چاغدا قۇربان بولغانىدى — ئۇ ۋاقىتلاردا بۇنداق ئەھۋال كۆپ ئىدى.

ئۇنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ئەنە شۇنداق شەكىللەندى، ئانتوننىنا خۇشاللىقنى ئەنە شۇنىڭدىن تاپتى، ياشاشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئەنە شۇنىڭدىن بىلدى. ئۇ ئۇلارغا ئانىلارغا خاس ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى بىلەن يېگۈزدى، ئىچكۈزدى، كىيگۈزدى، مېھرىبانلىق قىلدى، قوشنىلىرى ئۇلارنى مېھمانلار دەپ چاقىرىشاتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇلار مېھمان ئەمەس، ئانتوننىنانىڭ ۋاقىتلىق قىزلىرى ئىدى، ياكى بولمىسا، سىڭىللىرى ئىدى. چىقىش يولى ئىزدەش، ھەرىكەت قىلىش، كۆيۈنۈش، غەم يېيىش ئانىلارنىڭ تەبىئىتىدۇر. بىرى ئۇنىڭغا تاماق ئېتىپ بەر دەپ جېدەل قىلسا، يەنە بىرى ئۇنى كولدۇرلىتاتتى، بىرى كىر يۇيۇپ بەر، كىيىم تىكىپ بەر دەپ ئۇنى خاپا قىلسا، يەنە بىرى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلاتتى، بەزىدە — دائىم ئۇنداق بولمىسىمۇ — ئۇلار ئۇيۇن كۆرگىلى بىللە باراتتى، شۇنداق چاغلاردا ئانتوننىنا ئۆزىنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلاتتى. ئۇ تا ھازىرغىچە قىزلىرى بىلەن قىزىرىشىپ، تاكاللىشىپ باقمىغانىدى: يا ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلگەنىدۇ، يا ئۇ بۇلارنى سەزگۈرلۈك بىلەن تاللىۋالغاندۇ.

بىر قېتىم، ئۇ ئۆزى ئۆزىنى ئالدىدى. بۇ كۈتۈلمىگەن ئادالەتسىزلىك ئۇنى قاتتىق ئازابقا سالدى، بۇ ئازاب ئۇنىڭ قاتتىق يارىدار بولغان چاغدا تارتقان ئازابىغا ئوخشاشلا قاتتىق بولدى.

خوش، ئالدى بىلەن قوشنىلار ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى سۆزلەپ ئۆتەيلى، بولمىسا، چوڭ خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە ئېنىق گەپ قىلغىلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ.

دېمەك، ئۇۋانىشنا شاگۋېي ئورۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى، ياردار بولغانلىقى، يەنە كېلىپ ئايال بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەقىقەتەن ئۆيى بولمىغانلىقى ئۈچۈن پېشقەدەم ھەربىي كومىسسارنىڭ ياردىمىدە بىر ئۆيگە ئېرىشكەنىدى. ئۇ يىللاردا ئۆيلەر ئەمدىلا رېمونت قىلىنىشقا باشلىغان بولغاچقا، قۇرۇلۇش توغرىسىدا خىيال قىلىشقىمۇ بولمايتتى. ئىككى ئېغىزلىق بىر يورۇش ئۆيدىن ئۇنىڭغا بىر ئېغىزى بۆلۈپ بېرىلگەنىدى، ئۆي شەھەر مەركىزىدە دېگۈدەك ئىدى، ئەمما ئۇ ئورۇش ئوتلىرىدىمۇ كۆيمەي ساقلىنىپ قالغان ئىككى قەۋەتلىك بىر ياغاچ بىنا ئىدى. بۇ ئۆيلەرگە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ چوڭ بىر ئائىلە قوشنا بولۇپ كۆچۈپ كىرگەنىدى. بۇ ئائىلىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئايال جىنسلىقلار — ئانىسى، قىزى، مومىسى، نەۋرە قىزى بولۇپ، بىرمۇ ئەر يوق ئىدى. ئېرىمۇ يوق، دادىسىمۇ يوق، ئاكا-ئۇكىسىمۇ يوق، ئوغلىمۇ يوق — ئۇلارنىڭ بىرى ۋەتەن يولىدا ئۆزىنى پىدا قىلغان، بىرى رىزقى توشۇپ ئۆلۈپ كەتكەن، يەنە بىرى ۋاراڭ-چۇرۇڭ، قىيا-چىيا، پاتپاراقچىلىق بىلەن تولغان بۇ ئائىلىدىن ئۆزىنى تەرك ئەتكەن. بۇ ئائىلىدە ئەر كىشى بولمىغان بىلەن، ئەر خىيالى بار ئىدى. بۇ قوشنىسىنىڭ باشقىلارنىڭ شەخسىي ئىشىنى ئىنتايىن سەزگۈرلۈك بىلەن تىڭ-تىڭلاپ تۇرىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئىدى. ئۇلار ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن تىنىقىمۇ ئالماستىن ئۆيدىكى تونە ۋە ئۇنىڭ ئەر جىنسلىق مېھمانلىرىنى ھە دەپ مارىلايتتى، تونە بۇ قوشنىسىغا ئىنتايىن ئۆچ ئىدى، ئۇلارغا ناھايىتى سوغۇق قارايتتى، ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايتتى، ھەتتا بۇ ئائىلىدە زادى قانچە جان بارلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. بۇ ئەھۋال دەس-

لەپتىلا شەكىللەنگەن بولۇپ، كېيىن شۇنداق كېتىۋەرگەندى، تونەنىڭ ئۆيىگە كېلىدىغان ھېلىقى نەس باسقان ئەرلەرنىڭ ئورنىغا قىز ئوقۇغۇچىلار كەلگەن ۋاقىتتىمۇ شۇنداق بولدى. بۇ قوشنىلار دەسلەپتىلا تونەنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ، ھەر كۈنى دېگۈدەك ساقچى ئىدارىسىگە سوكۇلداپ بېرىپ، ئۇنى ئۆيىنى قارا نوپۇس ئادەملەرگە بېرىپ كەتتى، ئەمگەك قىلماي ئېلىپ كەتتى دەپ ئېيتقىلى تۇردى. ساقچىلار بۇ ئىشنى نەچچە قېتىم تەكشۈرگەن بولسىمۇ، بۇ قىزلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئايال خوجايىنىنىڭ ئەرلەردىن بىر تىيىنمۇ پۇل ئالمىغانلىقىغا قەسەم قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا، ھېچنېمىنى ئېنىقلىيالمىدى. مول تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە ساقچى بۇ قەسەملەرگە ئۇزاقتىن بۇيان ئىشەنمەي كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىۋانشىنا ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇشقا قاتناشقان پېشقەدەم بولغاچقا، ئۇنىڭدىن نېرى-بېرى ئىشلارنى سوراپ، ئۇنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمىدى. ساقچى پىتنە-پاسات تارقىتىپ كىشىلەرگە ئازار بەرگەن بۇ قوشنىلار بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇلارغا كەسكىن تەربىيە بەردى، ئۇلارنى تەنقىد قىلىپ يىغلىتىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خاتالىقىنى ياۋاشلىق بىلەن ئېتىراپ قىلىشتى.

— ئەمىسە نېمىشقا ئۇ بىر ئادەم 14 كۋادرات مېتىر ئۆيدە ئولتۇرىدۇ، بىز بەش ئادەم ئاران 17 كۋادرات مېتىر ئۆيدە ئولتۇرىمىز؟

— چۈنكى ئۇ خىزمەت كۆرسەتكەن سوۋېت پۇقرالىرىغا بەتنام چاپلىمايدۇ، — ساقچى دەلىللىرى بىلەن چۈشەندۈردى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇ ئىشنى كۈندىلىك ئىشلار تەرتىپىدىن مەڭگۈلۈك چىقىرىۋەتتى.

بۇ پەسكەشلىك بۇ قوشنىلارنى تونەنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇ بۇ ئائىلە كىشىلىرى، يەنى ئانىسى، قىزى ۋە مومىسى ئالدىدىن ئۆتكەندە، گويا غايىپ نەرسىلەر ئارىسىدىن ئۆتكەندەك ئۆتەتتى، ئۇلار تونەنىڭ نەزىرىدە مەۋجۇت ئەمەستەك قىلاتتى. كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئۆتتى: تونە ئۇنىڭ ئالدىدىن، ئۇلار بۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. ئۇلاردىن بىرى ئۆلۈپ كەتتى، بىرى سوقۇشۇپ، كېسەل بولۇپ ساقايدى، كېيىن ئۇشتۇمتۇت ھەممىسى كۆچۈپ كەتتى. قوشنىسى كۆچكەن چاغدىلا، ئانتونىنا ئاندىن ئۇلارنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنىڭ ھەققەتەن كۆپلۈكىگە دىققەت قىلدى.

قوشنىسى كۆچۈپ كېتىپ، جىمجىت بولۇپ قالدى. قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە ئۇزاققىچە ھېچكىم كىرمىدى. كېيىن ئۆي-جاي باشقۇرغۇچى بىر يىگىتنى باشلاپ كەلدى. بۇ ساددا، ياۋاش، مۇلايىم يىگىت بولۇپ، ئۇنىڭ كۆلۈمسىرەشلىرى كىشىلەرگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى.

— مېنىڭ ئېتىم بېلىياكوۋ ئولېگ. قاراڭ، ئۆي گۇۋاھنامىسى ئالدىم. سىزگە قوشنا بولىدىغان بولدۇم.

ئەمما كۆچۈپ كېلىشتىن بۇرۇن، بۇ ئۆينى رېمونت قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئولېگ بىر ئۇستا تەكلىپ قىلىپ كەلدى، ھەر كۈنى ئاخشىمى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئۇ كېلىپ ئۆينى تۈزەشتۈرەتتى، ئۇ ناھايىتى ئەستايىدىل تۈزەشتۈرەتتى. ئۇ ئايالىنى ئېلىپ ئىككى، ئۈچ قېتىم كەلگەندى، ئۇنىڭ ئايالى كۆرۈنۈشتە ناھايىتى ياخشى ئايال بولۇپ، ئادەم تاللاشقا ئامراق ئانتونىنانىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالغانىدى. بۇ ئۇ شۆيلەنى پۈتتۈرۈپ 20 يىلچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بولغان ئىش، ئۇ بۇ ئارىدا نۇرغۇن

قىزلارنى ئالماشتۇرغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردىن كۆزى قىيمىغان ھالدا كەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە خېلى ئۇزاققىچە ئانتونىناغا خەت يېزىپ تۇردى. دەسلەپتە خەت پات-پات كېلىپ تۇراتتى، كېيىن بىرئاز ئازىيىپ قالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن...ئەمما ئانتونىنا بۇنىڭغا خاپا بولمىدى: ئۇ ئۆزىنىڭ قىزچاقلىرىنىڭ ھازىر ئالدىراش-چىلىقتا بىر قولىنى ئىككى قىلالمايۋاتقانلىقىنى، ئائىلە، مەكتەپ، بالا-چاقا، ئېرى، ئائىلە ئىشلىرى ۋە خىزمەت دېگەنگە ئوخشاش ئىشلار دەستىدىن ھېرىپ ھالىدىن كېتىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولۇپ كەتمىسىمۇ، ئىشقىلىپ، ھەرقانداق ئىشنى توغرا چۈشىنەتتى.

بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئۆيىدە لادا، يەنى لادۇچكا، لادۇشكا ئىسىملىك مۇلايىم، ئىنتايىن ئوماق بىر قىز تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممە يېرى يۇمىلاق ئىدى: ئۇنىڭ توغاچتەك يۇپيۇمىلاق يۈزى، يۇپيۇمىلاق كۆزلىرى، يۇمىلاق قۇلاقلىرى، ئويماقتەك يۇمىلاق ئاغزى، يۇمىلاق ماڭلىيىنى يېپىپ تۇرغان چەمبىرەك چاچلىرى كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرەلەيتتى، ئۇلار بىللە تۇرۇپ ئۈچىنچى كۈنى ئانتونىنا زادى تەسىرلىنىپ تۇرالماي قالدى:

— مەن سىزنى ئانا دەي، بولامدۇ؟

لادۇچكا ياقا يۇرتتىكى بىر كىچىك بازاردىن ئىدى، ئۇنىڭ مۇشۇ ئۆلكە شەھىرىدە خىزمەت قىلىش خىيالى بار ئىدى. ئۇ دائىم ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى خىزمىتىنى تىلغا ئېلىپ، ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋىتى ("مەن ئۇلار بىلەن، ئەلۋەتتە، دوست بولۇپ قالىمەن، لېكىن مەن ئاۋۋال ئۇلارغا ئۆزەمنىڭ قەيسەرلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇشۇم كېرەك. شۇنداقمۇ، ئانا؟...") توغرىسىدا

سۆزلەيتتى؛ كېلەچەكتىكى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ماقالىسى («مەن داگىيانانىڭ ئوبرازى دېگەنگە ئوخشاش كونا تېمىلارنى ياقتۇرمايـ مەن، ئالېكساندىر بلوكنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئاياللار دېگەندەك تېمىلارنى ياقتۇرىمەن، شۇنداقمۇ، ئانا؟...») توغرىسىدا سۆزلەيتتى؛ كېلەچەكتىكى خىزمەتداشلىرى («مەن بارلىق كوللېكتىپـ لار ئىچىدە ئوقۇتقۇچىلار كوللېكتىپىنى ئەڭ ئەھمىيەتلىك دەپ قارايمەن. مېنىڭ قارىشىم توغرىمۇ، ئانا؟...») توغرىسىدىمۇ سۆزلەيتتى، «ئانا» نېمىدېگەن يېقىملىق سۆز-ھە! ئەزەلدىن ئۇنى بىر كىم بۇنداق چاقىرىپ باققان ئەمەس، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇنداق چاقىرىدىغانلار مەڭگۈ چىقمايدۇ، بۇ ئۇنىڭغا ئايان. ياق، ياق، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى قىزلىرىمۇ ئوبدان قىزلار ئىدى، ئۇلار ئانتونىناغا ئۆزلىرىگە غەمخورلۇق قىلىدىغان نۇرغۇن پۇرسەت تېپىپ بەرگەن، ئانتونىنا بۇنىڭغا ئىنتايىن مۇھتاج ئىدى. لېكىن ئانتونىنا ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا يۇمشاق، يۇمىلاق، مەززىلىك مومىغا ئوخشايدىغان لادۇشكىغا قارىغاندەك قارىمىغانىدى. لادا ئۇنىڭ ئانىلارغا خاس سەزگۈسىنى قوزغاشقا ئۇستا بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ ئانىلىق مۇھەببە- تىنىمۇ قوزغىيالايتتى. ئانتونىنا فېدوروۋنا ئىۋانىشنا ئۆمرىدە ئانا مېھرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىرىنچى قېتىم چۈشەندى.

— لادۇشكا، مېنىڭ مەكتىپىمدە ئىشلەشنى خالامسەن؟ — خېلى ئىلگىرىلا ئۇ مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ قالغانىدى، شۇڭا ئۇنىڭ «مېنىڭ مەكتىپىم» دېگىنى ناھايىتى مۇۋاپىقتەك ئاڭلىناتتى، — بىزنىڭ كوللېكتىپ ناھايىتى ياخشى، ھەممىسى تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلار.

— ئانا، «خالايمەن» دېيىشكە پېتىنالمايمەن. مەن پەقەت بۇنداق بەختنى خىيالللا قىلالايمەن.

— نوپۇسۇڭ بولمىغاندىكىن، خەقمۇ سىنى ئالماسلىقى مۇمكىن. شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىگە بېرىپ ئەھۋالنى دېگەن تەقدىردىمۇ ئەسقاتمايدۇ.

— مېنىڭ ھېچقانداق تەلىپىم يوق...

— بىلىمەن، لادۇشكا، بىلىمەن، قىزچىقىم.

— شەخسىي نامىم بىلەن سىنىڭ نوپۇسقا ئېلىنىشىڭنى ئىلتىماس قىلسام، خەقلەر مېنى مىخقا ئۇستۇرمىسىغۇ مەيلى.

— ئانا، ئۇنچىۋالا ئاۋارە بولۇپ نېمە قىلىسىز؟ نەگە بۆلسە، شۇ يەرگە بارسام‌لا بولىدىمۇ. قانداقلا بولمىسۇن، مەن ئىتتىپاق ئەزاسى، بۇ مېنىڭ بۇرچۇم.

— ئۇنداقتا مېنى تاشلىۋېتىدىكەنسەن-دە؟

— ئانا! — لادۇشكا ئىككى بىلىكى بىلەن ئانتونىنانىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ، ئۇنى قىزغىن سۆيۈپ كەتتى، — سىز مېنىڭ ئانام، مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىم، مېنى كەچۈرۈڭ. مەن بۇنى مۇنداقلا دەپ قويدۇم.

— بۇنىڭدىن كېيىن مەن بىلەن مۇشۇنداق سۆزلىشىۋەر، ئاڭلاۋېرىمەن.

— ماقۇل ئانا!

پىيادە ئەسكەرلەر لىيەنجەڭى ئانتونىنانىڭ كۆڭلى يۇمشاق بولغاچقا، لادۇشكىنىڭ گەپلىرىدىن ھاياجانلىنىپ تۇرالماي قالدى. مۇشۇ قىزغىن، سەممىي سۆزلىشىشتىن كېيىن، لادا ئۇنىڭغا تېخىمۇ مۇلايىملىشىپ، چەكسىز كۆيۈنىدىغان بولدى.

نوپۇس ئىشى دەرھال تەستىقلىنىدىغان ئىش ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ باشقىلارغىمۇ خۇش ياقمايدۇ، ئەمما، قانداقلا بولمىسۇن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئانتوننامۇ مىخقا ئۇسۇۋالمىدى.

— بۇ ئىشنى سىزگە ئايرىم بىجىرىپ بېرەيلى، ئانتوننا فېدوروۋنا. سىز ئىلتىماس قىلغاندىكىن ئويلىشارمىز.

بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، لادا خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدىن خۇشال-خۇرام قايتىپ كەلدى، ئۇنىڭ قولىدا ئاھالە گۇۋاھنامىسى بار ئىدى.

بۇ ئىشنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، ئۇ شامپانسكى ۋە بىر دەنگاۋ ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ھەم ئىچىشتى، ھەم يىغلاشتى، ھەم كەلگۈسى توغرىسىدا خىيال قىلىشتى.

— ئانا، بىز پراكتىكىنى باشلىدۇق. مەن سېنىڭ مەكتىپىڭگە بارسام بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، قىزچىقىم. بېرىپ كۆنۈۋال، كېيىن شۇ يەردە ئىشلەيسەن ئەمەسمۇ!

— ھۇررا! مەن شەھەر بويىچە ئەڭ ياخشى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەدەبىيات دەرسى ئۆتىدىغان بولىدۇم!

بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇرۇنقى قوشنىسى كۆچۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى بولغان ئىشلار ئىدى. كېيىن ئولېگ بېلىياكوۋ كەلدى، ئۇ ئۆيىنى ئالدىرىماي، پۇختا رېمونت قىلىشقا باشلىدى، ئۇ ھەر ئاخشىمى كېلىپ ئەخلەتلەرنى تازىلايتتى.

بىر قېتىم ئاقلامچى ئۇستا ئەمدى ئىشنى يىغىشتۇرۇپ تۇرۇشىغا، لادا 30 ياشلاردىن ئاشقان بىر ناتونۇش ئەر بىلەن كىرىپ كەلدى. ئاسراندى قىزنىڭ قولىدا بىر چوڭ سومكا بار ئىدى، ھېلىقى ناتونۇش كىشى بولسا چوڭ ئىككى چامادانىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. بۇ ۋاقىتتا، ئۇۋانشىنا دەل دېرىزىنىڭ ئالدىدا — يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ

كۆزى بۇرۇنقىغا يەتمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى ــ قولىدا ئامراق قىزىنىڭ كۆڭلىكىنى تۇتقىنچە ئولتۇراتتى.

ــ بۇ مېنىڭ ئېرىم.

ــ ئېرىم؟ ــ ئانتونىنا كۈلۈمسىرەپ قويىدى، ئۇ كۈتۈلمىگەن بىرەر چاقچاقنىڭ ياكى ئادەمنى مىلىك قىلىدىغان بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى، چۈنكى ئۇنىڭ قىزى لادوچكا چاقچاق قىلىشقا ئۇستا ئىدى.

ــ سالاھىيەت گۇۋاھنامەمنى كۆرۈپ باقامسىز، ئانتونىنا فېدوروۋنا؟ ــ ھېلىقى ئەر ھايا قىلماي ھىجايىدى، ئۇ ئۆزىنى ئىلاج بار تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىۋاتاتتى، ــ ئۆي ناھايىتى يورۇق ئىكەن، ھەم زەيمۇ ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ رېمونت قىلىپ قويغاننىڭ زىيىنى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە، تورۇسنى ئاقارتىپ قويساق بولغۇدەك.

ــ قانداق ئەر ئۇ؟ رېمونت قىلىمىز دېگىنىڭلار نېمىسى؟ ــ ئانتونىنانىڭ چىرايىدا كۈلكە ئويناپ تۇرسىمۇ، ئۇ كۆڭلىدە بىر پېشكەللىكنىڭ بولىدىغانلىقىنى پەملىگەنىدى، ــ نېمە ئۈچۈن ئۇشتۇمتۇتلا تورۇسنى ئاقارتماقچى بولۇپ قالدىڭلار؟

ــ چۈنكى بۇ قانۇنلۇق، مەن لادانىڭ ئېرى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن نوپۇسۇمنى ئايالىمنىڭ تۇرار جايىغا تىزىملاتساممۇ بولىدۇ، ــ بۇ ناتونۇش ئادەمنىڭ ھېلى ئۆيگە كىرگەن چاغدىكى ئوڭايسىزلىنىشلىرى تۈگىگەنىدى، دېمەك، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن ھەيۋە قىلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، ئەلپازى يامان ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بايا مىس-مىس گەپ قىلغىنىغا خىجىل بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، ــ قوشۇلمىسىڭىز، ئىلتىماسىمغا قاراپ بېقىڭ،

www.uyghurkitap.com

ئىلتىماستا ئۆي ئىجارىسى، سۇ، توك پۇلى قاتارلىق خىراجەتلەرنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ يېرىمىنى تۆلەش تەلەپ قىلىنغان. بىز ئۆزىمىزنىڭ قانداق ھوقۇقى بارلىقىنى بىلىمىز. ئەگەر بىز بىلەن تالىشىدىغان بولسىڭىز، بىز خەلقى ئالەم ئالدىدا سىزنى ياش ئەر-ئاياللىنىڭ بەختلىك ئائىلىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، بىزنىڭ تۇرمۇش قۇرۇشىمىزغا ئۆزى قوشۇلغان. بىز نوپۇسىمىزنى قانۇنلۇق ھالدا بۇ يەرگە تىزىملاتقان دەيمىز. سىزنىڭچە مۇشۇنداق دېسەك بولامدۇ؟ ئەمسە، بىز بىللە تۇرايلى.

ئانتونىنا ئارقا-ئارقىدىن چىقىۋاتقان، ئالدىن تەييارلانغان بۇ سەھنە سۆزىنى ئاڭلاپ بىر يەرگە كەلگەندە، تاشقا ئوخشاش ھەم قۇرۇق، ھەم قاتتىق بىر پارچە داڭگال يەنە ئۇنىڭ ئومۇرتقىسىغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلغاندەك تۇيۇلدى. ئاغرىغان يەنە ھېلىقى يېرى، پەقەت ئاغرىشىلا ئوخشىمايدۇ. قاتتىق ئاغرىق، چىدىغۇسىز ئاغرىق ئۇنى ئېسىدىن كەتكۈزۈۋەتمىدى، ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىدىن، ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارى بىلەن سۆزلەش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىپ قويدى. ئىۋانىشنا پەس ئاۋازدا بوغۇلۇپ سۆزلەيتتى، ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتكەندى، ئاغزى ئاۋۋالقىدەكلا چوك ئېچىلىپ تۇراتتى.

— مېنىڭچە، بىز كېلىشەلەيمىز، — بىردەمدىن كېيىن ئۆينىڭ يېڭى خوجايىنى بولۇۋالغان ھېلىقى كۈتۈلمىگەن مېھمان گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — سىزنىڭ ئوردېنىڭىز بار. سىز شەھەرلىك كومىتېتقا بېرىپ، بۇ يەردىكى قىستا-قىستاڭچىلىق توغرىسىدا پىكىر بېرىڭ، بىزنىڭ سىزنى رەنجىتكەنلىكىمىزنىمۇ ئېيتىڭ، ئۇلار چوقۇم سىزگە باشقا بىر يەردىن ئۆي بېرىدۇ. ئۇ چاغدا بەكمۇ بەلەن ئىش

بولمامدۇ. سىز يەنە ئۆيىمىزگە كېلىپ تۇرىسىز. يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن لادامۇ تۇغىدۇ، سىز بىزنىڭ يىغلاڭغۇ بالىمىزنى بېقىپ بېرىسىز. قېرىغىنىڭىزدا زېرىكىپ قالمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن بىزگە رەھمەت ئېيتامسىز تېخى...

ئۇ يەنە بىرمۇنچە سۆزلىدى. لادادىن زۇۋان چىقمىدى، ئۇ كۆزىنى ئۆگەي ئانىسىدىن قاچۇرۇشقا تىرىشاتتى، ئۇۋانشىنا بولسا ھە دەپ لادانىڭ كۆزىگە قاراپ، ئۇنىڭدىن گەپ ئالماقچى بولاتتى، لادادىن بىرەر ئېغىز گەپ چىقىسمۇ مەيلى ئىدى، ئەمما، ئۇ لام-جىم دېمىدى. ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىۋاتقان بۇ ناتونۇش ئەر توختىماستىن سۆزلەۋەردى:

— لاداغا ئىچىڭىز ئاغرىمامدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئۆي بەختكە ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر يولى، بىز ئىككىمىز بۇ يەردە يەنە ئىككى بالىنى چوڭ قىلىمىز...

كونىچە ئىشكاپنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىكى تارتمىنىڭ ئىچىدە ۋالىرىك تاپانچىسى بار ئىدى. بۇ ئىشكاپنىمۇ ئۇ بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەن چاغدا ھەربىي كومىسسارنىڭ ھۆججەت يېزىپ بېرىشى بىلەن ئالغانىدى. بۇ مەرگەن ئوفىتسېرلەرنىڭ ئىشلىتىشىگە لايىق تاپانچا بولۇپ، تاپانچىنىڭ سېپىدا لىق سېلىنغان بىر دەستە ئوق بار ئىدى، ئۇنىڭ يېنىدا تەييارلاپ قويۇلغان يەنە بىر دەستە ئوق بار ئىدى، بۇنى ئۇ دۈشمەن ئاكوپىدىن ئۆزى ئېتىپ تاشلىغان جۇڭۋېينىڭ قولىدىن ئېلىۋالغانىدى. بۇ ناھايىتى ئەپلىك تاپانچا بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا ئۇ بۇ تاپانچىغا ئېرىشكىنى ئۈچۈن خۇشاللىقىدىن قىن-قىنىغا پاتماي كەتكەنىدى. ئۇ بۇ تاپانچىنى ۋىلىيامىنوۋ جۇڭۋېيغا سوۋغا قىلماقچىمۇ بولغانىدى. بىراق كېيىن جۇڭۋېي ئۆزىنىڭ سۆيگىنىنى

تېپىۋېلىپ مەڭگۈلۈك غايىب بولدى، ئۇنىڭ ئىۋانىشىغا قالدۇرۇپ كەتكىنى مانا مۇشۇ ئۆي، يالغۇزچىلىق ۋە خاتىرىلەش ئەھمىيىتى بار مۇشۇ تاپانچا بولدى. بۇ يۇقىرىغا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك شەخسىي قورال بولۇپ قالماستىن، بەلكى بىر سىمۋول ئىدى، ئۇ ئىۋانىشنانى نېمىس ئالۋاستىلىرىنىڭ ئاكوپىدا بولغان تۇنجى ئۇرۇش بىلەن، ئۇنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق شەرتسىز، جان-دىلى بىلەن ئىنتىلگەن، ئەمما ئېرىشەلمىگەن مۇھەببىتى بىلەن باغلاپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇ ھەربىي سەپتىن چېكىنىش بۇيرۇقىنى ئالغان چېغىدا ئولجىغا چۈشكەن بۇ تاپانچىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا چىدىماي، باشقىلاردىن ئوغرىلىقچە كونا ھۆججەتلەر ئارىسىغا تىقىۋەتكەنىدى. كېيىن ئۇ بۇنى ئۇنتۇپ قالغانىدى، ئەمما ھازىر ئۇ يادىغا كەلدى، ناھايىتى ئېنىق يادىغا كەلدى. ھەتتا قولى ئۇنىڭ ئېغىرلىقىنىمۇ سەزگەندەك بولدى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرالىغان بولسا، ئۈچ قەدەم مېڭىپ ئىشكاپنىڭ ئالدىغا بارالىغان بولسا، تارتمىنى تارتىپ ئاچقۇدەك مادارى بولغان بولسا، ئۇنىڭدا توپتوغرا بىر دەستە ئوق بار ئىدى-دە، بۇ يۈزسىز، كۆرەڭ، مەمەدانىنى سىرىۋەتكەن بولاتتى. پەقەت ئورنىدىن تۇرالىغان بولسىلا، پەقەت...ھېلىقى ناتونۇش ئەرنىڭ گېپى ئىۋانشىنانىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، ئۇ كۈچىنى قانداق يىغىشنى ئويلاۋاتاتتى، ئۇ ئۆزىگە "تۇر ئورنۇڭدىن، تۇر ئورنۇڭدىن، تۇر ئورنۇڭدىن!..."دەپ بۇيرۇق قىلاتتى.

— ئىشقىلىپ، ئارىنى تاختاي بىلەن توسۇپ قويىمەن. لادا ئالدىڭىزدا خىجىل بولۇپ قالدۇ. بىز ياشلار تەبىئىي تەلەپكارلاردىن بولىمىز. سىزنىڭ بىزگە قانداق كۆرسەتمىلىرىڭىز بار؟ "بىز ئىلتىپاتنى

كۇتۇپ تۇرماسلىقىمىز كېرەك، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئۇنى تارتۋېلىش"، شۇنداقمۇ، چوڭ ئانا؟

يا پەرۋەردىگار، ئۇ ئورنىدىن تۇرالىغان بولسا، ئۈچ قەدەم ماڭالاتتى-دە، تۆت قەدەم مېڭىشىمۇ مۇمكىنغۇ؟ ئەمما ئارىلىق ئۈچ قەدەملا كېلىدۇ. بۇ ئارىلىقنى بېسىشقۇ تەس ئەمەس. ھە راست، ئىشكاپنىڭ تارتمىسىنى ئېچىش ئەپسىز، ئۇ ناھايىتى ھەم يېپىلغان، تارتسىلا ئاۋاز چىقىپ كېتىدۇ...

— ئۆينى ئادىل بۆلۈشەيلى: بىز ئىككى ئادەم، سىز بىر ئادەم، دېمەك، ئۆينىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى بىز ئالايلى، ئۈچتىن بىر قىسمىنى سىز ئېلىڭ. لادا، سەن قايسى تەرەپنى ئالىسەن؟ سەن ئىككى قات، ئاۋۋال سەن تاللا.

لادا ئۈنچىقمىدى، ئۇ قولى بىلەن كارىۋات قويۇلغان تەرەپنى كۆرسەتتى. يېقىندىن بۇيان ئۇلار — ئۆگەي قىز بىلەن ئۆگەي ئانا — شۇ كارىۋاتتا يېتىپ كېلىۋاتاتتى. لادا ئۆيگە كىرگەندىن تارتىپ، ئۈنىنى چىقىرىپ ئېرىنى تونۇشتۇرغاندىن باشقا، گەپ قىلمىغانىدى. ئۇ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا قالايمىقان يېيىلىپ ياتقان نەرسىلەر ئارىسىدا تۇراتتى.

— چۈشەندىم. قېنى ئەمىسە، چوڭ ئانامنىڭ كارىۋىتىنى ئاۋۇ تامنىڭ يېنىغا يۆتكەيلى...

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، ئىشىك ئېچىلىپ، يېڭى قوشنىسى ئولېگ بېلياكوۋ كىرىپ كەلدى. ئۇ نېمە ئۈچۈن چاقىرمىسىمۇ ئۆزى كىرىدۇ، ھەتتا ئىشىكنىمۇ چەكمەستىن ئۇسسۇپ كىرىدۇ؟ — بۇنى ئۇ كېيىنمۇ، ھەتتا مەڭگۈ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ (ئۇ "قانداقتۇر بىرنېمە ئۇنى مۇشۇ ئۆيگە كىرىشكە نوقۇغاندەك سەزدى...")، بۇ

ۋاقىتتا، لادانىڭ ئېرى سىرلاپ پارقىرىتىلغان، شارەك چاقلىق سىم كارىۋاتنى تۇتۇپ، گەپ قىلماي تۇرغان ئايالىنىڭ يارىسىنى كۈتمەيلا سۆرىدى.

— نېمە ئىش بولدى، ئانتونىنا فېدوروۋنا؟

ئۆيگە ئادەم كىرگەنلىكى ئۈچۈنمىكىن، يا كۈچنى يىغىۋالغانمە-كىن، ئۇۋانىشنا قولىنى تەستە كۆتۈرۈپ، كارىۋاتنى سۆرەۋاتقان ئەرنى كۆرسەتتى، ئاندىن غۇۋا، چۈشىنىكسىز گەپنى ئاران چىقاردى:

— فاشىست بۇلاڭچىلار!

بېلياكوۋنىڭ كېيىنكى قىلىقلىرىنىمۇ ئانچە چۈشەنگىلى بولمىدى. ئۇ ھېچكىمدىن سورىماي، گەپمۇ قىلماي بېرىپ بىرىنچى چامادانىنى يوغان ئۇچۇق تۇرغان ئىشىكتىن سىرتقا پىرقىرىتىپ ئاتتى. ئېغىر چامادان كارىدوردىكى ئۇچاقنىڭ گىرۋىكىگە تېگىپ ئېچىلىپ كەتتى، كۆڭلەك، ئاسما ئىشتانباغ، مايكا، كۇسار قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تۆكۈلۈپ، ئاقلامچى ئۇستىنىڭ ئايىغى ئاستىدا پاسكىنا، قارىغۇسىز بولۇپ كەتتى. ئۇلېگ يەنە دەرھال ئىككىنچى چامادانىنى تۇتتى، چامادان ئېچىقلىق ئىدى، بايا لادا ئۇنى قورۇنغان ھالدا ئاختۇرۇۋاتاتتى، ئۇلېگ ئۇنىمۇ سىرتقا ئاتتى، ئەمما چامادان كارىدورغا چىقمىدى، ئەدىيال، ياستۇق قېپى قاتارلىق نەرسىلەر يېيىلىپ كەتتى.

— توختا، نېمە قىلماقچىسەن؟ ئەستاغپۇرۇللا، ما ئەبلەخنى!...

ناتونۇش ئەر كارىۋاتنى ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپ قويۇپ، قوشنىسىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى. ئۇلېگ رەقىبىگە قارىغاندا ۋىجىك بولسىمۇ، قىلچە قورقۇپ قالمىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئاۋۋال قول



www.uyghurkitap.com

سالـدى، يەنە بىرى قايتۇرما زەربە بەردى، لادا ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن چىرقىرىغىلى تۇردى، ئىۋانشىنانىڭ ئومۇرتقىسى ئۇشتۇمتۇت قاتتىق ئاغرىپ، كۆز ئالدى غۇۋا قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

ئىۋانشىنا ئوكۇل سېلىنغاندىن كېيىن ئۆزىگە كەلدى، كۆزى ئېچىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يەنە بۇرۇنقى ئورنىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى، ئەمما يېڭى ئەر-خوتۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ نەرسە-كېرەكلىرى كۆرۈنمەيتتى. بىر ياش دوختۇر غەمكىن ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى، سەل نېرىراقتا ئولېگ ئولتۇرغان بولۇپ، سېستىرا ئۇنىڭ ئېغىر يارىلانغان يۈزىگە پاختا بىلەن دورا سۈر-تۈۋاتاتتى. ئىۋانشىنا يېڭى قوشنىسىنىڭ ياش ئايالىنى كۆردى ("ئۇنىڭ ئېتى نېمە... ئارلا، ئۇنداق ئەمەسمۇ يا؟). ئارلا ئىۋان-شىنانىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى، ئۇ قورقۇپ كەتكەن بولۇپ، ئىۋانشىنانىڭ قولىنى تۇتۇۋالغانىدى.

— قانداقراق؟ — دېدى دوختۇر سوراپ، — گەپ قىلالامسىز؟

— ئۇلار... قەيەردە؟

ئىۋانشىنا ناھايىتى تەستە سۆزلىسىمۇ، قىلغان گېپى ئېنىق بولمى-سىمۇ، ئىشقىلىپ سۆزلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ نۇرى نورمال ئىدى، سوئال سورىغان ۋاقتىتىمۇ ئۇ ناھايىتى سەگەك ئىدى.

— ھەممىسى توغرىلاندى، — دېدى ئولېگ تۇتۇق ھالدا، ئۇ تېخى يېرىلغان كالپۇكلىرىنى ئېچىپ كۆلۈپمۇ قويدى، — ئۇ مېنى خىيالىدا قورقتىمەن دەيدۇ، بىز دېگەن دارىلئېتامدا چوڭ بولغان، پۇل بېرىپمۇ سېتىۋالالمايدۇ بىزنى. دوختۇر، ماڭا يارىلاندى دەپ ئىسپات يېزىپ بېرىڭا.

— يېزىپ بېرىمەن، — دېدى دوختۇر قولىنى پۇلاڭلىتىپ، بۇ

www.uyghurkitap.com

ۋاقىتتا ئۇ ئىۋانشىنادىن ئەنسىرەۋاتاتتى، ــ ھەرىكەت قىلالامسىز؟

ــ قولۇم ئىسسىق تۇرىدۇ، ــ ئۇ قورقۇپ كەتكەن ئارلانىڭ بارمىقىنى ئاستا تۇتتى، ــ پۈتۈم ھېچنېمىنى سەزمەيۋاتىدۇ.

ــ دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارايلى، دەرھال، ــ دېدى دوختۇر قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ۋە ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويدى، ــ سانىتارنى چاقىرىڭ، بىر جىرغا ئېلىپ كەلسۇن.

ــ ئىسپاتچۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئولېگ.

ــ مانا يېزىپ بېرەي، قويىگە سىزنى، ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ.

ــ دوختۇر، مەن ئۆزەم ئۇچۇن بۇنداق قىلىۋاتمايمەن، ــ بېلىياكوۋ كۆلۈمسىرەپ، يىرىلغان كالپۇكلىرىنى تىلى بىلەن ئاۋايلاپ يالاپ قويدى، ــ بۇ لوكچەكنىڭ ئەدىپىنى مۇشۇنداق بېرىش كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدە لادوچكىمۇ بار، ــ بۇ ۋاقىتتا ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئانتونىناغا قاراپ قويدى ھەمدە خىجىل بولغان ھالدا قوشۇپ قويدى، ــ سىز، ئەلۋەتتە، ئۆز بېشىمچىلىق قىلغىنىمنى كەچۈرىسىز. سىز خالىمىسىڭىز، لاداغا تەگمەيمەن.

ئىۋانشىنا جاۋاب بەرمىدى.

ئۇ بالنىستىتا ئۈچ ئايغا يېقىن ياتتى. بۇ جەرياندا، يېڭى قوشنىسى ئۆيىنى رېمونت قىلىپ كۆچۈپ كىرىۋالدى ھەمدە ئۇلار ھەر كۈنى ئىۋانشىنانى يوقلاپ تۇرغان (بەزىدە ئۇلار بىللە كېلەتتى، بەزىدە ئايرىم-ئايرىم كېلەتتى) بولغاچقا ئۇبدان دوست بولۇشۇپ قالدى. دەسلەپتە ــ بۇ جەرياندىكى ۋاقىت خېلى ئۇزاق، ــ ئۇنىڭ كۆڭلى غەش بولغانلىقتىن، قولىقىغا ھېچنەرسە كىرمەيتتى، كۆزىگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. شۇڭا ئىۋانشىنا ئۇلارنى تۈزۈك كۆرمىگەن،

ئۇلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىمىغانىدى. ئەمما ئولېگ بىلەن ئارلا ئۇنى يوقلاپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە ئېلىپ كەلمەيتتى ياكى نەرىڭىز ئاغرىپ تۇرىدۇ، قايسى ئەزايىڭىز ئاغرىيدۇ، قانداق داۋالىنىۋاتىسىز، دوختۇر نېمە دەيدۇ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنى سورىمايتتى، يېڭى قوشنىسى بېرىش ـ كېلىش قىلىشنىڭ يولىنى بىلەتتى ھەم ئۇ ناھايىتى ئاق كۆڭۈل ئىدى. مۇشۇلا ئىۋانىشىنانىڭ غەم ـ قايغۇلىرىنى تۈگىتىپ، ئۇنىڭ مۇزلىغان يۈرىكىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ھالدا ئېرىتەلەيتتى.

ــ قاراڭا سىزنى، بىزنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك، ئانتونىنا فېدوروۋنا.

ــ ھېچ بىلەلمىدىم، سىلەر نېمىشقا ئۆزەڭلەرگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ يۈرىسىلەر؟ ــ دېدى ئۇ سىقىلغاندەك بولۇپ، ــ دائىم كېلىسىلەر، مېنىلا يوقلاپ كېلىسىلەر، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شۇنداق قىلىڭلار دېدىمۇ يا؟

ــ بۇ دېگەن بۇيرۇق، ــ دېدى ئولېگ، ــ بىز ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى داۋامىدا ئۇرۇق ـ تۇغقان بولۇپ كەتكەن، بىراق سىز بىر تۈپ ئالما دەرىخى، مەن پەقەت بىر كىچىك ئالمىدۇرمەن.

ئىۋانىشىنا كۈلۈمسىرىدى: بۇ بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن ئۇنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەنىدى، ھەتتا ئۇ بۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى.

ــ ۋۇي، كۈلۈۋاتىسىزغۇ، دېمەك، ياخشى بولۇپ قاپسىز ـ دە. ئەمدىغۇ تونۇشۇۋالارمىز، ــ دېدى ئۇ، ــ ئاركا ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى دەپ بىرەر، مەن تەرجىمىھالىمنى يېزىپ قويدۇم، ئاركا ئۇنى سىزنى دەپ ئاتايىن ماشىنكىدا ئۇرۇپ قويدى. مەن كەتكەندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن، كۆرۈپ باقمەن دېسەڭىز، ئالدىردىماي، ئاستا كۆرەرسىز.

ئولېگ بىرنەچچە ۋاراق قەغەزنى قويۇپ قويۇپ كېتىپ قالدى. ئانتونىنا فېدوروۋنا دەررۇ ئۇنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

"سۆيۈملۈك قوشنىمىز ئانىنا فېدوروۋنا." خەتنىڭ باشلانمىسى چوڭ يېزىلىش بويىچە، ئايىغى ئادەتتىكى يېزىلىش بويىچە ئۆرۈلغاچقا، ئۇۋانشنا دەسلەپتە ئانچە زورۇقمايلا ئوقۇدى.

"ئارىمىزدا ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالمىسۇن. ئەمما سىز ھازىر مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىماسلىقىڭىز مۇمكىن، سىزنىڭ تېخى بۇ ئىشلارغا كۆڭۈلشىگۇدەك ماغدۇرىڭىز يوق، شۇڭا سىزگە خەت يېزىشتىن باشقا ئامال تاپالمىدىم. لېكىن سىزگە مېنىڭ نېمە ئۈچۈن سىزنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىڭىزغا بىۋاستە كىرگەنلىكىمنى ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشۈم كېرەك. مېنىڭ بۇ خەتنى يېزىشىمدىكى سەۋەب ئەنە شۇ. ئاركا (مېنىڭ ئايالىم) سىزنى ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن دەپ، بۇ خەتنى ماشىنكىدا ئۆرۈپ كەپتۇ.

مەن دارىلئېيتامدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان، مەن دارىلئېيتامغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، دارىلئېيتامنىڭ مېنى تەربىيىلەپ ساغلام چوڭ قىلىپ قويغىنى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمەن، تەقدىرىمنى ئۆز قولۇمغا بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ماڭا ئاركانى ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمەن. بىراق دارىلئېيتام تۇرمۇشىدا بەزىبىر كىچىك پاسسىپ نەرسىلەرمۇ پەيدا بولۇپ قالاتتى: بىز بىر ياتاقتا 40 بالا ياتاتتۇق، ياتاقتا ئىككى قەۋەتلىك كارىۋاتتىن 20سى بار ئىدى. بىر شىرەدە 12 بالا تاماق يەيتتۇق. بىز بىللە ئويناپتتۇق، بىللە دەرسكە چىقاتتۇق، بىللە قاتار بولۇشاتتۇق، تەرەت قىلىشاق جامائەت تەرەتخانىسىغا باراتتۇق، پاسسىپ نەرسىلەرنى پەيدا قىلى-

دىغان سەۋەب ئەنە شۇ ئىدى، چۈنكى نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئىچىدە ھەر كۈنى، ھەر سائەت ۋە ئۇزاق ياشاش دېگەن ئاۋارىچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس-دە. ‹نېمە كىتاب كۆرۈۋاتىسەن؟›، ‹كىمگە خەت يېزىۋاتىسەن؟›، ‹خىيال سۈرۈپ كېتىپسەنغۇ؟›، ‹نېمىنى ئويلاۋاتىسەن›، — قاراڭ، مۇشۇلارنىمۇ سورامدۇ كىشى! دېمەك، ھەممە ئىشتا بىللە بولغاندىكىن، ھەممە نەرسە ئورتاقلىشىپ كېتىدىغان گەپكەن، ھەتتا ئىدىيىمۇ ئورتاقلىشىپ كېتىدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن كاللىڭىزدا ئاستا-ئاستا بىر پىكىر پەيدا بولىدىكەن، دەسلەپتە كۆز يېشى قىلىدىكەنسىز، كېيىن خىيال قىلىدىكەنسىز، ئەمما ھاياتنىڭ ئومۇرتقىسى بولغان ئۈمىدنىڭ ئۆز ئۆۋىسى بولىدىكەن. ئۇ ئۆۋىسىدىن چىقىسچۇ تېخى! بۇ ھەتتا ئۈمىد ئەمەستەك، ئۈمىد دېگەن سۆز تەشنالىقنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغاندەكلا قىلاتتى. مەنمۇ بۇنىڭغا باشقا سۆز ئىزدەپ يۈرمىدىم: دارىلئېتامدىكى ھەر-بىر بالىغا بىر ئېغىز ئۆي تەگسىلا بۇ تەشنالىق قاناتتى. ئۇنىڭ ئورنىنى باسقۇدەك باشقا نەرسە يوق ئىدى. مەن بۇ تەشنالىقنىڭ باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا قانداق ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم، ئەمما مەن تەشنالىقىم ئارتىپ ساراڭ بولاي دەپ قالاتتىم. مەن ئۆزەمنىڭ ئۆيىنى چۈشۈمدە كۆرگەن، ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى، نەچچە دېرىزىسى بارلىقىنى بىلەتتىم. مەن خىيالىمدا شۇ ئۆيۈمگە ئۆي جاھازلىرىنى مۇنداق قويسام، تام خۇيلايدىغان قەغەزنى ئوبدان تاللىسام، ئاسقۇ بېكىتسەم، ئۆزچات ئورناتسام، توك سىمى تارتسام دەپ ئويلايتتىم. مەن دارىلئېتامدىكى ۋاقتىمدىلا ئۆزەمنىڭ ئۆيى توغرىسىدا ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدىم، كېيىن تېخنىكومغا چىقىپ ياتاقتا ياتىدىغان بولدۇم،

ئۇخلاشتىن ئاۋۋال مۇشۇ ئۆي توغرىسىدا ئويلىماي قويمايتتىم. خىيالىمدا بولسىمۇ مۇشۇ ئۆيگە كىرىپ، شىرە ۋە سافالارنى تاراق-تۇرۇق قىلىپ ياتمىسام، جىن بوغۇۋالغاندەك زادى ئۇخلىيالمايتتىم. ھەممىلا يەردە ئۆي قىس، دارىلئېيتامدا چوڭ بولغان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆي ئېلىش تېخىمۇ تەس. بۇ جەمئىيەتنىڭ بىزگە ئوبدان قارىمىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، ــ ئەكسىچە، ھەممە ئادەم بىزگە ئوبدان قارايتتى، ئېھتىمال بەك ئوبدان قاراۋاتسا كېرەك. ــ بەلكى دارىلئېيتامدا ئۆي تەقسىم قىلىشتا بىرلا ئۇسۇل، يەنى ئۆچىرەتتە تۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغانلىقتىن بولغان. ئومۇمەن بالىلارنىڭ نوپۇسى ئاتا-ئانىسىنىڭ يېنىدا، دارىلئېيتامدىكى بالىلارنىڭ نوپۇسى كوللېكتىپ نوپۇسىنىڭ ئىچىدە بولاتتى، دارىلئېيتامدىكى بالىلار، ئۆي گۇۋاھنامىسى ئالغان تەقدىردىمۇ، ئۆي ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس ئىدى. ۋاي خۇدايىم، بۇنىڭدا قانچىلىك ئۇزاق كۈتىدىغان گەپ-ھە!

نېمە ئىلاج؟ پەقەت ئىككىلا لايىھە بار ئىدى: يا ئۆيى بار خوتۇننى ئېلىش كېرەك، يا ئۆيى بار ئەرگە تېگىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا لايىھە مەۋجۇت ئەمەس. مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ لايىھەلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئاقمايتتى، چۈنكى مەن 7-يىللىق سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چېغىمدىلا ئاركانى ياخشى كۆرۈپ قالغان. ئۇ ۋاقىتتا ئاركا تېخى دارىلئېيتامنىڭ 4-يىللىقىدا ئوقۇۋاتاتتى، ئۇ ئۇستىبېشىغا گۈل قىسىپ يۈرەتتى، يېڭى يىل بايرىمىدا ئۇ قار قىز بولۇپ شۇنداق چىرايلىق ياسىنىپتۇكى، مەن بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالدىم، ئۇنىڭدىن زادى كېچەلمىدىم. ئۇ 18 ياشقا كىرگۈچە كۈتۈپ تاقىتىم تاق بولدى، بىز توي قىلىمىز دەپ تىزىمغا ئالدۇردۇق، ئۇ ۋاقىتتا

بىزنىڭ باش تىققۇدەكمۇ يېرىمىز يوق ئىدى، ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، شەھەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۆيىنى ئىجارىگە بېرىدىغان بولدى. مەن بىر ياش تېخنىك ئىدىم، ئاركا بولسا تېخى ئوقۇۋاتاتتى، بىزنىڭ بىر ئېغىز ئۆي ئۈچۈن تۆلەيدىغان ئىجارە ھەققىمىز تاماق خىراجىتىمىزدىن كۆپ ئىدى، ئاركانىڭ قولىدىكى پۇل ئارانلا يېتەتتى. ئەمما بىز بالا بېقىشتىن قورقۇپ كەتمىدۇق، ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى، بىر كۈنى بىز ئىشقا چىقىپ كەتسەك، بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئايال خوجايىنى مەست بولۇپ قېلىپ، ئېھتىيات قىلماي بالىمىزنى، بىزنىڭ ھېلىقى قىزچىقىمىزنى پېشايۋاندىن يەرگە چۈشۈرۈۋېتىپتۇ.

مېنىڭ سىزگە، ئانتونىنا فېدوروۋنا، بۇلارنى دەپ يۈرۈشۈمدىن مەقسەت مېنىڭ بۇ ئىشنى قىلىشىمغا تۈرتكە بولغان نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشتۇر: مەن بۇ پاجىئەنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، قوشۇمچە ئىش تېپىپ ئىشلەشكە باشلىدىم، ئازراق پۇل توپلاپ بىر ياتاق بىناسى سالماقچى ياكى شەھەر سىرتىدىن بىر ئۆي ئالماقچى بولدۇم. تېخنىكا ئىشلىرى — ئېلېكترون ئىلمى ياكى ئېلېكتر ئىشلىرى تېخنىكىسىغا دائىر ئىشلارنى قىلىش جەھەتتە قولۇم ئەپلىك، كاللاممۇ ئۆتكۈر ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئاۋاز سىستېمىسى كەڭ ئەۋج ئېلىپ كەتتى، مەن دەرھال ئۆزەمنىڭ ئۇستۇن تېخنىكىسى بىلەن داڭ چىقىرىۋەتتىم. بۇ ئىشلار مەن ئۈچۈن ناھايىتى ئاددىي ئىدى، ئەمما ئالىدىغىنىم بىرىنچى دەرىجىلىك ئىش ھەققى ئىدى. بىزمۇ خېلى ھاللىنىپ قالدۇق، ھەتتا بانكىغا پۇل قويۇشقىمۇ باشلىدۇق. مېنى ئىزدەپ كېلىدىغانلار كۆپ ئىدى، مەن كەلگەن ئادەملەرگە قاراپ ئىش قىلىدىغان

بولۇپ قالدىم.

بىر قېتىم، ئىگور ئىسىملىك بىر يىگىتنىڭ تېلېفونىنى ياساپ بەرگىلى باردىم. تېلېفون خېلى تۈزۈك ئىدى، بىراق يامان يېرىدىن بۇزۇلۇپ قالغانىكەن. مەن ئۇنى ياساشقا تۇتۇندۇم، ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ شۇ ئىشقا باراتتىم، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ دادىسى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ نېمە باشلىق، قەيەرنىڭ باشلىقى، بۇ مەن ئۈچۈن ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى، گەپنىڭ توچكىسى، ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ شۋېتسارىيىدىن ئىمپورت قىلىنغان تېلېفونىنى ئوڭشاپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. مەن تېلېفونىنى ئوڭشىغاچ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتىم، سىزگە ئەھۋالىمنى ئېيتىپ بەرگەنگە ئوخشاش، ئۇنىڭغىمۇ ھەممىنى ئېيتىپ بەردىم. ھايت-ھۇيت دېگۈچە بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى! مەن ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدا مېيىپ بولغان ھەربىي ئانتونىنا فېدوروۋنا ئىۋانىشنانىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كىرىش توغرىسىدىكى ئۆي گۇۋاھنامىسىنى ئالدىم. دېمەك، سىزنىڭ قېشىڭىزغا كۆچۈپ كەلدۇق، قەدىرلىكىم، ھاياتىمىزدىكى تۇنجى قوشنىمىزنىڭ يېنىغا كەلدۇق.

بۇلارنى يېزىپ نېمە قىلىدىكىنە؟ دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. بۇنى يېزىشتىن مەقسىتىم — ئۆزىمىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى، مېنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆيىڭىزگە بۆسۈپ كىرگەنلىكىمنى، بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، سىزنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىڭىزنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قويۇش. بىز دارىلئېيتامدا چوڭ بولغان بالىلار (بۇنى سىزگە دېگەن)، سىز گويا بىز توختايدىغان پىرىستان، گويا دېڭىزدىكى بىر كىچىك ئارال. بەلكىم، بۇلارنى ئارقا سىزگە تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قويار. ھېسسىيات جەھەتتىكى ئىشلارنى ئانچە



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىلمەيمەن. ئەمما مەن بىزنىڭ ئىناق، خۇشال-خۇرام ئۆتۈشىمىزنى ئۈمىد قىلىمەن. مۇشۇ ئىش ئۈچۈن، بۇ خەتنى يازدىم.
قوشنىڭىز ئولېگ بېلياكوۋ"
ئانتونىنا فېدوروۋنانىڭ تېنى ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، يا دىلى نازۇك بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ماشىنكىدا ئۇرۇلغان بۇ سەممىي يۇرەك ساداسى ئۇنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. ئۇ بۇ "تەرجىمھال"نى قايتا-قايتا ئۈچ قېتىم ئوقۇپ چىقتى، ھەربىر قېتىم ئوقۇغاندا، قەلبى يىللىپ قالغاندەك بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەسىراتىنى قىلچە يوشۇرماستىن ئولېگقا سۆزلەپ بەردى، چۈنكى ئۇنىڭ خېتىگە جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك-دە.
— مەن مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا خەت يازغان، — دېدى ئولېگ ئۇنىڭغا، ئارقىدىن يەنە قوشۇپ قويدى، — سىز بۇ يەردە داۋالىنىۋاتقان پەيتتە ئۆيىڭىزنى رېمونت قىلىپ قويساق قانداق؟
— ھاجىتى يوق.
— نەرسىلىرىمنى ئوغرىلاپ كېتەمدىكىن دەپ قورقۇۋاتامسىز؟ ئۇ دېگىنىڭىزمۇ توغرا، دارىلئېتامدىن چىققاندىكىن شۇنداق ئادەملەر-دە، بىز.
ئۇنىڭ سوئال سوراشلىرى، ئۆزىنى باھالاشلىرى، شۇنىڭدەك سۆزلىگەن چاغدىكى كۈلۈمسىرەشلىرى ئانتونىنانى كۈلدۈرۈۋەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە غۇدۇڭشىدى.
— مەن باشقىلارغا قەرزدار بولۇشنى ياخشى كۆرمەيمەن.
— ۋاقتى كەلگەندە ھېسابلىشىۋالساق بولمامدۇ! — دېدى بېلياكوۋ ئانتونىناغا ۋەدە بېرىپ، — تام خۇيلايدىغان قەغەزنى ئېلىپ كېلىپ سىزگە كۆرسىتەمدۇق ياكى ئۇنى ئاركا تاللىسۇنمۇ؟

— ئاركا تاللىسۇن! — دېدى ئىۋانىشنا، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ خۇيلىرى تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى، ئۇ كۆڭلىدىكى گەپنى دەۋەتتى.

لېكىن، بۇ ئەر-خوتۇن ئىككىسى ئۆينى رېمونت قىلىۋېتىپ يەنىلا بىر ئاز نەرسە — ئىلگىرى ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان قىزلارنىڭ ئادرېسىنى «ئوغرىلاپ» قويىدى. ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن تەرەپ-تەرەپكە توزۇپ كېتىشكەنىدى، ئەرگە تېگىۋالغانىدى. قېرىپ، توپاقتەك سەمرىپ كەتكەن قىزلىرى بىر-بىرلەپ ئانتونىنا ياتقان ياتاققا كىرگەندە، ئانتونىنا يەنە بىر قېتىم داڭ قېتىپ قالدى.

— تونە، نېمە بولدۇڭ؟ نېمىشقا ماڭا ئېيتمايسەن، تونېچكا؟ بىز يات ئەمەسقۇ. نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ مېنى تونۇيالمايۋاتامسەن يا؟

— زىنكا، — دېدى ئۇ ئارانلا، ئۇنىڭ ئىسسىق كۆز ياشلىرى بۇلاقتەك بۇلدۇقلاپ ئېقىشقا باشلىدى: بۇ ئۇنىڭ ھېلىقى ئاخشىمى ئىش چىققاندىن بۇيان بىرىنچى قېتىم يىغلىشى ئىدى، — زىنا، زىناچكا.

— مەن ئۆزەملا كەلمىدىم، — دېدى ئۇلاردىن بىرى ئۆكسۈپ يىغلاۋېتىپ تۆۋەن ئاۋازدا، — ھەي، ئوغلۇم! كەل، چوڭ ئاپاڭ بىلەن تونۇشۇۋالغىن.

ياتاققا تارتىنچاق، بوي-تۇرقى كېلەڭسىز، كالانپاي بىر يىگىت كىرىپ كەلدى. بۇلارغۇ ئەمەلىيەتتە ھېچقانچە ئىش ئەمەس، لېكىن شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسى ئىش چىقتى: ئولېگ بېلياكوۋنىڭ ياتاققا كىرىپ-چىقىشتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك كىيىملىك كارتىسى مۇسادىرە قىلىندى.

— ھوي، ئۆزىڭىز بىلىسىز، — دېدى مەسئۇل دوختۇر ئىككى قولىنى قېقىپ، — بىز ئىۋانىشىنانىڭ كېسىلىنى مىڭ تەستە ساقايتتۇق، سىز چۇ؟

— ھە، مەن نېمە قىپتىمەن؟ — ئۆلىگ ھېچنېمە بولمىغاندەك قايتا سورىدى، — ماختىغىنىڭىزغا رەھمەت، ئۇزاق مۇددەتلىك كېسەلگە قاراش كېنىشكەمنى قايتۇرۇپ بېرىڭ، ئىۋانىشىناغا تاماق ئەكىرىپ بەرمىسەم بولمايدۇ، سىلەرنىڭ تاماقىڭلارنى يېسە، يۇگگاچىلارمۇ چىدىمايدۇ.

— نېمىنى ماختاپتىمەن؟ بىلەمسىز، سىز ئىۋانىشىنانىڭ نېرۋىسىنى قوزغاپ، ئۇنى...

— بولدىلا، دوختۇر. خۇشاللىقتىن ئادەم ئۆلۈپ كەتمەيدۇ.

بۇ قېتىم زىنكا بىلەن تاسادىپىي كۆرۈشۈشتىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، كۆپ يىغلىغانلىقى ئۇچۇن بولسا كېرەك، ئانتونىنا فېدوروۋنانىڭ يۈزىدە ئاز-تولا سېزىم پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بېلىنىڭ سانچىپ ئاغرىشىمۇ توختىدى، بۇ خىل ئاغرىش، ئۇنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، غەلىبىنى تەبرىكلەش بايرىمىدا ھەممە يەردە ئېتىلىدىغان ھۆرمەت ساليوتىغا ئوخشايتتى. شۇنداق قىلىپ، ئىۋانىشىنامۇ ئاستا-ئاستا ئورنىدىن تۇرالايدىغان، ھەرىكەت قىلالايدىغان بولدى. ئەلۋەتتە، دەسلەپتە ئۇ ھاسىغا تايىنىپ ماڭدى، كېيىن ھاسا تۇتۇپ ماڭالايدىغان، ئاخىرىدا ئۆزى ماڭالايدىغان بولدى. بىر كۈنى، ئۇ ئۆلىگقا داۋالاش بۆلۈمىگە ئۆزەم بارالايدىغان بولدۇم دەپ ماختاندى.

— دېمەك، ئەمدى مەسلىھەتلەشسەك بولىدىكەن-دە؟ بۇ لادوچكا نوپۇسىنى يۆتكىگىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ. ھېلىقى بۇقىنى ئېلىپ كەتكەنچە

قايتا ئىلىپ كەلمىدى. بىز بولمىغان چاغلاردىمۇ ئۇ ئۆيىگىزگە بېرىپ قويمايدۇ، ــ مەن ئۆيىگىزگە يېڭى قۇلۇپ ئورنىتىپ قويدۇم، لېكىن لادوچكا نوپۇسىنى دەپتەردىن ئۆچۈرۈشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي يۈرۈيدۇ. شۇڭا مۇنۇ دوكلاتقا قول قويۇپ بېرىشىڭىزنى سورايمەن، ــ دېدى ئولېگ.

ئىۋانشىنا گەپ قىلماي شەھەرلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسىگە يېزىلغان بۇ ئىلتىماسنى بىر قېتىم كۆرۈپ چىقتى. ئىلتىماستا لادا ۋە ئۇنىڭ ئېرىنىڭ جېدەل چىقارغانلىقىغا دائىر جەريان يېزىلغانىدى، ئىشنىڭ جەريانى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن، ئەمما كۆپتۈرۈۋېتىلمىگەنىدى. دوكلاتنىڭ ئاخىرىدا: لادانىڭ ۋىجدانسىزلىق قىلغان ئىپادىسىگە ئاساسەن، بۇ ئايال پۇقرانىڭ نوپۇسىنى دەپتەردىن ئۆچۈرۈۋېتىش تەلەپ قىلىنغانىدى. بۇ ئىلتىماسنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىۋانشىنانىڭ كۆز ئالدىدا بۇ مۇلايىم، كۆيۈمچان ئۆگەي قىزى بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشكەن چاغدىكى ھالەت ئەينەن گەۋدىلەندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ كەتتى، ھەم ئىچى تىت ـ تىت بولدى. ئۇ دوكلاتقا قول قويۇپ بەردى، «ۋىجدانىنى يوقاتقان» دېگەن سۆپەتنىمۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بىرەر سۆزگە ئالماشتۇرۇۋەتمىدى.

ــ ئۇ سوتقا بېرىشى كېرەك، ــ دېدى ئارلا ئۇھ تارتىپ.

ــ مەنمۇ سوتقا بېرىشىم كېرەك، ــ دېدى ئولېگ كۈلۈپ، ــ مېنىڭ يارىلانغان ئىسپاتىم بار.

ئولېگنىڭ يارىلانغانلىقى توغرىسىدىكى ئىش ئىۋانشىنانىڭ ئېسىدە يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئىسپاتى توغرىسىدىمۇ ھېچقانداق خەۋىرى يوق ئىدى، چۈنكى ھېلىقى ئىشلار يۈز بەرگەن ۋاقىتتا، ئۇ ھوشىدىن



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كەتكەن بولۇپ، ھېچنېمىدىن خەۋەر تاپالمىغانىدى. لېكىن يېڭى قوشنىسىنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنى خۇشال قىلمىدى. ئەمما ئۇۋانشىنا بىر نېمە دېمىدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى ئەسلەشنى خالىمايۋاتاتتى، ھېلىقى ئاخشىمى بولغان ئىشنى ئەسلەشنى تېخىمۇ خالىمايتتى.

ئۇلار سوتقىمۇ بارمىدى: لادوچكا غىلىڭ قىلماي، ياۋاشلىق بىلەن نوپۇس دەپتىرىدىن ئىسمىنى ئۆچۈرۈۋەتتى، كېيىن ئۈن-تىنسىز يوقالدى. ئانتونىنا ئۇۋانشىنا كۈلۈپلا يۈرىدىغان بۇ ئولېگ بېلىياكوۋدىن شۇ ۋاقىتتا لاداغا نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى سوراپمۇ قويمىدى، ئەمما ئۇنىڭ، ئولېگنىڭ لادا بىلەن بىر قېتىم سۆزلەشكەنلىكىدىن خەۋىرى بار ئىدى. دۇرۇس، بۇ ئىشنى ئولېگ ئۆز ئاغزى بىلەن دەپ بەرگىنى يوق، — ئۇ بۇ ئىشنى تىلغا ئالسىلا، ئۇۋانشىنانىڭ خۇيى تۇتىدىغاندەكلا ھېس قىلاتتى، شۇڭا ئۇ زۇۋان سۈرمەيتتى — لېكىن ئارلا گېپى تولا ئايال، يەنە كېلىپ ئۇ ئېرىنى ماختاپ ئۈچۈرۈپلا يۈرىدىغان بولغاچقا، بۇ ئىش توغرىسىدا ئۇۋانشىناغا كۆپ سۆزلەپ بەرگەن. ئاركانىڭ دېيىشىچە: ئۇ قېتىمقى سۆزلىشىش قىسقا بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ناھايىتى مەزمۇنلۇق بولغان، لادالا ئەمەس، ئۇنىڭ پوك-پوك سۆزلەيدىغان ئېرىمۇ بىر نېمە دېيەلمىگەن. بىر يىلدىن كېيىنلا ئولېگ ئۇۋانشىناغا ھەققىي ئەھۋالنى ئېيتتى:

— رۇساكوۋ پېتر ئىگناتوۋىچ ئېسىڭىزدىمۇ؟

— قايسى رۇساكوۋ ئۇ؟

— ھەربىي كومىسسارچۇ. ئۇ سىزگە تېخى ئوردېن بەرگەنغۇ! شۇ سۆزلىشىشتە ئۇنىمۇ تەكلىپ قىلغانىدىم، لېكىن ئۇلار ئىككىسى دەماللىققا بىر نېمە دېيەلمىدى.

ئانتونىنا فېدوروۋنانىڭ يۈرىكى ئەلەمدىن پۇچۇلغان، خۇشاللىقى تاسادىپىي كەلگەن بولسىمۇ، ھازىرقى ئەھۋال ئۇنىڭغا پايدىلىق ئىدى. ئۇنىڭ بېلىنىڭ ئاغرىقى توختىغان، كېسىلى ياخشىلىنىپ قالغانىدى. ئۇ پۈتىنىڭ ئاقسىشىغىمۇ قارىماستىن، دەلدەڭشىپ يۈرۈپ، ئۇلىگ ياساپ بەرگەن ھاسىنى تۇتۇپ، تاملىرى ئاپئاق ئاقارتىلىپ، پولىمۇ پاك-پاكىز يۇيۇلۇپ پۈتۈنلەي يېڭى تۇسكە كىرگۈزۈلگەن ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

— سىز ماڭا بەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتىسىز، غەمخورلۇق قىلىۋاتىسىز، راست، مەن بەك خىجىل بولۇۋاتىمەن.

— سىز ماڭا پۇل بەرمەكچىمۇ؟

— سىزگە پۇل بېرىشكىمۇ خىجىل بولۇۋاتىمەن.

— بۇ مۇنداق گەپ ئىدى، — دېدى ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، — مەن دارىلئېيتامدا چوڭ بولغان، ئەزەلدىن ئاتا-ئانامنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. چوڭ بولغاندىن كېيىن، باشقىلار ماڭا مېنى 45-يىلى بىر ئايال جەڭچى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، مېنى دارىلئېيتامغا تاپشۇرۇپ بېرىپ قىسمىغا قايتىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. قاراڭ، مەن كۆچۈپ كېلىشتىن بۇرۇنلا سىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلگەن. سىزنى كۆرۈپلا، ئانتونىنا فېدوروۋنا، ياش جەھەتتە ماڭا ئانا بولغۇدەك دەپ ئويلىدىم.

— ئانام دېدىڭىزمۇ؟

ئىۋانىشنا ئاچچىق كۈلۈپ قويدىيۇ، ھېچكىمگە گەپ قىلمىدى. قورسىقىدىن ئالدىرۇۋەتكەنلىكى، سازلىقتا بولغان ھېلىقى ئىش، بېلىگە يوغان بىر نەرسىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق ئېغىز ئاچمىدى. ئۇ كۆيۈنگەن ھالدا ئۇلىگنىڭ چاچلىرىنى

قېقىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ بۇ ياش ئەر-خوتۇن بىلەن سەن دەپ سۆزلىشىدىغان بولدى.

بالىنىستىن چىقىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ ھاسىغا تايىنىپ مەكتەپكە باردى، ئۇنىڭ پارقىرىتىپ تارىۋالغان چاچلىرىغا خىلىلا ئاق سانچىلغانىدى. كۆنلەر بۇرۇنقىدەكلا بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈپ كېتىۋەردى، بالىلارنىڭ چۇقان-سۈرىنى، ئوغۇللارنىڭ كەپسىزلىكى، قىزچاقلارنىڭ يىغىسى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ غۇدۇڭشىشلىرى، ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆتۈنۈشلىرى، تۈرلۈك چوڭ-كىچىك يىغىنلار، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋە رايونلۇق كومىتېتقا بېرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشلار، ئۆزىنىڭ دەرسى ۋە ھارغىنلىقى، ئىشقىلىپ، ھەممىسى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا بولىۋەردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەم تونۇشلۇق، ھەم ئادەتتىكى ئىشلار بولۇپ قالغانىدى. پەقەت ئۇنىڭ ھارغىنلىقىلا ئۇنىڭ ئۆچۈن ئېيتقاندا، مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئىش بولغانىدى. بۇ خىل ھارغىنلىق تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ھەممىنى رەھىمسىزلەرچە يوقاتتى، ئۇنىڭ بارلىق قۇۋۋىتىنى — جىسمانىي، ئەقلىي قۇۋۋىتىنى، نېرۋىسىنىڭ تورمۇزلاش قۇۋۋىتىنى بىراقلا تارتىۋالدى. "ئاستا-ئاستا ئادەتلىنىش كېرەك" دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە. ئۇ بۇ خىل ھارغىنلىقنى تۇيۇپ قالدى ھەمدە بۇنىڭدىن مەڭگۈ قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى دەرھال چۈشەندى. ئۇ بۇ خىل ھارغىنلىقتا "ماسلىشىش، سەۋر قىلىش ۋە ئادەتلىنىش كېرەك" دەپ ئويلايتتى.

ھەممە ئىش بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا بولىۋەردى، پەقەت ئانتونىنا ئىۋانىشنالا ئانا مەكتىپىگە قايتا بارالمىدى، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوخشايدىغان داشۆنىڭ 1-يىللىق سىنىپىدىكى قىز

ئوقۇغۇچىلارنىمۇ قايتا كۆزىتەلمىدى، ئۇلار بىلەن سۆزلىشەلمىدى. ھازىر بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى تۈگىدى، ئەمدى مەڭگۈ بولمايدۇ. ئۇۋانىشىنا نۇرغۇن ئۇرۇشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن پېشقەدەم ئوفىتسېرلەرگە خاس قەتئىيلىكى ۋە قەيسەرلىكى بىلەن ”ياق“ دېيەلىدى. بەزى ۋاقىتلاردا ئۇ شۇنچە ئازابلانسىمۇ — بۇ ئازابنى ئۇ ئۆزى تېپىۋالغان دېگەندىن كۆرە، ئۇنى مۇشۇ قارارغا كېلىشكە مەجبۇر قىلغان سەۋەبلەرنى ئەسلەش بىلەن كەلگەن دېگەن تۈزۈك، — ئەمما ئۇ خاتىرجەم، تىپتىنچتەك كۆرۈنەتتى.

دەرۋەقە، ئەگەر بۇ ئۆزگىرىشلەر بولمىسا ئىدى، ئىشلار يەنىلا ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە كېتىۋېرەتتى: ئەگەر بۇ خۇش پىچىم، ئىناق، بىغەم ئەر-خوتۇنلار ئۇنى بىر تۇغقاندەك كۆرۈپ، ئۇنىڭغا يېقىن كىشىسىگە قارىغاندەك قارىمىغان بولسا، ئۇنىڭ تۇرمۇشى يامان تەرەپكە قاراپ مېڭىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. شۇڭا ئۇۋانىشىنا ھوش-يارلىقى ئۈستۈن بولسىمۇ، ئەمما بارا-بارا بۇ بىر جۈپ ئەر-خوتۇنغا — ئۇلارنىڭ ئۆزىنى چىن كۆڭلىدىن يېقىن كۆرۈۋاتقانلىقىغا ئىشىنىپ قالدى.

— بالىلىرىم، ئازراق بولسىمۇ مېنىڭ پۇلۇمنى ئېلىڭلار. ھەر ئاخشىمى ماڭا تاماق ئېتىپ بېرىدىغانغا مىليونېرلار ئەمەسقۇ سىلەر؟

— قاراڭ، دەۋاتقان گېپىڭىزنى، ئانتونىنا فېدوروۋنا، — دېدى ئارلا خىجىل بولۇپ، — ئۇنداق قىلساق خۇشاللىقىمىز تۈگەيدۇ، بىلەمسىز؟

— ھەممە ئىش جايىدا، خۇددى دارىلئىيتامدىكى ئىشلىرىمىزدەك: تورت دېگەن نېمە؟ تورت دېگەن بىر تورتنى ھەممەيلەن يەيدۇ، ھەممەيلەن بىر تورتنى يەيدۇ دېگەن گەپ، شۇنداقمۇ ئاركا؟ —

دېدى ئولېگ كۈلۈپ تۇرۇپ.

يەنە بىر خىل كىچىككىنە، ئايالـلارغىـلا خاس خۇشالـلىق بار، ئۇ بولسىمۇ: ئۆيدە ئاخىرى ئەر خوجايىن پەيدا بولدى، ئەسلىدىكى پۈلاڭلاپ قالغان ئىلـغۇچـلار، ساڭگـىلاپ قالـغان توك سىمـلىرى، چاتقاقاندا ئوت چاچرىتىپ تۇرىدىغان ئۇزچات، ئىس يېنىپ تۇرىدىغان ئوچاق هازىر پۈتۈنلەي يېڭى تۈسكە كىرگۈزۈلـگەنـىدى. ئۆيـدە سۇنغان، چېقىلغان نەرسـىلەر كۆرۈنـمەيتـتى، ھەمـمە نەرسە ئۆي ئىشىغا پىششىـق خوجايىنـنىڭ كۆزىـدىن قورقۇپ، ئـىتائەت بىلەن ئۆز جايىدا مىدىر قىلـماي تۇراتـتى: ھەتـتا بۇ پۈتۈن بىر يۇرۇش ئۆينى ئىسسىتىدىغان مەشمۇ ئىلگىرىكىگە قارىغانـدا سېخىـلىق بىلەن ئىسسىقـلىق چىقىرىـپ تۇراتـتى. ئولېگـنىڭ قولـى چېـۋەر بولۇپ، ئۇ ھەمىشە ئۆيدە بار نەرسـىلەرنىڭ ھەممىـسـنى هارماي رېـمونت قىلاتتى، ياخشىلايتتى. كونا بۇيۇملار ئۇنىڭ كۆزىگە سىغمايتتى.

— قاراڭ، ئانتونىـنا فېـدوروۋنا، بىز قاچانـغىچە بۇ ئوچاقـنىڭ دەردىنى تارتىپ يۈرىمىز، خۇددى ئۆتكەنكۈردە ياشايدىغان دەۋردىكى ئوچاقلارغىلا ئوخشاپ قاپتۇ.

ئىۋانىشىنا بۇ ئوچاققا ئەزەلـدىن باش قاتۇرۇپ باقـقان ئەمەس، ھەم ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشىپ ئاۋارە بولۇپ باققانمۇ ئەمەس. ئۇنىڭـدىن ئىۋانىشىنا غەم يېمەيتتى. ھېلىقى كەپسىز، ئۆكـتەم، ھەسەتخور كونا قوشنىلىرىمۇ ئۇنى ئوچاققا ئوت ياقتۇرۇپ ئاۋارە قىلـىپ باقمىـغان، ئۇنىڭدىن مەجبۇرىيىتىگـنى ئادا قىلمىـدىـڭ دەپ رەنـجىپـمۇ باقمىغانىدى. ئۇرۇشـتىن كېيـىن، يېقىـلغۇ — تورف، ئوتۇن ياكـى كۆمۈر تاپماق ناھايىتى تەس بولۇپ قالغانـدى. قوشنـىلار دەرھال ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ، ئىۋانىشىنا ئوتۇن تاپىدىغان، ئۇلار ئوچاقـقا

www.uyghurkitap.com

ئوت ياقىدىغان بولۇپ، ئىزچىل شۇنداق قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇلىگ بۇ ئىشقا قەستەن غودۇڭشىغان ئەمەس، ئوچاقنىڭ كونا ۋە قالاقلىقى ئۇنىڭ چىشىغا تەگكەنىدى. ئۇ پەن - تېخنىكا جەھەتتىلا يېڭىلىق يارىتىشقا قىزىقىپ قالماي، تۇرمۇش جەھەتتىمۇ يېڭىلىق يارىتىشقا قىزىقاتتى. ئوچاقتا بىرمۇنچە ۋاقىت سەرپ قىلمىسا بولمايتتى، بۇ ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىۋەتتى.

— تاش قورااللار دەۋرى!

بۇ توغرۇلۇق گەپ بولسىلا، ئۇۋانشىنا ئۇنى قىزىقچىلىق قىلىپ ئۈتكۈزۈۋېتەتتى، بېلىياكوۋ بولسا گېپىدە تۇرۇۋالاتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ بىرەر ئىشنى قىلىمەن دېدىكەن، قىلماي قالمايتتى. بۇ ۋاقىتتا، شەھەردە كەڭ كۆلەمدە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيى جايلاشقان شەھەر مەركىزىدە بىنالار ئۆزگەرتىپ قۇرۇلۇۋاتاتتى ۋە جاھازلار ئورنىتىلىۋاتاتتى. ئولىگ چىقىپ باشقىلاردىن سوراشتۇردى، كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىپ (ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىش جەھەتتە ئېپى بار ئىدى) باقتى، كېيىن، بىر قېتىم، ئۇ ئۇۋانشىناغا خۇشال ھەم جىددىي ھالدا دېدى:

— سىز شەھەرلىك ئىجرائىيە كومىتېتىغا دوكلات يېزىڭ: ئۆيىمىزنىڭ يېنىدىكى پارنىۋاينى رېمونت قىلىۋېتىپتۇ. ئۇلاردىن پار تۇرۇبىسى بېكىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىڭ، ياردەم بولغانلىقىڭىزنى تىلغا ئېلىشنى ئۇنتۇماڭ.

— بۇ يەنە نېمە ئۈچۈن؟

— چۈنكى، سىز ۋەتەن ئۇرۇشىدا ئىسسىق قېنىڭىزنى ئاققۇزغان، ئىچىدىن زەخمە يېگەن پېشقەدەم ھەربىي، ئۆزىڭىز يالغۇز، ئوتۇن -

كۈمۈرنى ئىككىنچى قەۋەتكە ئېلىپ چىقىشتا قىينىلىسىز.

— ئوتۇن-كۈمۈرنى مەن توشۇمايۋاتىمەنغۇ؟

— بۇنى ئۇلار قانداق بىلسۇن؟ سىز يېزىۋېرىڭ، قالغىنىنى مەن توغرىلايمەن. بۇ ئىشتا چىڭ تۇرۇپ قويساق، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

ئۇ هاياجانلىنىپ، چاقچاق قىلدى، كۈلدى. ئىۋانىشىنا ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپلەر بويىچە خەت يازدى، ئەمما ئۇ ئانچە خۇشال ئەمەس ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭغا مەلۇمكى، ئۇرۇشتىن كېيىنكى قىيىنچىلىق ئۆتۈپ كەتكەنىدى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىمۇ ئىلگىرىكىدىن كۆپ پەرقلىنەتتى. بۇ سانائەت شەھىرىنىڭ شەھەر مەركىزىدە پار بىلەن تەمىنلەنگەن ئۇسكۈنىلىرى دېمىسىمۇ بەك قالاق ئىدى. ئەمما ئىۋانىشىنا قەلبىنى نېمىدۇ بىر نەرسە چۇلغىۋال-غاندەك هېس قىلدى. هېرىش-چارچاشنى بىلمەيدىغان بۇ قوشنىسى-نىڭ تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغان نەرسىلىرىنىڭ ئىچىدە ئىۋانىشىنا ياقتۇرمايدىغان نەرسىلەرمۇ بار ئىدى، ئەمما ئىۋانىشىنا ئۆزىنىڭ زادى نېمىنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى هەم بۇنىڭ تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ سەۋەبىنى بىلىشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئىش ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كەتتى، ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، بىر ئىشچى كېلىپ، مەشنى ئېلىۋېتىپ، ئورنىغا پار تۇرۇبىسى ئورنىتىپ بەردى.

— قانداق، ئانتونىنا فېدوروۋنا؟ — دېدى ئولېگ خۇشال بولۇپ، — ئەمدى بىر ئاز ئىسسىپ قالغاندۇ؟

— ناهايىتى قاملاشمىغان ئىش قىلدۇق، — دېدى ئارلا ئاچچىق-لىنىپ، — باشتا بۇ ئۆينى رېمونت قىلىمىز دەپ كىم قويۇپتۇ بىزگە؟

قايتىدىن ئاقارتىپ، قايتىدىن خۇيلاپ،...

— بۇلارنىڭ پۇلىنى مەن چىقىراي، — دېدى ئىۋانشنا چىدىدىي يوسۇندا، — تالاشماڭلار بالىلىرىم، مەن يالغۇز ئادەم، مائاشىمۇ تۆۋەن ئەمەس.

— تالاشمىدۇق، — دېدى ئولېگ سوغۇققىنا كۈلۈپ، — ھەممە ئىشلىرىمىز ئىناق ئائىلىدە بولۇۋاتقان ئىشلارغا ئوخشاش، بىرەر پالتىغىمۇ ئىۋال قىلمىدۇق.

يېقىندىن پار تۇرۇبىسى ئورنىتىلغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، ئۇلار داغدۇغىلىق ھالدا بىر ۋاق ئوبدان تاماق قىلىپ يېدى. گەرچە دوختۇر ئىۋانشناغا ئىككىنچى ھاراق ئىچمەسلىكنى تاپىلىغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا تورت ۋە بىر بوتۇلكا ھاراق ئالدى. لېكىن بۇ يەردە مۇھىم نەرسە ھاراق ئەمەس، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئولېگ ئادەتتە ھاراقنى ئاز ئىچەتتى، — بەلكى شىرەنى چۆرىدىشىپ ئولتۇرغانلارنىڭ كەيپىياتى ئىدى. ئىۋانشنا ئۆزى ئېتىراپ قىلمىغان بىلەن، مۇشۇنداق بولۇشنى ئۇ ئۆمۈر بويى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن.

— ئولېگ، ئېيتقىنا، بۇنى تەستىقلىتىش تەسكە چۈشمىگەندۇ؟

— سىزنىڭ تەرجىمھالىڭىز تۇرسا، تەسكە چۈشەمتى؟ سىززە، غەلىتىلا ئادەم جۇمۇ، ئانتونىنا فېدوروۋنا، ھەقىقەتەن غەلىتە! مېنىڭ سىزنىڭكىدەك كەچۈرمىشىم بولىدىغان بولسا، ئالىقاچان جاھازلىرى ياخشى ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ بولاتتىم. تېلېفونىمۇ بولاتتى!

— بىراق، مەن ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتىمەن. قارا، مەن نېمىدېگەن رازى. ساڭا دەي ئولېگ، سەن ئورۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن ئۇ ياق-بۇ ياققا قاتراپلا يۈرىدىكەنسەن. بۇنداق قىلساڭ،

ئادەم بىر قىسىملا بولۇپ قالىدىكەن، ئادەمنىڭ ئابرويىغىمۇ سەت، بۇ ... ھەتتا ئادەمگە خورلۇق بولۇپ تۇيۇلىدىكەن. رۇس زىيالىي-لىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىلىش ئەمەس، بېرىش. بېرىش! مەن بۇ پرىنسىپقا تامامەن قوشۇلىمەن.

ئانتونىنا فېدوروۋنا باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقان چاغلىرىدا، بولۇپمۇ زىيالىيلار توغرىسىدا گەپ بولغاندا، قېلىپلىشىپ قالغان سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە ئامراق ئىدى. ئۇ بۇ سۆزلەردىن سەل قورقىدىغاندەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇ دائىم ھەدەپ ئادەت بولۇپ قالغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بىلەن ئاشۇرۇپ سۆزلەيتتى: بۇنى ئۇلېگ ئاللىبۇرۇنلا بىلىپ قالغانىدى.

— سىز دارىلئېتامدا چوڭ بولمىغان، ئاركىغا ئوخشمايسىز، — ئۇنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە ئالامەتلىرى ئىۋانشىنانى مۇنازىرىلەشكىلى قويمايۋاتاتتى، — ئۇنىڭ ئۇستىگە مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان رۇس زىيالىيلىرىمۇ دارىلئېتامدا ئۆسكەن ئەمەس. تېلېفون ئورنىتىدىغان ئىشنى ئويلىشىپ كۆرسەك، قانداق؟

— شەھەردىكى تېلېفون يېتىشمەيدۇ، — دېدى ئۇ تەرىنى تۈرۈپ، ئۇ ئولېگنىڭ بەزى گەپلىرىنىڭ توغرىلىقىنى بىلىپ تۇر-سىمۇ، ئەمما دارىلئېتام توغرىسىدىكى گەپلەردىن بىزار بولغانىدى، — تېلېفونغا ھەقىقەتەن ئېھتىياجلىق كىشىلەر تېخى تېلېفون ئورنىتالمايۋاتىدۇ.

— ئەجەبا سىز ئېھتىياجلىق ئەمەسكەنسىز-دە؟

ئۇ جاۋاب بەرمەكچى بولدىيۇ، بىر نەرسە دېمىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا بىردىنلا ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىسىدەك بىرنەرسە لاپ قىلىپ ئەكس ئەتتى: ئەگەر ئۇنىڭ ھېلقى كېسىلى قايتا قوزغىلىپ،

www.uyghurkitap.com

يەنە بالنستقا كرىدىغان ئىش بولۇپ قالسا، ئۇ تېلېفونىغا ھەققىي ئېھتىياجلىق ئادەم بولۇپ قالامدۇ؟ ئارلا ئۇنىڭ جىم تۇرۇپ قالغىنىنى چۈشەندى بولغاي، دەرھال گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى.

كېيىن بىر خەت كەلدى.

ئۇۋانشىناغا كېلىدىغان خەت ناھايىتى كۆپ ئىدى: ئالدىنقى سەپتىكى دوستىدىن، پېشقەدەم جەڭچىلەردىن، شۆيۈەندە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا تونۇشقان قىز ساۋاقداشلىرىدىن، ئاللقاچان ئوقۇش پۈتتۈرۈپ تەرەپ-تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن "قىز مېھمانلىرى" دىن خەت كېلىپ تۇراتتى. لېكىن بۇ قېتىم كەلگەن خەت ئالاھىدە ئىدى. ئانتونىنا فېدوروۋنا ھەسرەتلەنگەن ھالدا ئاشخانىغا كىرىپ، خەتنى ئارلاغا سۇندى:

— ئوقۇپ باق.

"قەدىرلىكىم ئانتونىنا فېدوروۋنا، سىزگە بۇ خەتنى يازغۇچى بۇرۇن ئۆيىڭىزدە ئىشلىگەن ۋە سىزگە شىرىكلەشكەن ۋاله، ھازىرقى رۇس تىل-ئەدەبىياتى ئوقۇتقۇچىسى ۋالىنتېنا ئىۋانوۋنا پروخوروۋا (بۇ مېنىڭ ئېرىمنىڭ فامىلىسى، مېنىڭ فامىلەم لىسكوۋا) دۇر. بىزنىڭ ئۆيدە سىز جانلىق ئەپسانىۋى پېرسوناژ بولۇپ قالدىڭىز. مېنىڭ قىزىم تونە سىزگە ئوخشاش ئادەم بولسام دەپلا يۈرىدۇ. بۇ يىل ئۇ 10-سىنىپنى تۈگىتىدۇ، ئۇنىڭ بىزنىڭ پېداگوگىكا شۆيۈەندە ئوقۇغۇسى بار..." ئارلا خەتنىڭ داۋامىنى ئوقۇمىدى، ئۇ زوۋان سۇرمەستىن، ئىككى كۆزىنى ئۇۋانشىناغا تىككىنىچە قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— چۈشەندىم، — دېدى ئولېگ، — بۇ ناخشىچىنىڭ پەردە ئارقىدا تۇرۇپ ئېيتقان ناخشىسى ئىكەن.

— ئانتوننا، — ئىۋانشىنا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويىدى، — دېمەك، ۋالە لىكوۋا. ئۇ ياخشى قىز، تىرىشچان، ھەم كەمتەر.

— ئۇلار ھەممىسى ياخشى، — ئارلا نارازى بولغان ھالدا بېشىنى چايقاپ قويىدى.

— ئالدىرىماي تۇر، ئاركا، — ئولېگ ئاشخانىسىدا ئۇ ياق - بۇ ياققا ماڭغاچ چوڭقۇر ئويغا چۆكتى، ئاندىن ئىۋانشىنانىڭ ئالدىغا بېرىپ توختىدى، — ئۇنى ئېلىۋالسىڭىز، قانداق؟ بىز ياردەم قىلىمىز، ئۇ چاغدا سىزمۇ ئېچىلىپ قالىسىز، ئۆگىنىپ قالىسىز. ئۇنى ئېلىۋېلىڭ، ئانتوننا فېدوروۋنا.

شۇ ئاخشىمى، ئىۋانشىنا ئولېگنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىدىن چەكسىز تەسىرلىنىپ، ۋالە لىكوۋا (ھازىرقى پروخوروۋا) غا خەت يازدى، خەتتە ئۇنىڭغا كىچىك تونېچىكا پروخوروۋانى ئەكىلىپ بېرىشنى ئېيتتى. ئەمما كېلەچەكتىكى بۇ ئوقۇغۇچى قىز ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈ-ۋالىچۇ، تۇفىي، تۇفىي! ئەمدى ئىككىنچى ئۇنداق ئىش بولمى-سۇن، — كېلەچەكتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 8 - ئايلاردا كەلمەكچى، يەنى توققۇز ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن كەل-مەكچى. بۇ ئارىدا، ئېھتىمال يەنە نۇرغۇن ئىشلار يۈز بېرىشى مۇمكىن.

دېگەندەك نۇرغۇن ئىشلار يۈز بەردى.

يېڭى يىل شۇنداق كۆڭۈللۈك ئۆتتىكى، بۇ ئىۋانشىناغا بىرنەچچە قېتىم قانداقتۇ بىر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىدىغاندەك تۇيغۇنى بەردى. ھەممە ياق قۇيۇق بايرام تۈسىنى ئالغانىدى. ئايال مۇدىر مەكتەپتە يېڭى يىلنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۆتكۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشكى ئېچىلدى،

www.uyghurkitap.com

بەزى نەرسىلەر يۆتكەلدى. ئۇ قايتىپ كېلىپ چىراغنى ياندۇرغاندا، چىرايلىق قىلىپ ياسالغان ئاق قارىغاينىڭ ئۈستىدە ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى چىراغلار يېنىپ تۇراتتى. ئىۋانىشنا كۆزلىرىگە ئىشەنمەي، داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. بۇ ۋاقىتتا، بېلياكوۋ ئەر-خوتۇن ئىككىسى دەرھال كۈلۈشكىنىچە يۈگۈرۈپ كىردى.

— يېڭى يىلىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!

ئۇ يېڭى يىلنى بۇنداق ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈپ باقمىغانىدى. 23-فېۋرال (ئارمىيە بايرىمى)نىمۇ بۇنداق كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈپ باقمىغانىدى، شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇنى ئۈستىگە "ئۇرۇش قەھرىمانىغا" دېگەن بېغىشلىما يېزىلغان گۆش نان كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئۇ 8-مارتنىمۇ مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈپ باقمىغانىدى...

3-ئاينىڭ 10-كۈنى سوپۇن قۇتىسى سوپۇنغا چاپلىشىپ قېلىپ، ئىۋانىشنا سوپۇننى ئالغاندا سوپۇن قۇتىسى يەرگە چۈشۈپ سۇنۇپ كەتتى. گەرچە بۇ قىممەت نەرسە بولمىسىمۇ، قوشنىسىنىڭ ئىدى. مەكتەپ مۇدىرى بولغان ئىۋانىشنا مەكتەپنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ سوپۇن قۇتىسى ئېلىشنى ئۇنتۇپ قېلىپلا تۇراتتى. ھەپتە ئۆتۈپ، ئۇ تۇرلۇك ماللار ماگىزىنىنىڭ كۈندىلىك بۇيۇملار بۆلۈمىدە سوپۇن قۇتىسىغا كۆزى چۈشكەندىلا ئاندىن سوپۇن قۇتىسى ئېلىشنى ئېسىگە ئالدى: "يا ئاللا، ئاخىرى ئۇچراتتىم-دە ئۇنى. مېنىڭ ئۇنتۇغاقلىقىمنى قارىمامدىغان!" ئۇ ئىچىدە بىرئاز غودۇڭشىپ قويۇپ، سوپۇن قۇتىسىنى سومكىسىغا سالدى.

كۈندىلىك بۇيۇملار بۆلۈمى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇ بۇ يەردە ئالدىرىماي-تېنىمەي ئۆزىگە لازىملىق ياكى لازىمى يوق نەرسىلەرگە ئىنچىكىلىك بىلەن سەپسالاتتى. ئەمما ئۇنىڭ كۆزى تاۋارلارغا

قاراۋاتقان بىلەن كۆڭلى باشقا يەردە ئىدى. ئۇنىڭ ئويلاۋاتقىنى ئۇچىسىغا ماگىزىنىنىڭ خىزمەت كىيىمى كىيگەن، مەيدىسىگە ئىزناك تاقىۋالغان، ماگىزىنىنىڭ كىرىش ئىشىكىدە تۇرۇپ تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولۇۋاتقان قىز ئىدى. ئىۋانشىناغا بۇ قىز ناھايىتى تونۇش-تەك بىلىندى، ئۇ ئىككى يىل ئىلگىرى مەكتەپتىن قوغلاندى قىلىنغان ھېلىقى بىر قىزغا ئوخشايتتى. ئۇ قىز كىيىمخانىدا تۇتۇلۇپ قالغاندا، ئۇنىڭ كىتاب سومكىسى خەقلەرنىڭ شارپا ۋە بۆكلىرى بىلەن لىق تولغانىكەن. دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن، ئىۋانشىنا ئۇ قىزنىڭ ئىسمىنى زادىلا ئېسىگە ئالالمىغان، رەڭگىرويىنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمىگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئالدىدا تۇرغان بۇ قىزنى ئاشۇ قىزمىكىن دەپ ھېس قىلدى. بۇ تەسىرات شۇنچە تۇيۇقسىز، شۇنچە ئېنىق پەيدا بولدىكى، مەكتەپ مۇدىرى ئىۋانشىنا ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇ قىزغا سالام بەردى: "ياخشىمۇسىز، تروشىنا؟" لېكىن ئۇ قىز ئىۋانشىنانىڭ سالىمىغا ئىرەن قىلمىدى. بۇ ۋاقىتتا، ئۇ "ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان" ماللار بىلەن تولغان پوكەينى بويلاپ كېتىۋېتىپ، كۆڭلىدە، بۇ قىز تروشىنامۇ، ئەمەسمۇ، ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭ ئۇنى مەكتەپتىن قوغلاشتا چىڭ تۇرغىنىم توغرا بولغانمۇ، بولمىغانمۇ دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ئىۋانشىنانىڭ پۈتۈن ئوي-پىكرى مۇشۇ مەسىلىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، خىيالىغا باشقا ھېچنېمە كەلمەيتتى. ئۇ كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى بۆلۈمىدە ماشىنىدەك بىر خىل رىتىمدا ئايلىنىپ، ھەر خىل ماللارنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ باقاتتى، ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرگەندىن كېيىن يەنە ئەسلى ئورنىغا قويۇپ قوياتتى. ئۆزى ئەينى ۋاقىتتا توغرا قىلغانمۇ ياكى خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىنىڭ يېشىنىڭ

كىچىكلىكىنى نەزەرگە ئالماي، ئۇنىڭ مىجەزىگىمۇ قارىماي ئالدىراپ-تېنەپلا بىر تەرەپ قىلىۋەتكەنمۇ، — ئىۋانىشنا مۇشۇلارنى ئويلاۋاتقاندا، بىر قىزنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى:

— سىز سومكىڭىزغا نېمىنى سېلىۋالدىڭىز؟

ئىۋانىشنا قىزنىڭ ئاۋازى ۋە تەلەپپۇزىنى تونۇپ، خىيالدىن توختىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئىسمىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئېسىگە ئالالمىدى.

— ياخشىمۇ سىز، تروشنا، مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ؟

— مەن سىزدىن سومكىڭىزغا نېمىنى تىقىۋالدىڭىز دەپ سوراۋاتىمەن، گىراژدانكا!

— ھېچنېمىنى تىقىۋالغىنىم يوق، — ھەيۋە قىلىش تەلەپپۇزىدا ئېيتىلغان بۇ سۆز ئىۋانىشنانىڭ نورمال روھىي ھالىتىنى بۇزدى، ئۇ ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي ھۇدۇقۇپ دېدى، — بۇ نېمە دېگىنىڭىز، نېمىشقا مۇنداق سۆزلەيسىز؟

— سومكىڭىزنى ئېچىڭ!

— نېمە بولدىڭىز، تروشنا؟ — ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋازدا سورىدى، — ئۆپكىڭىزنى باسالماي ھوقۇقىڭىزنى ئىشلىتىۋاتامسىز؟

— سومكىڭىزنى ئېچىڭ دەيمەن! — دېدى پىركازچىك قىز ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — ۋېرا، كىموفېيوۋنا، لىيۇبا، لارا، مە يەرگە كېلىڭلار! خەلق ساقچىسىنىمۇ چاقىرغاچ كېلىڭلار.

— ئۇيالمامسىز، تروشنا، — ئىۋانىشنانىڭ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى، — مەن دېگەن مەكتەپ مۇدىرى...

— سومكىڭىزنى ئېچىشقا ئۇنىمىسىڭىز، مەجبۇرلايمىز، بىلدىڭىزمۇ؟

ئانتونىنا فېدوروۋنا ئىككى قولى تىترىگەن ھالدا سومكىسىنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېچىپ ئۆرۈۋىدى، ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى قۇپقۇرۇق پوكەي ئۇستىگە چۈشتى، تەڭگە، پورتمال، ماي قەلەم، قول ياغلىق ۋە ھېچقانچە پۇلغا ئەرزىمەيدىغان سوپۇن قۇتىسى پوكەي ئۇستىنى بىر ئالدى.

— قاراڭلار، كۆردۈڭلارمۇ؟ ھەممىڭلار كۆرگەنسىلەر؟ — پىركازچىك قىز تەكەببۇرلۇق بىلەن توۋلىدى، — بۇنىڭ تالونىچۇ؟

— تالون؟...، — ئىۋانىشىنا تەمتىرەپ قالدى، ئۇ ئۆزىنى پۇتۇنلەي يوقاتقانىدى، ئۇ كاللىسىغا مۇشت ئۇرۇلۇۋاتقاندەك ھېس قىلدى، — بىلمەيمەن، ئېھتىمال، مەن خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ...

بۇ ۋاقىتتا، باشقا پىركازچىكلارمۇ كېلىپ تىروشناغا بولۇشۇپ بېرىۋاتاتتى. ھېلىمۇ ياخشى، خەلق ساقچىسى كەلمىدى. ئەمما بىر-دەمدىلا بىر توپ كىشىلەر يىغىلىپ مەكتەپ مۇدىرىنى ئورىۋېلىشتى.

— ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلماڭلار! — دېدى پىركازچىكلارنىڭ گورۇپپا باشلىقى يۇقىرى ئاۋازدا، — سىز پۇل تاپشۇرغانمۇ، گىراژدانكا؟

— بەلكىم، تاپشۇرمىغاندىمەن، لېكىن...

— يانچۇقچى! — تىروشنا ۋارقىرىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى جاراڭلىق چىقتى، — ئاچا-سىڭىللار، مەن ئۇنىڭ بۇنداق ئىشنى تۆت كۈندىن بۇيان قىلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ كېلىۋاتىمەن.

— تۆت كۈن؟ نېمە دەۋاتىسىز؟ مەن ئادەتتە بۇ يەرگە كەلمەيدىغان تۇرسام...

— ئەمىسە، بۇ نەرسىلەرنىڭ تالونى قېنى؟ تالونى قېنى دەپ سوراۋاتىمەن!

— سىز تالاشماڭ، تىروشنا. سىزدىن سوراي، گىراژدانكا، سىز نەرسە سېتىۋېلىپ پۇل تاپشۇرغانمۇ؟

www.uyghurkitap.com

— تاپشۇرمىغان ئوخشايمەن. ئۇنتۇپ قالغان بولسام كېرەك. مەن بىر ئاز ئۇنتۇغاق. دوختۇرخانىدىمۇ يېتىپ چىققان.

— دېمەك، سىز نەرسە سېتىۋېلىپ پۇل تاپشۇرماپسىز، شۇنداقمۇ؟

— مەن دېمىدىممۇ، ئۇ ئوغرى!

— غوۋغا قىلماڭ، تروشنا، — گورۇپپا باشلىقى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى، — بىرىپ جىگلى بىلەن كۆرۈشمىسەك بولمايدۇ، بىز دەرھال ئىسپات يازايلى...

قىپقىزىل قىزارتىلغان يېڭنە يەنە ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن كىرىپ يۈرىكىگە سانجىلغاندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىپ كەتتى، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ئىۋانىشنا شاڭۋېينىڭ ئېغىر گەۋدىسى ئاستا-ئاستا يەرگە يىقىلدى.

يەنە شۇ دوختۇرخانا، شۇ دوختۇر، يەنە شۇ قېنى قىزىق، قوپال، ھەرىكىتى چاققان سېستراالار، كەچتە، رەھبەرلەر كېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار تېلېفون بىرىپ "بايىقى كىشى كىم؟... ماۋۇ ئايال كىم؟..." دەپ سورىغىلى تۇردى. كېسەلخانىمۇ يەنە شۇ، پەقەت ئانتونىنا فېدوروۋنانىڭ ئەھۋالى ئالدىنقى قېتىم دوختۇرخانىدا ياتقان چاغدىكىسىگە ئوخشىمايدۇ. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ 2-كۈنىلا سۆزلىيەلەيدىغان بولدى، ئەمما ئۇ ئىككى پۇتىنى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك، كۈچ-قۇۋۋىتىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئىككى پۇتىنى كونترول قىلىش كۈچىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

— دوختۇرخانىدىن چىققىنىڭىزغا ئۇزاق بولمىغانىدى، يەنە قايتىپ كەپسىز، — دېدى بۆلۈم مۇدىرى ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ.

ئۇ بۆلۈم مۇدىرى ھەم ئۇستون ماھارەتكە ئىگە مۇتەخەسسىسلا

ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتناشقان پىشقەدەم ھەربىي ئىدى، شۇڭا ئىۋانىشنا ئۇنىڭغا چەكسىز ئىشىنەتتى. بەلكىم بۇ خىل ئىشىنىش بىرىنچى قېتىم دوختۇرخانىدا ياتقان ۋاقىتتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغاندۇ، لېكىن ھازىر ئىشەنگەن بىلەنلا بولمايدۇ. دوختۇر كېسەل ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، بېشىنى تۆۋەن سالدى، مەسلىھەتلەشكەن ۋە دىئاگنوز قويغاندىن كېيىن، ئولېگ بېلياكوۋنى چاقىرتىپ كەلدى.

— دورىنى تاپقىلى بولامدۇ؟

— ئەگەر دۇنيادا شۇ خىل دورا بولىدىغانلا بولسا.

— بارلىقىغۇ بار، ئەپسۇسكى، ئۇ دورا بىزنىڭ بۇ يەردە يوق. بىزنىڭ بۇ خىل دورىغا رەسمىي رېتسېپ يېزىپ بېرىش ھوقۇقىمىز يوق. غەيرىي رەسمىي رېتسېپ دېسەڭىز مانا مۇشۇ.

— ئەڭ ياخشىسى، ھەر ئېھتىمالغا قارشى يەنە بىر خەت يېزىپ بېرىڭ، — دېدى ئولېگ.

— خەتنى كىمنىڭ نامىغا يازىمەن؟

— پىشقەدەم جەڭچىلەر كومىتېتىنىڭ نامىغا يازسىڭىز بولىدۇ. ئۇلار ياردەم قىلمىسا...

— ئەمىسە قول قويۇۋۇشتۇرۇپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرىمىزمۇ؟ — دېدى دوختۇر ئۆزىنى باسالماي خەتنى يېزىۋېتىپ.

— ئۇ چاغدا باشقا كومىتېتقا يازامدۇق؟ — دېدى بېلياكوۋ.

ئولېگ خەت ۋە غەيرىي رەسمىي رېتسېپنى ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۇ ئۆزى ئىشلەيدىغان تەجرىبىخانىغا بېرىپ ئۈچ كۈنلۈك رۇخسەت ئالدى-دە، ئەتىسىلا موسكۋاغا يۈرۈپ كەتتى. ئىككى كۈندىن كېيىن، ئۇ پۈتۈن داۋالاش باسقۇچىدا ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئېلىپ قايتىپ كەلدى.

— سىز بۇلارنى قانداق ئالدىڭىز؟ — نېرۋا بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى ھەيران قالدى.

— مەسىلە دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، دوختۇر، پەقەت مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ھەر خىل يوللىرىلا بار.

— بۇ زادى قانداق گەپ؟ — دوختۇر تېخىمۇ كوچىلاپ سورىغىلى تۇردى، — سىز بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنى قىلىپ كەپسىزغۇ؟

— ئىككى كۈن ئەمەس، ئىككى سائەت ئىچىدە دەڭ! — دېدى ئولېگ گېپىنى يەنىمۇ ئېنىقراق قىلىپ، — سىز ۋىلىيامىنوۋ ۋالېنتىن گېئورگىيېۋىچنى بىلەمسىز؟ ئۇ ئاخبارات ئاكادېمىسكى، مۇكاپاتقا ئېرىشكەن، ئالىي سوۋېتنىڭ ۋەكىلى.

— بىئولوگىيە ئالىممۇ؟ بىلىمەن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرگەن.

— ھەئە شۇ، مەن ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا ئۇدۇل شۇ ئادەمنى ئىزدەپ باردىم. ئەڭ مۇھىمى ئۇ ئۆيىدە بار ۋاقتىدا بېرىپتىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنى تىلغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ.

— سىز ھەقىقەتەن ئۇنى ئەزرائىلنىڭ قولىدىن قايتۇرۇپ كەلدىڭىز، — دېدى دوختۇر تەسىرلىنىپ، — ئەزرائىلنىڭ قولىدىن!

— ئۆز ئادەم ئەمەسمۇ، تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق.

بۇ ئىش بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىن ئولېگ بىلەن ئانتونىنا فېدوروۋنانىڭ مۇناسىۋىتى ئۇشتۇمتۇت تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كەتتى. ئانتونىنا فېدوروۋنا دوختۇردىن ئۆزىنى كىمنىڭ قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقىنى سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى.

— ئاكادېمىك، ئىسمىڭىزغا ھەر ھالدا قىزىنىڭ...
— بولدىلا، تونە ھەدە، يىغلىماڭ، — دېدى ئولېگ ئۆپكىسىنى باسالماي.
— يىغلىماي، ئولېگ، يىغلىماي، — دېدى ئۇ تۆۋەن ئاۋازدا ئالدىراپ-تېنەپ يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ، — ئۇنىڭ رەڭگىرويى قانداقراق ئىكەن؟ سەمرىپ كېتىپتىمۇ؟ قېرىپ كەتكەندۇ؟

بۇ ئۇنىڭ ئىۋانشىنانى تۇنجى قېتىم ھەدە دەپ چاقىرىشى ئىدى، دەسلەپتە ئۇ ئىۋانشىنانى "سىز" لەيتتى، ئۇنىڭغا گەپ قىلسا بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا گەپ قىلاتتى، ئىۋانشىنامۇ ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك يۈرۈۋېرەتتى. بۇ، ئەيتاۋۇر، ئۇنىڭ تېنىنىڭ ئاجىزلىقىدىندۇ، ياكى ئۇ ھەربىي كومېتېتنىڭ يەر ئاستى ئۆيىنى ئەسلەپ قالغاندۇ، ياكى ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلىشىپ تەبىئىي يوسۇندا ئۆزلۈكىدىنلا باشقا بىر خىل خاراكتېرنى ئالغاندۇ.

ئولېگ ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن جۇڭۋېي ۋىلىيامسىنوۋنىڭ يار-دىمى بىلەن ئېلىپ كەلگەن بۇ شۋېتسارىيە دورىسى ئانتونىنا فېدو-روۋنانىڭ كېسىلىنى ئاساسەن دېگۈدەك ساقايتىۋەتتى. ئاساسەن دېگۈدەك ساقايتىۋەتتى دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ ئىككى پۇتىنى باشقۇرالايدىغان بولدى، ئەمما قانداق قىلسەن دېسە شۇن-داق قىلىدىغان ھالەتكە كېلىشتىن تېخى يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى پۇتىغا تېخى ماغدۇر كىرمىگەندى. ئىۋانشىنانىڭ ئىككى تىزى تىترەپ تۇراتتى، بېلى مۈكچىيىپ قالغانىدى، ئۇ ھاسىغا تايانسا، ئاندىن ماڭالايتتى. دوختۇر ئۇنى كېسىلىڭىز ساقىيىپ قالدۇ دەپ ھەر جەھەتتىن ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنىڭ-دىن كېيىن ھاسىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇ نېمىدېگەن

قورقۇنچلۇق-ھە؟ لېكىن ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن پىيادە ئەسكەر-
لەر لېيەنىنىڭ لېيەنجىگى ئىۋانىشىنا بۇنىڭدىن ئالاقىزادە بولۇپ
كەتمىدى: ئۇنىڭ شەپقەتچىسى ئولېگ بېلىياكوۋنىڭ ئەقىدىسى
مەسىلە دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت مەسىلىنى ھەل
قىلىشنىڭ ئوخشاش بولمىغان يوللىرىلا بار دېگەندىن ئىبارەت
بولىدىغان بولسا، ئىۋانىشىنانىڭ ھازىرغىچە ئىخلاس بىلەن ئەمەل
قىلىپ كەلگەن مىزانى ھەرقانداق ۋاقىتتا تېز پۈكمەيمەن دېگەندىن
ئىبارەت ئىدى. گەپنىڭ قىسقىسى، ئۇنىڭ قوشنىسى بار، ئارقا
سېپى بار، كوماندىرى بار، ئىلاجىسىز ئەھۋالدا قالغاندا ئۇنىڭ-
دىن — ۋىلىيامىنوۋدىن ياردەم سورىسا بولىدۇ. مەلۇم ۋاقىتتىن
باشلاپ ئىۋانىشىنا ياردەم دېسە پاك-پاكىز سۈرتۈلگەن، ئىچىگە
لىقمۇلىق ئوق سېلىنغان تاپانچا ۋە ئىچىگە 30 تال ئوق سېلىپ
راسلاپ قويۇلغان ئوق شازىسى دەپ چۈشىنەتتى. تاپانچا ۋە ئوق
ئىشكاپنىڭ ئۈستىكى قەۋىتىدىكى تارتمىنىڭ ئىچىدە، كونا گېزىت،
خەت-چەك ۋە رەسىملەرنىڭ ئاستىدا تۇرۇپتۇ. ئاخىرقى قەدەمگە
يەتكەندە، ئىككى پۈتى پالەچ بولۇپ، تىلى گەپكە كەلمەي قالغاندا،
ئۇ بۇ تاپانچىسىغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم مۇراجىئەت قىلسا بولىدۇ.
چۈنكى ئۇندىمۇ ئولېگقا ئوخشاشلا دۇنيادا ھېچقانداق ئۇرۇق-
تۇغقىنى يوق. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ يېرىم پالەچ گەۋدىسىنى ئوبيېكتىپ
رېئاللىق دەپ قاراپ، مەيۈسلۈكىنى قەتئىي ئىرادە بىلەن يېڭىپ،
پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ ئۈچ مەسىلىنى ھەل قىلىشى كېرەك.

بىرىنچى مەسىلە سوپۇن قۇتىسى ئالىمەن دەپ بولغان ھېلىقى
ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ھېچكىم بىل-
مەيدۇ، چۈنكى ئۇ بۇنى ھېچكىمگە تىنمىغان. دەسلەپتە، ئۇنىڭ

تىلى گەپكە ئاران كېلىدىغان بولۇپ قالغاندا، ئۇ دائىم بۇرۇنقى ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئۆزىنى ئېغىر ئار-نوموسقا قويغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ تۇراتتى، شۇ ئىشنى ئېسىگە ئالسىلا قاتتىق ئەلەم تارتاتتى. شۇ ۋاقىتتا، ئۇ پىركازچىك تروشنانىڭ دەككىسىنى بىرىپ قويۇشنى نەقەدەر ئويلىغان-هە؟ ئەپسۇسكى، شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمىدى. كېيىن ئاچچىقىمۇ ئاستا-ئاستا بېسىلىپ قالدى، بەختىگە، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى هېچنېمە بولماپتۇ، هازىر ئۇ بۇ قىزنىڭ مەكتەپتىن قوغلانغانلىقى توغرىسىدىكى خېلى بۇرۇنقى ئىشنى ئەسلەشكە تىرىشتى، دەسلەپتە ئۇ ئۆزەم خاتا بىر تەرەپ قىلىپ قويغان بولسام كېرەك دەپ پەرەز قىلدى. تروشنانىڭ ئىشخاندا قانداق يىغلىغانلىقى، ئۇنىڭ كۆپچىلىككە: ئۆزىنىڭ ساۋاقداشلىرىغا چاقچاق قىلىپ، ئۇلارنى قورقىتىپ قويۇش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلغان دەپ ۋەدە بەرگەنلىكى، ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشى ئەمەلىيەتتە توغرا بولسىمۇ، كۆپچىلىكنىڭ نېمىشقا ئىشەنمىگەنلىكى هېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە ئېنىق تۇرۇپتۇ. شۇنداق، قىزنىڭ بۇنداق ئەخمىقانە چاقچاقنى قىلىشى تامامەن مۇمكىن، لېكىن شۇ ۋاقىتتا هېچكىم ئۇنداق دەپ قارىمىدى، ھەممىدىن ئاۋۋال مەكتەپ مۇدىرى بۇنداق قاراشقا قوشۇلمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەڭ ئاددىي، لېكىن بۇ قىزچاققا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەڭ رەھىمسىز بولغان قارارنى چىقاردى: مەزكۇر ئوقۇغۇچى يولىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن مەكتەپتىن قوغلاندى. خۇلاسە ئالدىراپ-تېنەپ چىقىرىۋې- تىلسە، هۆكۈم خاتا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، خاتا هۆكۈم ئادەمدە ئۆچ ئېلىش ئىستىكىنى تۇغدۇرىدۇ. ئانتونىنا فېدوروۋنا ئۇزاق تەۋرىنىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىسىدا، تروشنانىڭ ئۆچ ئېلىش

ھوقۇقى بار دەپ ئېتىراپ قىلدى. بۇ خۇلاسىمۇ ئاجايىپ، بۇ ئۆۋانشىنانىڭ ئاچچىقىنى ياندۇرۇپلا قالماي، يەنە ئۇنى ئېغىر بېسىق قىلىپ قويىدى. تۇرلۇك ماللار ماگىزىنىدا بولۇپ ئۆتكەن ھېلىقى بولمىغۇر ئىشتىن كەلگەن ئاچچىق ئەلەم، كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلەرنىڭ ھەممىسى بۇلۇت تارقىغانغا ئوخشاش تارقاپ كەتتى، بۇ ئىشنى ئەمدى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

بۇ ئىشمۇ قىزىق بولدى: ئۆۋانشىنا ئۆزىنىڭ خاتا بىر تەرەپ قىلىپ قويغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ ئەپۇ سورىغان ئۇنىڭ كېيىنلىكىنى قايتا قوزغىلىشىغا سەۋەبچى بولغان ھېلىقى ئادەم ئۆۋانشىنانىڭ كۆڭلىگە بايرام كۈنلىرىدىكىدەك خاتىرجەملىك، ئارام بەخش ئەتتى. ئۇ پىركازچىكنى قاتتىق جازالىسام، بۇنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ؟ ئۇنى جازالىسام، بىراۋنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا ـ قازادىن خۇشال بولىدىغان بىر دەملىك غەلىبە خۇشاللىقىدىن ھۇزۇرلىنىشىم مۇمكىن، خۇددى ئالمىنىڭ ئىچىدىكى ئاق سېمىز قۇرتقا ئوخشاش، ئەمما ئاقىۋىتى يەنىلا ياخشى بولمايدۇ دەپ قىياس قىلغانىدى. ھازىر ئۇ غەزەپ ئادەمگە خۇشاللىق بەخش ئېتەلمەيدۇ، چۈنكى غەزەپ ئىجادچانلىقنى باسىدۇ، ئۇ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە دەپ ئويلىدى، ـــ بۇ ئۇنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈپ چىقارغان خۇلاسىسى ئىدى. بۇ خىياللار ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېلىلىتتى، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئارام بەردى. دېمەك، ئىككىنچى چوڭ مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىغاندا، ئۇنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن خاتىرجەم ئىدى، ئۇ مەسىلىلەرگە ئادىل قاراشنى ئىستەيتتى.

ئىككىنچى چوڭ مەسىلە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. توغرا، ئۇ مەكتەپنىڭ

رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتەۋەرسە بولىدۇ، شۇنچە يىللاردىن بۇيان
ھەممەيلەن ئۇنى ئوبدان چۈشەنگەن، ئۇنى ھەممەيلەن ھۆرمەت-
لەيدۇ، ئۇنىڭدىن قورقىدۇ، ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ، لېكىن، ئۇ ھالدا
مەكتەپ مۇدىرى ئىشخانىسىنى بىرىنچى قەۋەتكە يۆتكىمەي بولمايدۇ.
شۇنداق، ئۇنىڭ ئابرويىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى، تەجرىبىسىنىڭ مول-
لىقىنى، ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمىتىنى شۇنىڭدەك ئېغىر يارىلانغان-
لىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، ئۇنىڭغا جەزمەن ئەسلىدىكى ۋەزىپىسىنى
بەرمەي بولمايدۇ. ئۇ ئىلتىماس قىلسىلا، ھەتتا ئىلتىماس قىلمىسىمۇ،
ھۆكۈمەت ئۇنى بۇ ۋەزىپىگە قويىۋېرىدۇ، جەزمەن ئۇنىڭغا ئىمكا-
نىيەت بېرىدۇ، ئۆيلىنىش پۇرسىتى بېرىدۇ، ئۇنىڭ غەيرەتكە كېلىپ
تۈرلۈك ۋەزىپە ۋە ئىمتىيازلاردىن ۋازكېچىشىنى كۈتىدۇ. ئۇ بۇنىڭ
ئۆزىگە توقۇنۇشنى پەسەيتىش ئۈچۈن قالدۇرغان ئىمكانىيەت ئىكەن-
لىكىنى چۈشىنىشى ھەم بىلىشى مۇمكىن، بىلمەسلىكىمۇ مۇمكىن،
شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ھەممە ئىش يەنىلا ئىلگىرىكىدەك
كېتىۋېرىدۇ... ئەمما بۇ بوشلۇق، بۇ كۈتۈش، ئۇنىڭ توغما بىلىشى،
غەيرىتى ۋە ئىشىغا بولغان بۇنداق چەكسىز ئىشىنىش جەزمەن
بولىدۇ. رەھبەرلىك ئورنىدا ئولتۇرۇۋېلىپ ماگالمايدىغان مەكتەپ
مۇدىرى بولۇش كېرەكمۇ؟ بۇ 8-مارت ئاياللار بايرىمى مۇناسىۋىتى
بىلەن يېزىلىدىغان ئوبزور ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر ئابروي، ئەمما
ماھىيەتتە ئۇنىڭغا چىدىغىلى بولمايدۇ، ئۇ ئادەمنى ئازابلايدۇ.
ئوقۇتقۇچىلار ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا ئىچىنى ئاغرىتىدۇ، ئىچ
ئاغرىتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا دەيدىغان گەپلىرى تۈگىمەيدۇ، ئۇنىڭغا
كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئۇقتۇرمايدۇ، ئالاھىدە ۋەقەلەرنى ئۇنىڭدىن
يوشۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى قوغداش ئۈچۈن، مۇھىم ئىشلارنى

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن يوشۇرۇنچە قارار قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارمۇ تەڭلىكتە قالىدۇ. مەكتەپكە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگىلى ۋە تەكشۈرگىلى كەلگەن خادىملارمۇ — ھەتتا ئىختىيارسىز ھالدا! — ئۇنىڭ مېيىپ ئىكەنلىكىنى، بۇ مېيىپلىكىنىڭ ئۇنىڭ بارلىق ئىشلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى بىردىنبىر تىلتۇمارغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاشماي قويمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، كۆزدىن كەچۈرگۈچى ۋە تەكشۈرگۈچى خادىملارمۇ تەڭلىكتە قالىدۇ. ئاخىرقى مۇھىم مەسىلە: بەزىلەر ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ ناچارلىقىنى باھانە قىلىپ، ساغلام، خۇشال، ئەركە، شوخ، كەپسىز بالىلارنى ھەدەپ ئەيىبلەيدۇ، بۇنىڭغا بالىلار ھەرگىزمۇ چىدىمايدۇ. قاراڭلار، ئەگەر ئۇ ئەمگەك سېپىدىكى مارېسيېۋغا① ئوخشاش، ئايال قەھرىمان بولاي دەيدىغان بولسا، باشقىلارغا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىدۇ. بۇ ماھىيەتتە سەممىي بولمىغانلىق، نومۇسسىزلىق ۋە ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك. ئالماشتۇرغىلى بولمايدىغان رەھبەر يوق، ئالماشتۇرغىلى بولمايدۇ دېگەن قاراش سەپسەتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. باشقا شەرتلەر مۇۋاپىق بولغان ئەھۋالدا، سالامەتلىكى ياخشى خىزمەتچى خادىملار ھامان تېخىمۇ قىممەتلىك. ۋاقتىدا چانا ئۈستىدىن چۈشۈپ، زېھنى قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، ئىقتىدارلىق، ماھارىتى بار ۋە ئۆسۈش ئىستىقبالى بار كىشىلەرگە ئۆتۈنۈپ بېرىش — بۇ جەمئىيەتتىكى ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەقەللىي

---

① مارېسيېۋ (1916 – يىلى —) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمانى. ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىككى پۇتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن يالغان پۇت بىلەن داۋاملىق قوغلىغۇچى ئايروپىلاننىڭ ئۇچقۇچىسى بولغان.

قانۇن. ئورۇننى ئەتە ئۇچۇن باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىش نورمال، سەممىي ھەم چىرايلىق ئىشتۇر. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئىۋانشىنا ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇ پىنسىيىگە چىقسىمۇ بىكار قالمايدۇ، ئۆلكىلىك نەشرىيات ۋە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئۆلكە-لىك كومىتېتى ئۇنى ئىككى قېتىم ئەسلىمە يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغانىدى. بۇ ھەققە-تەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىش، ئۇنىڭ ئالاھىدە، قىممەتلىك تەجرىبە-لىرى بۇگۈنكى ۋە ئەتىكى قىزلارغا، كېلىنچەكلەرگە يېتىشى كېرەك. كېلىنچەك؟... ئۇ ئەزەلدىن كېلىن بولۇپ باقمىغان، لېكىن بۇ ئىشلار توغرىسىدا كېيىن بىر نەرسە دەرمىز. بۇلارنى ھازىرچە قويۇپ تۇرايلى، مۇھىمى ئىۋانشىنانى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلاتنىڭ يېزىلىشى، ئارقىدىن ئۇنىڭ مېيىپ بولغانلارنىڭ پىنسە-يىگە چىقىش پۇلىنى ئېلىش توغرىسىدىكى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان رەسمىيەتنى ئۆتىگەنلىكىدۇر.

خوش، ئاخىرقى مەسىلە: ۋالەگە خەت يېزىپ، ئۇنىڭ قىزىنىڭ ئىشى توغرىسىدىكى ئەھۋالنى يەتكۈزۈپ قويۇش، يەنى ئۇنىڭغا قىزىنى ئەكەلمەسلىكنى ئېيتىش. چۈنكى ئانتونىنا فېدوروۋنا ئىۋان-شىنانىڭ ياردىمىدىن ئەمدى ئۈمىد كۈتكىلى بولمايتتى.

— ئۇزاق ئويلىغانسىز، تونە ھەدە؟ — ئولېگ ئاخىرى ئۇنى يەنە "سىز" لىدى. بۇ، راستىنى ئېيتقاندا، ئىۋانشىنانىڭ كۆڭلىگە تازا ياقاتتى، — دېمەك، سىز بۇ قىزچاقنى ئۆلكىگە كېلىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمسۇن دېمەكچىمۇ؟

— نېمىشقا ئۇنداق دېگۈدەكمەن؟ ئوقۇسۇن، ئوقۇسا ياتاقتا ياتىدۇ شۇ.

— ئۇنداقتا، سىز ھەر ئاخشىمى ھاسىغا تايىنىپ بېرىپ ئۇنى

شۆيۇەندىن ياتىقىغا ئاپىرىپ قويىدىكەنسىز ـ دە، شۇنداقمۇ؟
ـــ ئەمىسە، ئۇ مېنىڭ ئۆيۈمدە ياتسا، ئەتىسى ـ ئاخشىمى ئاپى-رىپ ـ ئەكىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن ـ دە؟
ـــ ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، تونە ھەدە. بىرىنچىدىن، بۇ قىزچاقنى ئۇنچىۋالا باشقۇرۇپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئىككىنچە-دىن، ئۇ مەكتەپتە تۇرسا، ئۇنى ئالىقا ئېرىپ ئەكىلىدۇ، ياكى مەن بارىمەن.
ـــ بىلەمسەن، ئولېگ، مەن دېگەن مەجرۇھ، ئېغىر مەجرۇھ.
ـــ سىز ئۇلگە. سىز ھەممىيلەننىڭ ئۇلگىسى، كۆز ئالدىمىزدىكى جانلىق ئۇلگىسىز! بۇ ئىنتايىن زۆرۈر، ئۇچۇ؟ ئېھتىمال سىز ئۇنىڭغا ئىنتايىن موھتاج بولغاندۇرسىز، سىز ھازىرلا خەت يېزىڭ، ئۇ كەلسۇن، ئەمدى ئىككىلەنمەڭ، ۋوگزالغا مەن ئۆزۈم بارىمەن.
بۇ ئىشنى ئۇلار باھاردا مەسلىھەتلەشكەنىدى، ئۇ ۋاقىتتا تونىچكا قىز تېخى 10 ـ سىنىپتا ئوقۇۋاتقان بولۇپ، بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى، ئۇ مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىغا ئەمدىلا تەييارلىق قىلىشقا باشلىغانىدى، ئۇ شۆيۇەنگە، ئاساسلىقى يەنىلا ئانىسى ۋالەگە تەلپۇ-نۇپ تۇرغانىدى. ئەمما ئولېگ ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلالايدىغان ئادەم، شۇنىڭ بىلەن ئانتونىنا فېدوروۋنا شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ۋالەگە خەت يېزىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كېسىلىنىڭ قوزغىلىپ قالغاند-لىقىنى، پېنسىيىگە چىقاي دەۋاتقانلىقىنى، شۇنداق بولسىمۇ قىزچاقنىڭ كېلىشىگە يەنىلا قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لىكوۋا (ھازىرقى پروخو-روۋا) دەرھال جاۋاب خەت يازدى، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ئۆزى ئىۋاد-شىنانى يوقلاپ كەلدى، كىچىك تونەنىڭ تەقدىرى شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇل ـ كېسىل بەلگىلەندى.

ۋاله مېڭمىشتىن بۇرۇن ئارلا بىلەن ئايرىم سۆزلەشتى، تەبىئىيكى، ئۇلار قىزى توغرىسىدا سۆزلەشتى.

— بىز يا ردەملىشىمىز، خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى باياتىن بېرى جىم تۇرغان ئارلا، — ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ. سىز تېخى كۆرمىگەنمۇ، تونە ھەدەمنىڭ كېسىلىگە شىپالىق دورىنى تېپىشتىمۇ قىزچاقنىڭ غېمىنى يېگەن بىز.

ئولېگ ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىدە نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۆيدە باشقا ئادەم يوق ئىدى، ئۈچ ئايال ئاشخانىدا بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ چاي ئىچكەچ تونېچكانىڭ كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتاتتى. بۇ ۋاقىتتا تونېچكانىڭ ئۆزى ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ئىدى، ئۇنىڭ بەش يىللىق ئوقۇش جەريانىدىكى ئۆگىنىشى، ئارىلىشىدىغان ئادەملىرىنىڭ دائىرىسى ۋە بېرىش-كېلىش قىلىش ئورنى، ۋاقتى، ئوبيېكتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە قاتتىق بەلگىلىمە بېكىتىپ بېرىلدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، تونېچكا ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىمكان بار كىشىلەرنىڭ زىتىغا تەگمەيدىغان بولدى، ئەمما پىداگوگىكا شۆبىۋىنىگە كىرىش مەسىلىسىدە، ئانىسى قىزىدىنمۇ بەك ئالدىراپ كەتتى. تونېچكانىڭ ئۆزىنىڭ غايىسىگە كەلسەك، ئۇ ئانىسىنىڭ يېنىدىن تېزرەك قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئانتونىنا فېدوروۋنا ئەستايىدىل، ئەتراپلىق ئويلانغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا تۇتۇندى. بىرىنچى ئىش: ۋالېچكانىڭ① قىزى تونېچكانىڭ كېلىشى مەسىلىسىدە بىردەك

---

① ۋالېچكا يەنى ۋاله، ۋالېنتىنانىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

قاراشقا ئۈگە بولدى. ئىككىنچى ئىش: ھەرقانداق ئىشنى بىجىرىشتە ئۆتەيدىغان نۇرغۇن، مۇرەككەپ رەسمىيەتلەر بولىدۇ، مەكتەپ مۇدىرى ئىۋانىشنا تېزلا شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىگە ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا سوراپ ئىلتىماس يازدى. دوكلاتنى ئولېگ قاتمۇقات بىيۇ-روكرات تەبىقىلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ بىۋاستە يەتكۈزۈپ بەردى. ئانتونىنا فېدوروۋنا ئۈچ ھەپتە ئەمەس، ئاز دېگەندىمۇ ئىككى ھەپتە ئىچىدە جاۋاب كېلىدۇ دەپ پەرەز قىلغانىدى، لېكىن بەش كۈن ئۆتە-تۆتمەيلا، ۋراچ كېسەلخانىنىڭ ئىشىكىدىن بېشىنى تىقىپ دېدى:

— ئانتونىنا فېدوروۋنا، سىزنى بىرى كۆرگىلى كەپتۇ.

دوختۇرنىڭ گېپى سەل غەلىتە چىقتى، لېكىن ئىۋانىشنا بۇنى ئويلاپ ئولتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى. دوختۇر كەتكەندىن كېيىن، ئىشىك ئېچىلىپ قولىدا قەغەز خالتا كۆتۈرگەن سالاپەتلىك ئىككى ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئانتونىنا فېدوروۋنا بىلەن ئىلگىرى بىللە ئىشلىگەن، شۇڭا ئۇلار تونۇشاتتى، يەنە بىرى...

— ھەربىي كومىسسار؟

— ئىلگىرى ھەربىي كومىسسار ئىدى، — دېدى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن شائىشياۋ، ئۇ قولىدىكى خالتىنى نەگە قويۇشنى بىلەلمەي-ۋاتاتتى، — ھازىر شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى. نېمە بولدىڭىز، شائىۋېي، چېچىلىۋاتامسىز نېمە؟

— شۇنداق ئەمەسمۇ؟ سىز، بىلەمسىز، بىز بەك تەڭلىكتە قال-دۇق، — شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويىدى، ئۇ ئەرلەرگە خاس قوپال قىياپىتى بىلەن قەغەز خالتىسىنى ھېچبىر قورۇنماستىن مەيدىسىگە بېسىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ

قەغەز خالتىسى شاگشياۋنىڭ قولىدىكىگە ئوپئوخشاش ئىدى، — سىز بۇ ئىش توغرىسىدا بىزگىمۇ مەسلىھەت سالماپسىز، يا ئۇقتۇرۇپمۇ قويماپسىز. بولمىسا، سىزنى دەم ئېلىپ داۋالىنىشقا ئورۇنلاشتۇر-ساق، ئوبدان داۋالىنىپ، سالامەتلىكىڭىز ياخشىلانغاندا، ئاندىن بىر نەرسە دېيىشمىزمۇ يا؟

ئىۋانشىنا ئۆزىنىڭ قارارى توغرىسىدا ئىنچىكىلىك بىلەن ئويلان-مىغان، ئەتراپلىق، قايتا-قايتا دەڭسەپ باقمىغان، بارلىق ئىجابىي ۋە سەلبىي پىكىرلەرنى مۆلچەرلەپ كۆرمىگەن، ئۆز-ئۆزى بىلەن نەچچە كېچە ئۇخلىماي مۇنازىرىلەشمىگەن بولسا، ئۇلار ئىۋانشىنانى قايىل قىلغان بولاتتى. ئۇنىڭ ئەرلەرگە بىر ئۆمۈر بويىرۇقۋازلىق قىلىش نىيىتى يوق، ئۇمۇ ئەرلەرگە بويسۇنۇشنى، ئەرلەرنىڭ ئىرادىسى ئالدىدا باش ئېگىپ ئىتائەت قىلىشنى خالايدۇ، ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، ئۇ بۇ پەيتتە ئۆپكىسىنى باسالمىغان بولاتتى. مانا ئەمدى ئۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈتۈپ، كۆز ياشلىرىنى يوشۇ-رۇنچە سۈرتىۋەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ توغرا قىلغانلىقىنى چوڭقۇر بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خاتىرجەم، تەرتىپلىك ھالدا چۈشەن-دۈرۈشكە باشلىدى... لېكىن دەل مۇشۇ پەيتتە ئولېگ كىرىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى يۇتۇۋەتمەي بولمىدى.

— سەن نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

— ياخشىمۇ سىلەر، يولداشلار؟ كەچۈرۈڭ، تونە ھەدە.

ئۇ چىقىپ كەتتى. ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ ئىۋانشىناغا "روھلۇق بولۇڭ، قوشنا!" دېگەن مەنىدىرەك كۆز ئىشارىتى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئانتونىنا فېدوروۋنا روھى كۆتۈرەڭگۈ ھالدا ئۆزىنىڭ

چۈشەندۈرۈشنى سۆزلەپ تۈگەتتى.

— ئورۇنلۇق، — دېدى ئىلگىرىكى ھەربىي كومىسسار قوشۇمى-سىنى تۈرۈپ، — سىز ھەقىقەتەن ۋىجدانلىق ئايال ئىكەنسىز، ئىۋانشىنا تونە. ھەممە ئادەم سىزگە ئوخشاش بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى؟

شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى غەمكىن ھالدا بىر ئۇھ تارتىپ قويدى. ئۇ ئىۋانشىنا بىلەن قول ئېلىشىپ، قايىل بولغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى. ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن شاڭشياۋ يەنە قوشۇپ قويدى:

— سىز ئۆز ئادىمىمىز، چۈشەندىڭىزمۇ؟ مەيلى پېنسىيىگە چىقىڭ ياكى چىقماڭ، ئىشقىلىپ، ئۆز ئادىمىمىز. مەن بۇ دېگىنىمگە مەسئۇل بولىمەن.

ئولېگ كارىدوردا ئىۋانشىنانى يوقلاپ كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ مېھمانلارنى ئەدەب بىلەن ماشىنىسىغىچە ئۇزى-تىپ بېرىپ، تۆۋەن ئاۋازدا ئازراق سۆزلەشتى، ئاندىن كېسەلخانىغا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك قايتىپ كىردى.

— تېلېفون ئورنىتىپ بېرىش توغرىسىدا ئىلتىماس يېزىڭ، تونە ھەدە. بۇ ئىشنى سۆزلىشىپ قويدۇم.

— مەن ساڭا ئۇنداق قىل دېمىگەنىمغۇ؟ ئەجەبا مېنىڭ ھېچنەر-سىگە موھتاج ئەمەسلىكىمنى بىلمەمسەن؟ ماڭا ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس. مەن ئۆي ئېلىش، تېلېفون ئورنىتىش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپكە چىققانمۇ...

ئۇ بىردىنلا ئاغزىدىن چىققان "ئۆي" دېگەن گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئاشۇ ئازابلىق، خۇشاللىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە

www.uyghurkitap.com

ماددىي ئەشيالار يېتىشمەيۋاتقان غەلىبىلىك 1945-يىلىنى ئېسىگە ئالدى. ئەينى ۋاقىتتا مىليونلىغان يېتىم-يېسىرلەر، تۇل خوتۇنلار قىستا-قىستاڭ، زەي، قاراڭغۇ يەر ئاستى ئۆيى ۋە ۋاقىتلىق ئۆيلەرگە ماكانلاشقانىدى، شۇ ۋاقىتتا ئىۋانشىنا پېشقەدەم ھەربىي كومىسسارنىڭ ياردىمىنى رەت قىلماي، جاھىللىق بىلەن شەھەرلىك ھاكىمىيەت ئورگىنىدىن بىر ئۆي ئالغانىدى. ئۇ مەيدىسىگە ئېسىلغان ئوردېنلارنى جاراڭلىتىپ، بېشى يوق ئۇزۇن ئۆچرەتتە جىمجىت، مۇلايىم تۇرغان كىشىلەر ئالدىدىن ئۆتۈپ بېرىپ ئۆي گۇۋاھنامىسى ئالغانىدى، شۇ ۋاقىتتا ئۇ خىجىل بولمىغان. شۇ ۋاقىتتا ئۇ كەمبەغەللەر مەھەللىسىدىكى بويتاق ئانىلار، تۇل خوتۇنلار ۋە بالىلارنى ئويلىغانمۇ؟ ياق، ئويلىمىغان. ئۇ ۋاقىتتا ئۇ پەقەت ئۆزىنى ۋە ۋالېنتىن ۋىلىيامىنوۋ جۇكوۋېينىلا ئويلىغانىدى. ھازىر، ئۇ ئەقلىگە كېلىپ، باشقىلارنى ئويلايدىغان بولدى. ئىۋانشىنا ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ مەسىلىنى بىلمەيتتى. ئولېگ بىلەن ئارلامۇ شۇنداق، ئۇلار ئۆزلىرىدىن باشقىنى ئويلىمايدۇ، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى، باشقىلارنىڭ غېمىنى يېيىشنى بىلمەيدۇ. ئەيتاۋۇر، ئۇلار ئىۋانشىناغا كۆڭۈل بۆلۈشتىمۇ ئۆزىنى ئويلىغان بولسا كېرەك. ئەمما بۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟ ئۇلار ئۆي غېمىدە، چۈنكى ئۇلار ئۇزاقراق ياشايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىستىقبالى كەڭرەك، دېمەك، ئۇلارنىڭ ئەيىبلىگۈدەك ھېچ يېرى يوق.

— كېچىدە دوختۇر چاقىرىدىغان ئىش بولۇپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ كوچىدا تېلېفون ئىزدەپ يۈرەمدۇق؟

— دېگىنىڭ توغرا، ئولېگ.

ئىۋانشىنانىڭ ھەممە مەسىلىسى شۇنداق قىلىپ ھەل بولدى: ئۇ

www.uyghurkitap.com

پىركازچىلىك تىروشنانى ئەپۇ قىلىندىغان بولدى، تونىچىكا كىلىندىغان بولدى، پىنسىيىگە چىقىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ، ئۆيىگە بىر تېلېفون ئورنىتىلىدىغان بولدى. دېگەنىدەك تېلېفون ناھايىتى تېزلا ئورنىتىلدى، ئولېگ ھەرقايسى تارماقلارغا ئۆزى بىرىپ تەستىقلاتتى، باشقىلارغا يالۋۇردى، باشقىلارنى قورقۇتتى، سىم ئۇلىغۇچىغا ئۆزى ياردەملىشىپ تېلېفوننى ئورنىتىۋالدى. ئانتونىنا فېدوروۋنا دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەنىدە، ئۆزىنىڭ ئۆيىدە بىر، كارىدوردىكى كىچىك ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە بىر تېلېفون ئۇنى كۈتۈپ تۇرغانىدى.

— نېمىشقا تېلېفون سىمىنى ئۆيۈڭلەرگە ئەكىرمىدىڭلار؟

— تونە ھەدە، بۇ بىز ئىشلىتىدىغان نەرسە ئەمەس.

— بۇ نېمە گەپ!

ئىۋانىشنا خاپا بولغاندەك كۆرۈنەتتى، ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئىككىنچى بىر تېلېفوننىڭ ئىككى ئائىلە ئورتاق ئىشلىتىدىغان يەرگە ئورنىتىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ ئۇلارنىڭ ھېچقانداق تەمەسى يوق ئىشەنچلىك ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. ئۇ شۇ قەدەر كىچىك، ئەمما شۇ قەدەر ئېنىق ھەرىكەتتىن ئۇلارنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالدى.

— دېمەكچىمەنكى، بىز بولمىغان ۋاقىتتا، بىر قەدەمىمۇ نېرى ماڭماڭ، يەيدىغان نەرسىڭىزنى ئارلا ئېپكېلىپ بەرسۇن. ئايلىنىپ كېلمەن دېسىڭىز، تونە ھەدە، بىز بىللە چىقايلى، لېكىن بىز ئاخشىملا چىقالايمىز. بىز ئىشقا چىقىپ كەتكەندە تېلېفون چوقۇم سىزنىڭ يېنىڭىزدا تۇرسۇن.

ئىۋانىشنانىڭ خىزمەت ۋە دەم ئېلىش ۋاقتى بۇ خۇش پىچىم

قوشنلار تەرىپىدىن بەلگىلەنىدى، ئولېگ ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ماھىر ئىدى.

ئىۋانىشنانىڭ خىزمەت ۋە دەم ئېلىش ۋاقتى ئولېگ بىلەن ئارلانىڭ ۋاقتىغا ئاساسەن بەلگىلەنگەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭلا خىزمىتى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ھەر خىل، ھەر ياڭزا نۆۋەتچىلىك ۋەزىپىسى، چوڭ-كىچىك يىغىنلىرى، ماگىزىنغا چېپىش، تونۇشلىرى بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىش ئىشلىرىغىمۇ بىرمۇنچە ۋاقىت كېتەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئارلانىڭ دائىم بولمىسىمۇ، ئېكسكورسىيە دېگەندەك ئاز-تولا مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بار ئىدى، ئولېگ ئاندا-ساندا پېۋىخانىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ كېلەتتى. لېكىن، ئۇلار بىرەر ئىشنى بىللە قىلسۇن ياكى ئايرىم قىلسۇن، ئارلا تونە ھەدىسىگە سۈت، قۇرۇت، قېتىق ئېلىشنى زادى ئۇنتۇمايتتى. ئولېگچۇ، ئۇ مەيلى نە ۋاقىتتا قايتىپ كەلسۇن، چوقۇم ۋاقىت چىقىرىپ تونە ھەدە بىلەن بىللە خىلۋەت كوچىنى، ئۇلارنىڭ ياغاچ ئۆيلىرىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كوچىنى ئايلىنىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىر جۈپ ئەر-خوتۇن ھەمىشە كۈلۈپلا يۈرەتتى، كىشىلەرگە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، ئىۋانىشناغىلا شۇنداق قىلىپ قالماي، ئەر-خوتۇن ئۆزئارىمۇ شۇنداق قىلىشاتتى. شۇڭا، ئانتونىنا فېدوروۋنا تەقدىرنىڭ بۇ ھىممىتىدىن مىننەتدار ئىدى.

— ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھېسابلىغاندا ئىككىمىزنىڭ مائاشى ئۆزىمىزگە يېتىدۇ، — ئولېگ ھەر ئاخشىمى ئىۋانىشناغا ھەمراھ بولۇپ ئايلانغاندا، پاراڭلاشقاچ مېڭىشنى ياخشى كۆرەتتى، — بىزنىڭ قىلچە تەمەيىمىز يوق.

— ئەمسە نىمىشقا دائىم قان ساتىسەن؟

— دەم ئېلىش ئۈچۈن، تونە ھەدە، بىر شپىرىس قان ئالسا، ئۈچ كۈن دەم ئېلىش ۋاقتى قوشۇپ بېرىدۇ. مەنچۇ، ساياھەتكە ئامراق، گۈلخان، چېدىر دېگەنلەر، ئورمانلىقتىكى شىلدىر-شىلدىر قىلغان ئاۋازلار كىشىگە ئارام بەخش ئېتىدىكەن!

كەيىندىن ئولېگ يەنە نېمىلەرنىدۇ دېدى، ئانتونىنا فېدوروۋنا ئۇشتۇمتۇت ئويلاپ قالدى: بۇ بىر جۈپ ئەر-خوتۇن ئەزەلدىن بىللە دەم ئېلىپ باقمىغان، بىرەر قېتىممۇ بىللە دەم ئېلىپ باققان ئەمەس. ئۇۋانىشىنا ھەتتا قەدىمىنى توختاتتى.

— ئاركا چېدىر، گۈلخان دېگەنلەرنى ياخشى كۆرمەمدىكەن؟

— نېمىشقا ياخشى كۆرمىسۇن؟ — ئولېگ بىردىنلا ئېسىنى يىغىۋالدى، ئۇ بىردەم توختىۋېلىپ، يەنە كۈلدى، — دەم ئالغاندا ئەڭ ئاساسلىقى ئەركىن-ئازادە يۈرۈش لازىم، تونە ھەدە، بىلەمسىز؟ شۇڭا بىز ئوخشاش بولمىغان ۋاقىتتا دەم ئالىمىز...

— ئەمسە يالغان ئېيتىشىنىڭ ھاجىتى يوق-دە؟ — ئۇۋانىشىنا ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويىدى، — مەنمۇ ساراڭ، سىلەرنىڭ مېنى يالغۇز قالمىسۇن دەپ شۇنداق قىلىۋاتقىنىڭلارنى ھېلىغىچە بىلمەپتىمەن. بىز قوشنا بولۇپ قالغاندىن بۇيان بىرەر قېتىممۇ يالغۇز قېلىپ باقمىدىم.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا ھاسىسىنى توكۇلداتقىنىچە يەنە ئالدىغا قاراپ ماڭدى، ئۇنىڭ ئاستا ئالغان قەدەملىرى ئۇنىڭ گەۋدىسىنى ئالدىغا سۈرۈپ باراتتى. ئولېگ قەدىمىنى تېزلەتتى، ئۇ بىردەم جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە ئۇھ تارتىپ قويىدى:

— بالىمىز بولغان بولسا چاتاق بولمىغان ئىكەندۇق.

— چاتاق بولار ئىكەندۇق؟

— بىرئاز تەس بولار ئىكەنـدۇق، — ئۇ ئـۆزىـنىڭ گىپىـنى تۈزىتىۋالدى، — ساياھەتـكىمۇ بارساق، پۇلمۇ خەجـلىسەك. لېكىن مەن، تونە ھەدە، مېنىڭ نېمىگە ئىشىنىدىغانلىقىمنى بىلەمـسىز؟ مەن ئۆزەمنىڭ بىر جۈپ قولىغا ئىشىنىمەن. مېنىڭ بىر جۈپ چىۋەر قولۇم بار، بۇ لاپ گەپ ئەمەس، تېخنىـكا ئىشى، ئېلېكـترون ھۈنىـرى بولامدۇ، ياكى ھەر خىل نازۇك ئىشلار بولامدۇ، ھەممىسى قولۇمدىن كېلىدۇ. بىلىشىڭىز لازىمكى، مەن ئېلېـكترون سانائىتى تېخنىـكۇمىغا تامامەن ئۆز ئىختـىيارىـم بىلەن كىرگەن، بۇ كەسپـتە رىـقابەت ئىنتايىن كەسكىن بولسىمۇ، بۇ كەسپـنى تامامەن ئۆزەم تاللـىغان، خۇددى كىـنو ئارتىـسى بولۇشـقا ئىمتىـھان بەرگەنـگە ئوخـشاش. مېنىڭ بۇ جەھەتتە تالانتىم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىمتىھاننى ناھايىتى ئوبدان بەردىم، رىقابەت دېگەن مەن ئۈچۈن بىر خىل ھۇزۇر. مەن تېخنىكا بىلەن ھەپىلىشىدىغان ئادەم، تونە ھەدە، ئېلېكترون تېخنىكىسى ئېقىۋاتـقان بۈگۈنـكى كۈنـدە مېـنىڭ نېمىـلەرنى قىلـماقچى بولۇۋاتقانلىقىمنى بىلەمـسىز؟ تېلـېۋىزور يېڭىلىماقـچى بولۇۋاتىمەن، چۈشەندىڭىزمۇ؟ مەن رېمونت قىلمايمەن. رېمونت دېگەننى تۇرمۇش مۇلازىمەت پونـكىتىـمۇ قىـلالايـدۇ، مېنىڭ قىلماقچى بولۇۋاتـقىنىم يېڭىلاش، ياكى ئېنىقـراق ئېيتـساق، پۈتۈنـلەي كېرەكـتىن چىققان نەرسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش!

— نېمە دەۋاتـقانـلىقىڭـنى چۈشەنـگىلى بولمايدىغۇ، ئولېـگ، قەستەن شۇنداق دەۋاتامسەن نېمە؟

— قەسـتەن ئۇنـداق دەپ نېـمە قىـلاي، بۇ ئوچـۇق-يورۇق ئىشقۇ. ماگىزىندا كونا تېلېۋىزورلارنى 20 رۇبـلىغا، كۆپ بولسا 50

رۇبلغا ساتىدۇ. مەن ئۇنى قانۇنلۇق ھالدا سېتىۋالىمەن، ئۇكلاپ، سۇرىتى ئۇچۇق چىققاندىن كېيىن يەنە ساتىمەن. لېكىن ئۇ چاغدا 30 رۇبلغا ئەمەس، 200 رۇبلغا ساتىمەن. بۇ قانۇنغا توغرا كېلەر؟

ــ زاپچاسلىرىنى نەدىن تاپىسەن؟

ــ قولنى نېمگە ياراتقان؟ ــ ئۇ سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى، ــ ھەممىنى ئۇيلاپ قويدۇم، تونە ھەدە، بىز پايدا ئالالايمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەردە ھېچقانداق ئالدامچىلىق قىلىدىغان ئىش يوق!

ئانتونىنا فېدوروۋنا ئولېگ بىلەن مۇنازىرىلىشىشنىڭ تەس ئىكەنلىكىنى، ئېنىقراق ئېيتقاندا، مۇنازىرىلىشىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، باراۋەر ئاساستا پاراڭلىشىشنىڭمۇ تەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. چۈنكى ئۇ دائىم ئادەمنى مەسخىرە قىلغاندەك سوغۇق كۈلەتتى. كۈلگەندىمۇ ئاغزىنى خۇددى غۇنچىغا ئوخشاش ئالدىرىماي ئاچاتتى، بۇنىڭدىن ئۇ ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى، ئۇ مەيلى قانداقلا كۈلسۇن، ئاغزى گۈل ئېچىلغاندەك ئاستا ئېچىلاتتى. بۇنداق خۇش پىچىم كىشىلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىش زادى مۇمكىن ئەمەس. ئىۋانشىنا ئولېگ بىلەن مۇنازىرىلەشكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا، ئۇ ئادەتتە ئولېگ بىلەن مۇنازىرىلەشمەيتتى. لېكىن ئۇ بۇنداق مۇرەسسەچىلىكىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى ھېچقانداق ئادەمگە ــ ھەتتا ئۆزىگىمۇ! ــ ئىقرار قىلىپ باققان ئەمەس. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كاللىسىغا بەزىدە كۆڭلىگە يوشۇرۇنغان نەرسە بىلەن پرىنسىپ جەھەتتە قارىمۇ قارشى بولغان بىرەر پىكىر كېلىپ قالاتتى، بۇ ۋاقىتتا، ئۇ ئۆزىنىڭ پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، ئولېگ بىلەن ئاساسسىزلا مۇنازىرىلىشىپ كېتەتتى. گەرچە بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ كۆزلىرى پولدىن باشقا يەرگە تىكىلمىسىمۇ، دۇنيادا ھېچقانداق ئادەم ئۇنى

قايىل قىلالمايتتى، ئولىگ ئىۋانشىنانى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان: ئۇ بۇنداق توسقۇنلۇققا يولۇقسا، گەپنى دەررۇ باشقا ياققا بۇراپ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان بۇنداق تېمىدىن ئىككىنچى ئېغىز ئاچمايتتى.

— بىر ماشىنىڭىز بولسا ياخشى بولاتتى، تونە ھەدە، رولنىڭ كەينىگە ئولتۇرسىڭىزلا، شەھەر سىرتىغا چىقاتتىڭىز.

— مۇشۇنداق ئايلانسامۇ ئايلىنىمەنغۇ؟

— بۇ چاڭ-توزان ئۆرلەپ تۇرغان شەھەردىمۇ؟

ئىۋانشىنا زوۋان سۇرمىدى، ئۇ يەنە بىرئاز ھودۇقۇپ قالغاندى، چۈنكى ئولىگنىڭ جىددىي تەلەپپۇزى بىلەن ئاستا "ئېچىلغان" (ئىۋانشىنا كۆڭلىدە شۇنداق ئويلىدى) چىرايى بىرلىشىپ، ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويغاندى. بەزىدە ئۇنىڭغا ئولىگ مەقسەتلىك ھالدا ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان تۇرلۇك نەرسىلەر بىلەن ئۇنى ئۆزىگە تارتىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى قەتئىيلىكىنى سىناۋاتقاندەك، ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. قانداق بولسا بولسۇن، ئۇلارنىڭ مۇنازىرىسى تېخى ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ پرىنسىپال مەيدانىنى شەرھلەيدىغان باسقۇچقا يەتكەن ئەمەس. بېلياكوۋ ئىۋانشىنانىڭ گېپىنىڭ سەل قاتتىقراق چىققانلىقىنى سېزىپلا قالسا، دەرھال ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئامال بار چاقچاق بىلەن ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتەتتى، لېكىن ئىۋانشىنا بۇ ياش قوشنىسىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ چۈشىنەلمىگەنلىكى ئۈچۈن سەل مەيۈسلىنىپ قالغاندى.

ئولىگ ئارلا بىلەن بىللە بولسا خېلى يەكگىللىشىپ قالاتتى. ئىككىسى ئائىلە ئىشلىرى ئۈستىدە ئالدىرىماي-تېنىمەي، ئەستا-

www.uyghurkitap.com

يىدىللىق بىلەن پاراڭلىشاتتى، ۋاقىت چىقىپ قالسا، ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان، رەزانوۋ ① رېژىسسورلۇق قىلغان كىنولارنى كۆرۈپ كېلەتتى، پوپايكا توقۇيتتى، كىيىملىرىنى ياماييتتى. ئارلا مۇلايىم، چىقىشقاق ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ مىجەزى كىشىگە ئارام بەخش ئېتەتتى. ئۇۋانىشنا ئارلا بىلەن بىللە بولسا ئۆزىنىڭ ئايال خوجايىن ئىكەنلىكىنى خۇشال هالدا هېس قىلاتتى، كۆڭلى ئارام تاپقاندەك بولاتتى، لېكىن ئولېگ بىلەن بىللە بولسا تېخىمۇ كۆڭۈللۈك هېس قىلاتتى، ئولېگنىڭ ئۇۋانىشنانى ئۆزىگە جەلپ قىلالىشىدىكى سېھرىي كۈچى، روشەنكى، مۇشۇ يەردە ئىدى.

— تونە هەدە، ئەتە نەشرىياتتىن سېرىق چاچلىق بىر ئايال سىزنى ئىزدەپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ چېچى بويىغان چاچمىكىن، هېچ ئاڭقىرالمىدىم.

— يەنە نەدىكى نەشرىياتكەن ئۇ، ئولېگ؟

— ئۆلكىدىكىچۇ؟ بىر قېتىم سىز ئۆزىڭىز توغرۇلۇق بىر كىتاب يازماقچى بولۇۋاتقانلىقىڭىزنى ئېيتمىغانمۇ؟ هازىر يېزىۋاتىدىغانسىز.

ئولېگ ئىشتىن چۈشۈپ قايتىپ كەلگەندە، ئارلا تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى، ئانتونىنا فېدوروۋنا ئۇنىڭغا تاماق راسلىدى. ئۇ ئولېگنىڭ ئودۇلىغا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ تاماقنى ئالدىرىماي-تېنىمەي، تازا ئىشتىها بىلەن يېيىشلىرىگە رازىمەنلىك بىلەن قاراپ تۇردى. بۇ چاغدا تىنچلىق ۋە خۇشال-خۇراملىق هۆكۈم سۈرگەنىدى.

---

① رەزانوۋ — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشهۇر كىنو رېژىسسورى، «ئىككى كىشىلىك ۋوگزال»، «ئىشخانىدىكى ئىشلار» قاتارلىق فىلىملەرگە رېژىسسورلۇق قىلغان.

ئەمما تۇيۇقسىز بىر نەشرىيات، سىرىق چاچلىق بىر ئايال، ئالمقانداق بىر كىتاب كەلدى.
— مەن ھېچقانداق كىتاب يازماقچى ئەمەس.
— چۈشەندىم. بۇ ئىشتا تېخى توختام تۈزۈلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ دېگىنىگە مەسئۇل بولىدۇ، ئەسەرنى تاپشۇرۇش ۋاقتى بولىدۇ، ئالدىن بېرىدىغان قەلەم ھەققى بولىدۇ.
— ئالدىن بېرىدىغان قەلەم ھەققى؟
— شۇنداق. مەن باش مۇھەررىرنىڭ يېنىغا بېرىپ ھەممىنى كېلىشىپ قويدۇم. بۇيرۇق چۈشۈرۈلۈپ بولدى. ئەتە سىز شۇ سىرىق چاچلىق ئايال مۇھەررىرنى كۈتۈڭ. ئۇنىڭ ئىسمى ئولگا.
ئولېگ ئۇنىڭ بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە، ھەم ئالدىن تەييارلىق قىلىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت بەرمىدى. ئۇنىڭ قايغۇرۇشىغا ۋە ئويلىنىشىغىمۇ ئىمكانىيەت بەرمىدى. ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېنىقكى، ئىلگىرىكى پىيادە ئەسكەرلەر لېيەنىنىڭ لېيەن-جىڭى ئىۋانىشنا شاگۇېي كۆرەشتىمۇ، ئىشتىمۇ، جەڭدىمۇ ياشىيالايدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى تاماملانغان ۋاقىتتا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئېغىر مېيىپ ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسىنى بېسىپ بولغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بەختسىز ئۆتكەنلىكىنى، بۇ بەختنىڭ ئۇنىڭغا ئەمدى مەڭگۈ كەلمەيدىغانلىقىنى، ھەممە نەرسىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئەسلەيدۇ. جەڭگىۋار، ئاكتىپ، جانلىق تونە ھەدە كۆزدىن غايىب بولۇپ، روھى سۇلغۇن، قىرىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن، ياداپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئايال قوشنا، ساناقلىق كۈنلىرى قالغان بىر موماي پەيدا بولىدۇ. ئانتونىنا فېدوروۋنا ئولېگقا ئۇنىڭ كۆلۈپلا تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، ئاساسلىقى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن

تىرىشىدىغانلىقىدىن تەسىرلىنىپ (ئۇنىڭ پىكرى نېمىدېگەن جانلىق، زېھنى نېمىدېگەن ئۆتكۈر ـ ھە!) بويسۇناتتى.

ــ ۋاييەي، مەن قانداق يازالايمەن؟

ــ يازالايسىز.

شۇنىڭ بىلەن ئىۋانىشنا ئانچە ھودۇقۇپ كەتمىدى: راست دەيدۇ، نېمىشقا يازالمايدىكەنمەن؟ ئەيىنى يىللاردا ئەزمەتلەرنى يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلارغا قارىماي ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە سەپەرۋەر قىلغان ئەمەسمىدىم، بۈگۈنكى كۈندە بىر كىتاب يېزىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمامدىم؟ ياق. باشتىن كەچۈرگەنلىرىمنى بىرمۇ بىر يېزىپ چىقىشىم كېرەك، باشقىلارمۇ يېزىۋاتامدۇ؟

ئەسلىدە ئۇنىڭمۇ ھەجمى كىچىكرەك بىرەر كىتاب يېزىش خىيالى بار ئىدى، چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىنى، تەلىم ـ تەربىيە جەھەتتىكى تەجرىبىسىنى ۋە شەخسىي تۇرمۇشىنى باشقىلارغا ئېيتىپ بېرىش ئارزۇسى بولغاندىن باشقا، يەنە يېزىقچىلىق جەھەتتە خېلى ماھارىتى بار ئىدى، دېمەك، ئۇ بىر نەرسە يېزىپ باققانىدى. ئۇ بەش پارچە ئەسەر يازغان: كەسپىي مەسىلە توغرىسىدا يازغان ئىككى پارچە ئەسىرى «ئوقۇتقۇچىلار گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان، ئۈچ پارچە ئەدەبىي خاتىرىسى ئۆلكىلىك گېزىتتە ئېلان قىلىنغان. بۇ ئۈچ پارچە ئەدەبىي خاتىرە ــ ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇنىڭ كېيىن يازغان ئەسلىمىسىنىڭ بىر پارچىسى ئىدى ــ گېزىتتە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئۆلكىلىك كومىتېتى يار ـ يۆلەكتە بولۇۋاتقان نەشرىيات ئۇنى كىتاب يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغانىدى. لېكىن ئۇ بۇ ئىشنى دائىم كەينىگە سۈرۈپ، ئارىسالدى بولۇپ، بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتى. ئۇ تاشقى

كۆچىنىڭ تۈرتكىسىگە موھتاج ئىدى. بۇ ئىشتا ئۆلىگمۇ ھەممىنى بەش قولدەك بىلەتتى، ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغانىدى.

دېگەندەك، ئىككىنچى كۈنى ياش ، چېچىنى ئاز-پاز بويىغان سېرىق چاچلىق بىر ئايال كەلدى. ئۇ ئانتونىنا فېدوروۋنا بىلەن ئەسلىمە ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزمۇنلارنىڭ تىزىسى توغرىسىدا كېلىشىۋالدى ۋە ئانتونىنا فېدوروۋناغا ياردەملىشىپ ئىجادىيەت توغرىسىدىكى ئىلتىماسقا ئوخشايدىغان بىر نەرسە يازدى. ئۇزاق ئۆتمەي، سېرىق چاچلىق ئايال نەشرىياتنىڭ باشلىقى ئىمزا قويغان توختام قەغىزىنى ئېلىپ كەلدى. بۇ ھۆججەتكە ئاساسەن، گىراژدانكا ئىۋانىشىنا، يەنى بۇنىڭدىن كېيىنكى "ئاپتور"، بىر يىلدىن كېيىن نەشرىياتقا سەككىز باسما تاۋاق كېلىدىغان ئورىگىنالنى تاپشۇرۇشى كېرەك، سېرىق چاچلىق ئايالنىڭ چۈشەندۈرۈشى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ ماشىنكا قەغىزىدە 200 ۋاراق بولىدىكەن.

— ۋاي خۇدايىمەي، ئۆلىگ، مېنى ئۆلتۈرەي دەمسەن نېمە؟

— قارىسىغا سۆزلەۋاتىسىز، تونە ھەدە، سەككىز باسما تاۋاق دېگەن قارىماققا ئاجايىپ ئىشتەك كۆرۈنىدۇ! بۇ ناھايىتى 200 پارچە خەت يازغانچىلىك ئىش ئەمەسمۇ؟ بىر يىلدا 200 پارچە خەت يازغىلى بولمامدۇ؟

مۇشۇنداق چۈشەندۈرۈشلەر ئارقىسىدا، ئانتونىنا فېدوروۋنانىڭ كۆڭلى تىندى. ئارىدىن بىر يېرىم ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا نەشرىياتتىن ئالدىن بېرىلگەن قەلەم ھەققى كەلدى. بۇ پۇل خېلى بار ئىدى، ئىۋانشىنانىڭ نېرۋىسى قىزىپ كەتتى، ئەسلىدە ئۇ بۇ پۇلنى قايتۇرۇۋېتەي دېگەنىدى، لېكىن بۇ ۋاقىتتا ئارلا ئۆيدە ئىدى، ئىۋانىشىنا ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچى بولدى. جىمغۇر،

www.uyghurkitap.com

ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان بۇ ”مۇلايىم قىز“ ھېچانچە كۈچىمەيلا ئۇنى قايىل قىلىۋەتتى. ئارلا ھەممە ئىشنىڭ ئۇڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىنى، پۇلنى قايتۇرۇۋەتسە، پۇلنى ئەۋەتكەن كىشىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىۋانشىنا بۇنى پەقەت ئويلاپ باقمىغانىدى: ئۇ يېنىكلىشىپ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى، كۆڭلىدىكى ئەندىشىمۇ ئۆزلۈكىدىن يوقالدى. لېكىن ئۇ قولىغا تەگكەن پۇلنى ئاشخانىغا ئېلىپ كىرىپ، شىرەنىڭ ئۈستىگە قويغاندا، يەنە ئوڭايسىزلاندى.

— بۇنى سىلەرگە بېرەي.

— نەدە بۇنداق ئىش بار ئىكەن؟ — ئارلا ۋارقىرىۋەتتى، — بۇنى نېمە دېگۈلۈك ئەمدى؟ تونە ھەدە، بۇنداق قىلىشتىن ئۇيالمامسىز؟

— بوپتۇ ئەمسە، — دېدى ئولېگ كۈتمىگەن يەردىن.

ئۇ شىرەنىڭ ئۈستىدىن پۇلنى ئېلىپ، يانچۇقىغا سالغاندا، ئىۋانشىنا بىردىنلا تەمتىرەپ قالدى. ياق، ئۇنىڭ پۇلغا كۆزى قىيمايۋاتقان ئەمەس، — ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇ ئەزەلدىن ھېچنېمىسىنى ئايىمايتتى — لېكىن ئۇ قوشنىسىنىڭ بۇ پۇلنى رەت قىلىشىنى، قوبۇل قىلماسلىقىنى، ھەتتا ئاچچىقلىنىشىنى، ئاندىن ئۇ بۇ بىر جۈپ ئەر-خوتۇنغا نەسىھەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. ئەسلىدە ھەممە ئىش مەلۇم ”كونا قائىدە-يوسۇن“ بويىچە چىرايلىقچە بولسا بولاتتى، لېكىن ئولېگ ئۇنداق قىلمىدى، ئۇ پۇلنى ساناپمۇ باقماستىن يانچۇقىغا سالدى.

— مانا بۇ ناھايىتى ياخشى بولدىغۇ؟ — دېدى ئىۋانشىنا خۇشال قىياپەتتە، — سىلەر پۇلغا مەندىنمۇ بەك موھتاج.

— دەرھال قايتۇرۇپ بەر، — دېدى ئارلا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

— ياق.
— پۇلنى قايتۇرۇپ بەر دەيمەن.
— ياق، قايتۇرمايمەن. — ئولېگ خۇش خۇي ھالدا يەنە تەكرارلىدى، — بۇ پۇلنى تونە ھەدەم بەرگەننكەن، دېمەك، ئۇنىڭ بۇ پۇلنى بېرىشىدە بىر گەپ بار-دە. شۇنداقمۇ، ئەمەسمۇ؟
— ئەلۋەتتە شۇنداق. مەن بەردىم ئەمەسمۇ؟ — ئىۋانىشىنا ئولېگنىڭ دېگىنىگە قوشۇلدى، لېكىن ئۇ ئۇشتۇمتۇت ئىزا تارتىپ قالدى.
— يۈزى قېلىن، يۈزسىز! — دېدى ئارلا ۋارقىراپ، ئۇ بىر شىشە قېتىقنى جازىغا قارىتىپ ئېتىۋېتىپ، يىغلىغىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، تونە ھەدە، — دېدى ئولېگ پەس ئاۋازدا، — ئۇ ئىككى قات بولۇپ قالدى، شۇڭا شۇنداق قىلىۋاتىدۇ.
— قورسىقىدا بارمىكەن؟ — دەۋەتتى ئانتونىنا فېدوروۋنا خۇشاللىقىدىن، لېكىن نېمە بولىدىكىن، ئۇنىڭ يۈرىكى قىسىلىپ، ئولتۇرۇۋالدى.
ئولېگ بۇنى سەزمىدى بولغاي، ئۇنىڭغا جاۋابمۇ قايتۇرماستىن، ئايالىنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ كەتتى. ئىككىنچى كۈنى ئۇ ئىشتىن قايتىپ كېلىپ، بىر يېپپېڭى ئامانەت كىنىشكىسىنى ئىۋانىشناغا بەردى.
— پۇلىڭىزنى ئېلىڭ، تونە ھەدە، ئەمدى كۆڭلىڭىز خاتىرجەم ئولتۇرىسىز ئەمەسمۇ. يېزىشىنى ئەمدى باشلىسىڭىز بولارمىكىن، بولمىسا، خەق بۇ قەلەم ھەققىنى قايتۇرۇۋالىدۇ.
ئەتىسى ئولېگ بىرمۇنىچە قەغەز ۋە بىر دۆۋە ماي قەلەم ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

كەلدى، لېكىن ئۇۋانشىنا ھەرقانداق قىلىپمۇ قەلەم تەۋرىتەلمىدى، ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئۇ قوشنىلىرىنى ئىشقا ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئۈستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئالدىغا بىر ۋاراق قەغەزنى قويۇپ، ئارقىدىن ئويلاپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى، شۇنچە ئويلاپمۇ بىرىنچى جۈملىسىنى قانداق يېزىشنى بىلمەيتتى. بىرىنچى جۈملىسىنى يازالمىغاندىكىن، كېيىن نېمىلەرنى يېزىش كېرەكلىكىمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى.

ئۇ ئالدىدىكى بىر ۋاراق قەغەزگە قاراپ گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي قىيىنىلىپ ئولتۇرغاندا، ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى. ئۇ گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ، ھاسىسىغا تايىنىپ، ئىككى پۇتىنى سۆرەپ ئىشىككە قاراپ ماڭغاندا، قوڭغۇراق يەنە جىرىڭلىدى.

— مانا، مانا، — ئۇ ئاچچىقلىنىپ غودۇڭشىدى.

ئۇ ئىشىكنى ئېچىپلا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى: ئالدىدا چاچلىرىغا ئاق كىرگەن، قېرىپ بىر يەرگە بارغان، لېكىن بوي-تۇرقى راۋۇرۇس، ياشانغان بىر ئەر تۇراتتى. ئۇنىڭ قولىدا گۈل ۋە بىر خورۇم شەپكە تۇراتتى.

— ياخشىمۇ سىز، تونېچكا شاڭۋېي.

ئۇۋانشىنانىڭ لەۋلىرى تىترەپ، گەپ قىلالماي قالدى. ئۇنىڭ پۇت-قولى بىردىنلا ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتى — ئەگەر ھاسا تۇتمىغان بولسا، تونېچكا شاڭۋېي يەرگە يىقىلىپ چۈشكەن بولاتتى. لېكىن مېھمان بۇنى پەرەز قىلغان چېغى، ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپلا، ئۇۋانشىنانى يۆلىۋالدى.

— رەھمەت، ۋالېنتىن، ئۆزەم ماڭالايمەن، رەھمەت.

— مەن خىزمەت بىلەن كەلگەن، — ئۇ نېمە ئۈچۈنكى چۈشەندۈ-

رۆشكە باشلىدى، ــ ئىشنى بىر كۈندىلا پۈتتۈرۈپ بولدۇم. شۇڭا ئەمدى...

ۋىلىيامىنوۋ ئىۋانىشنادىنمۇ قاتتىقراق ھاياجانلانغاندەك قىلاتتى. ئۇمۇ زۆرۈرىيىتى يوقلا گەپلەرنى قىلغىلى تۇردى. ئانتونىنا فېدوروۋنا ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمىدى، ئۇ ئېغىر دەسسەپ ئۆيگە كىردى ـ دە، ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلىدى. ۋىلىيامىنوۋ ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ خېلى ئۇزاق ئولتۇردى.

ــ كەچۈرۈڭ، ــ دېدى ئاخىرى ئىۋانىشنا ئارانلا، ــ بۇ بەكمۇ تاسادىپىي ئۇچرىشىش بولدى. قانچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى ـ ھە؟

ئۇلار توپتوغرا بىر كۈن پاراڭلاشتى. نېمە توغرىسىدا پاراڭلاشتى؟ ھەممە ئىش توغرىسىدا پاراڭلاشتى، شۇنداقلا ھېچ نەرسە توغرىسىدا پاراڭلىشالمىدى، ئۇزاققىچە كۆرۈشمىگەن دوستلار بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشسا شۇنداق بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق باھارى توغرىسىدا، ھەربىي كومىسسارىياتنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدە بولغان تۈگىمەس مۇنازىرە ۋە تالاش ـ تارتىشلار توغرىسىدا، ۋەتەن ئۇرۇشى غەلىبە قازانغان ھېلىقى يىلىدىكى ئاچارچىلىق ۋە قەھرىتان سوغۇق توغرىسىدا، بىرنەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس تەقدىرى توغرىسىدا پاراڭلاشتى.

ۋىلىيامىنوۋ كەچ قايتىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە ئايروپىلان بىلەن موسكۋاغا كەتتى. ئۇنى ئولېگ ئۇزىتىپ قويدى، ئانتونىنا فېدوروۋنا ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ، ئۈستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇردى، ئۇنىڭ چىرا ـ يىدىكى كۈلكە تېخى ئۆچمىگەنىدى، كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياش قۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇ كۆز يېشىنى سۈرتكەچ، قولىغا قەلەم ئېلىپ تۇنجى جۈملىنى يازدى:

www.uyghurkitap.com

”بۆگۈن ئەتىگەندە ئىشىكىنىڭ قوڭغۇرىقى تۇيۇقسىز جىرىڭلىدى،
ئۆيگە ۋالېنتىن ۋىلىيامىنوۋ ياشلارغا خاس چەبدەس قەدەم بىلەن
كىرىپ كەلدى...“

كېيىن ئۇ بەزى جۈملىلەرنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ
باشلانمىسىغا تەگمىدى، ئۇ شۇ پېتى كېتىۋەردى. شۇ كۈنى ئۇنىڭ
ئۆيىگە كىرىپ كەلگەن كىشى ئۇنىڭ باھارى، بەختى ۋە ئۈمىدى —
ئۇنىڭ ئاخىرقى مۇھەببىتى ئىدى. شۇڭا ئۇ چىرايىغا كۈلكە، كۆزىگە
ياش ئالغىنىچە قەلەم تەۋرەتكەنىدى.

ئانتونىنا فېدوروۋناغا يېزىش ئېغىر كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ يېزىش
سۈرئىتى ناھايىتى ئاستا ئىدى، ئۇ ھەر بىر سۆز ئۈستىدە باش
قاتۇراتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ پىكىر-خىيالى دائىم دېگۈدەك
ئۈزۈلۈپ قېلىپ، قەلىمى يېزىشتىن توختاپ قالاتتى. بەزىدە
قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ قەلىمىنى تاشلىۋېتەتتى. ئاخشىمى ئولېگ
قايتىپ كېلىپ قىلچە خاتاسى يوق ھالدا ھۆكۈم قىلاتتى:

— نېمە بولدىڭىز، تونە ھەدە، يەنە ”قۇتۇلدۇرۇڭلار“ دەپ توۋلى-
دىڭىزمۇ، نېمە؟

— سەن كۈلۈشنىلا، باشقىلارنى زاڭلىق قىلىشنىلا بىلىسەن.
لېكىن مېنىڭ كاللامغا ھېچ نەرسە كەلمەيۋاتىدۇ، ھېچ نەرسە، مەن
ئىقتىدارسىز ئىكەنمەن.

— مەن بۇنى چۈشىنىمەن: ئىجادىيەت دېگەن جاپالىق بولىدۇ.
مەن بۇنى چۈشىنىمەن ھەم سىزنى ھۆرمەتلەيمەن. لېكىن سىز
ۋىجدانىڭىز بىلەن گەپ قىلىڭ: ئادەم دېگەن، ئەڭ يارىماس ئادەم
بولسىمۇ، بىر كۈندە بىر بەت يازالامدۇ، يازالمامدۇ؟

— يازالىشى مۇمكىن...

— سىزگە قويىدىغان تەلەپ مۇشۇلا... يەنە قانچە بەت قالدى؟ 183 بەت؟ مۇددەت توشىدىغانغا يەنە 312 كۈن بار. يەنە نېمە مەسلە بار؟
مۇشۇنداق ھېساب دەرسى ئۆتۈلگەندىن كېيىن قايتا مەسلە كۆرۈلمىدى. ئىۋانشنا غودۇڭشىپ، غودۇڭشىپ جىمىپ قالدى. ئۇ يەنە قاق سەھەردە تۇرۇپ ئۇستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدىغان بولدى. ئۇ يازاتتى، ئۆچۈرەتتى، تۈزىتەتتى، تولۇقلايتتى، ئاندىن بىر ۋاراقنى يىرتاتتى، ئىش مانا مۇشۇنداق ئاستا مېڭىۋاتاتتى. بىر قېتىم، ئىشنى ئېچىلىپ، ئۆيگە ئېگىز بويلۇق، چاچلىرى مۇرىسىنى يېپىپ تۇرغان بىر قىز كىرىپ كەلدى، ئۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ دۈمبىسىدە كونا بىر خالتا، قولىدا بىر يېڭى چامادان تۇراتتى.
— ياخشىمۇ سىز؟ بۇ مەن.
— تونېچكاغۇ بۇ؟ — ئىۋانشنانىڭ چىرايىغا ئاستا-ئاستا كۈلكە يۈگۈردى، — ئاپاڭغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاش تۇرساڭ، نەرىڭگىلا قارىسام تونۇۋالمايمەنمۇ سېنى!
ئۆت ئادەم بىللە ئۆتتۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئۇستىدىكە ئۇلار رېئال، كۆڭلى دەككە-دۈككە ھالدا تاقەتسىزلىك بىلەن بەشىنچىسىنى كۈتۈۋاتاتتى. ئىۋانشنا بالا تۇغۇپ باقمىغان ئاياللارغا ئوخشاش تۇغۇتلۇق ئانىنىڭ يۈرۈش-تۇرۇش دائىرىسىنى بىلىدىغاندەك، ئۇلارغا ھەرخىل، ھەر ياڭزا چارە-تەدبىرلەرنى كۆرسىتىپ كېتەتتى ۋە ئۇلارنىڭ يېمەك-ئىچمىكى، يېتىپ-قوپۇشىنى ئورۇنلاشتۇراتتى، بەلكىم بۇ ئادەمنى قورۇندۇرۇپ قويىدىغاندۇ، لېكىن ئارلا ئۆزىنىڭ تونە ھەدىسىنى ساداقەت بىلەن ياخشى كۆرەتتى، تونە ھەدىسمۇ

ئۆزىنىڭ ئارلاسىغا ئامراق ئىدى، تونە ئارلانى رەنجىتىپ قويغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا سەممىي نىيەت بىلەن ئۇنىڭ ئۇچۇن ئالدىرايتتى، ئۇنىڭ غېمىنى يەيتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن قايغۇراتتى. شۇڭا ئارلا ئۇنىڭدىن كايىمايتتى.

— قورقۇۋاتىمەن! تۇنجى قېتىم تۇغقاندا قورقمىغان، ئىككىنچى قېتىم تۇغىدىغاندا قورقۇۋاتىمەن.

— بۇ تەبىئىي، قورقۇشىنىڭ ھاجىتى يوق! — دېدى ئىۋانىشنا گويا راستتەك، — سەن بالا تۇغۇش ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەن.

شۇنداق قىلىپ، كۈنلەر بىر-بىرلەپ ئۆتۈۋەردى. ئارلا تۇزلانغان خاڭگانى غاچىلدىتىپ يەيدۇ. ئانتونىسنا فېدوروۋنا يازىدۇ، يەنە يىرتىدۇ، يىرتىۋېتىپ، يەنە يازىدۇ. ئولېگ نەدىن يىغىپ كېلىدىكىن، بىرمۇنچە كونا تېلىۋېزورنى چۇۋۇپ، قايتىدىن كەپشەرلەيدۇ، ئاندىن جاي-جايىغا توغرىلايدۇ، شۇ ئولتۇرغىنىچە ئاشخانىدا يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرىدۇ كېلىپلا "كىچىك تونېچكا" دەپ لەقەم ئالغان تونېچكا كۆڭۈل قويۇپ ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىدۇ. ئۇ قارىماققا ئەدەبىلىك ھەم گەپ ئاڭلايدىغاندەك كۆرۈنەتتى، ئىۋانىشنا ئۇنىڭ ساغلام گەۋدىسىگە قاراپلا تولۇق مۆلچەرلىدى، ئۇ غەمكىن ھالدا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قويىدى، ئوتتۇرا مەكتەپنى يېڭىلا پۈتتۈرگەن بۇ قىز ئوقۇغۇچىنىڭ ئىشقىي نەپسىنىڭ قانچىلىك قوزغىلىۋاتقانلىقىنى ئۇ كۆڭلىدە بىلەتتى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئەندىشىسىنى ئارلاغا ئېيتىپ بەردى.

— مېنىڭ دەيدىغىنىم: ئۇنىڭ يىگىتى بولسا، ئۇنىچە تەمتىرەپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ يىگىتى بولمىسا، تېخىمۇ سەت بولىدۇ. تونە ھەدە، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆڭلى بىئارام بولىدۇ، روھى چۈشۈپ

كېتىدۇ.

لېكىن ھازىر كىچىك تونېچكا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دەرس يادلاۋاتاتتى، ھەر كۈنى ۋاقتىدا قايتىپ كېلىۋاتاتتى، شۆيۆەندىن باشقىنى ئويلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئانتونىنا فېدوروۋنانىڭ ئەنسىرەيدىغىنى ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئەمەس، بەلكى كېيىنكى يۈرۈش-تۇرۇشى ئىدى، ئۇ مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانى ئېلىنىدىغانغا يەنە قانچە كۈن قالغانلىقىنى ھېسابلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يېزىشى تېخىمۇ ئاستىلاپ كەتتى. دۆۋىلەنگەن قەغەز بارغانسېرى ئېگىزلەپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، يىرتىۋەتكىنى يازغىنىدىن كۆپ ئىدى. ئىۋانىشىنا بۇ قەغەزلەرنى قولىغا ئېلىپ دەسسەپ بېقىشقا خۇشتار ئىدى.

لېكىن ھەممە ئىشنىڭ ئاياغلىشىدىغان ۋاقتى بولىدۇ. ئادەمنى دەككە-دۈككىگە سالىدىغان بۇ مىنۇتلارمۇ ئۆتۈپ كەتتى. كىچىك تونېچكا خۇشاللىقىدىن پۇخادىن چىققۇچە يىغلىۋالدى، ئولېگ تورت ئېلىپ كەلدى، ئارلا يېڭى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا بىر دانە ئۈزۈك سوۋغا قىلدى. ئانتونىنا پۇل چىقىرىپ ئۇنىڭغا مودا ئىشتاندىن بىرنى ئېلىپ بەردى، ئىشتاننى ئولېگ بېرىپ ئېلىپ كەلدى. ئەر-خوتۇن ئىككىسى ئۇنىڭغا ئىشتان ئېلىپ بېرەيلى دەپ چىڭ تۇرۇۋالغانىدى، ئۇنىڭ ئۆزى دەسلەپتە بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. لېكىن ئولېگ بىلەن ئارلا ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇ بۇنىڭغا قوشۇلدى. ئۇلارمۇ تازا توغرا قىلغانىكەن، كىچىك تونېچكانىڭ خۇشاللىقىنى قارىمامسىلەر، ئۇ ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى.

— ئامېرىكا مېلى! يولداشلار! راستلا ئامېرىكىدا تىكىلگەن!

— ساڭا ھەربىيچە ئىشتان سوۋغا قىلسام بولماسمىدى؟ — ئىۋانىشنا

كۆلۈمسىرەپ قويدى.

— ۋىيىەي. تونە ھەدە. ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەنسىز!

يېڭى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئارلانى، ئىۋانىشنانى سۆيۈپ قويدى، ئولېگ بىلەن قول ئېلىشتى، ئاندىن ئىشتانىنى كىيىپ بېقىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. ئارزۇسى قانغان، خۇشاللىقىدىن قىن-قىسنىغا پاتماي قالغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئۆيگە كىرگەندە، ئۆيدىكىلەر تېخىچە كۆلۈشۈۋاتاتتى.

— تازا يارىشىپتۇ!

— بۇنى زادى ساڭىلا تىكىپتۇ، — ئارلا ئانتونىنا فېدوروۋناغا ئاستاغىنا دېدى، — بۇ قىزچاق ناھايىتى گۈزەل ئىكەن. بۇ پەرى ئۆزىنىڭ چىرايلىقلىقىنى بىلىپ قالدى-دە!

— ھەي!... — ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ليەنجاڭ ئۇھ تارتىپ قويدى، — ئوغۇل بالا بولغان بولسا، ئىشمۇ كۆپ بولمايتتى، ھەم ئاددىي، ھەم كۆڭۈل خاتىرجەم.

لېكىن ئۇنىڭ ئەندىشىسى تېخى بالدۇرلۇق قىلاتتى. (ئىشقىلىپ باشتا شۇنداق بولىدۇ-دە.) كىچىك تونېچكا شۆيۈەندىمۇ كىچىك ئىدى: ئۇ ئۆيگە ۋاقتىدا قايتىپ كېلەتتى، ئەدەبلىك، زىيادە ئىشى يوق قىزلار بىلەن دوست بولاتتى، ھەر قېتىم قەيەرگە بارىدىغان، قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئۆيدىكىلەرگە ئېيتىپ قوياتتى. ھەتتا شۇ ۋاقىتتا قورسىقى دومبىيىپ چىققان ئارلامۇ مۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ بۇ تونىكا ياۋاش بولغاچقا باشقىلاردىن قورقىدۇ.

— نېمىشقا قورقىدىكەنمەن؟

— كۆرۈنۈشتە دۇرۇس، تونە ھەدە...

— بولدى سۆزلىمە! — ئىۋانىشنا ئارلانىڭ سۆزىنى تۈزۈت

قىلماستىن ئۇزۇۋەتتى، — بىلىۋاتىمەن، ساڭا ھازىر ئېغىر كېلىۋاتىدۇ. لېكىن، چىدا. ئادەم بەك قەبىھ بولۇپ كەتسە، ياخشى بولمايدۇ.

— مەن قەبىھ ئەمەس، — ئارلا خورسىنىپ قويىدى، — مېنىڭ سىزگە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ، تونە ھەدە.

بۇ سۆزنىڭ مەنىسى نېمە، ئۇ بۇنى ئېنىق دېمىدى. ئىۋانىشنامۇ بۇنى سوراشتۇرۇپ كەتمىدى. لېكىن نېمە ئۈچۈندۇ ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش تۆكۈلدى. دوختۇر ھەممىسى نورمال دەپ جەزملەشتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئارلادىن ئەنسىرەۋاتاتتى. بۇ ۋاقىتتا، ئۇ ھەم قورقۇپ يىغلايتتى، ھەم ئارلاغا ئىچى ئاغرىپ يىغلايتتى، چۈنكى تۇغۇت دېگەندە يا بالا چىقىدۇ، يا جان چىقىدۇ.

ئەمەلىيەتتە تۇغۇت ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى: سائەت 11 دە ئارلانى تولغاق تۇتتى، بۇ ۋاقىتتا ئاشخانىدىكى تېلېۋىزور ئەمدىلا ئۆچۈرۈۋېتىلگەنىدى، بىر يېرىم سائەتتىن كېيىن بالا تۇغۇلدى.

— تازا ئەقىللىق بالا بولغۇدەك! — دېدى ئولېگ كۈلۈپ، — ناھايىتى چاققان، بىلەمسىز، بىردەمدىلا تۇغۇلدى!

ئۇ شۇ ئاخشىمى قائىدىنى بۇزۇپ زىنەندال ھارىقىدىن ئازراق ئىچتى. چوڭ تونە بىلەن كىچىك تونە ئۇنىڭغا تاماق ئېتىپ، تاماق يېگۈزۈپ، سەي قورۇپ ئاۋارە ئىدى. ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ چىرايلىقىنا كۈلۈپ قويۇپ دېدى:

— ئوغلۇم ئۈچۈنغۇ ئىچىشتۇق، بالىنىڭ ئانىسى ئۈچۈنمۇ ئىچىشتۇق، ئەمدى سىز ئۈچۈنچۇ، تونە ھەدە؟ سەن ئۈچۈنچۇ، كىچىك تونىچكا؟ ھەممەيلەن ئۈچۈنچۇ؟ كېلىڭلار، پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن، بىزنىڭ بۇ ئۆيىمىز ئۈچۈن، ئائىلىمىز ئۈچۈن ۋە دارىلئېيتامدىن چىققان بالىلارغا شۇنچە مەزىلىك تاماق ئېتىپ بەرگەن ئاشخانا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن كۆتۈرەيلى!

ئۇزاق ئۆتمەي، خۇشاللىقا چۆمگەن دادا ئارلانى ۋە بوۋاقنى قايتۇرۇپ كەلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان ئىشلار باشلاندى: بىردەم ئارلانىڭ سۈتى قالمايۋاتقان، بىردەم بالىنىڭ قورسىقى ئاغرىپ قېلىۋاتقان، بىردەم بالىنىڭ چىشىنىڭ چىقىشى ئوڭۇشلۇق بولمايۋاتقان، بىردەم يەنە بىر ئىشلار بولۇۋاتقان، ئۆيدىكىلەر قانغۇدەك ئۇخلىيالمايۋاتقان بولسىمۇ، ھەممىسىنىڭ ئارزۇسى قانغانىدى.

كىچىك ۋالىرىي ئولگوۋىچ كارىۋاتىنىڭ رېشاتكىسىنى تۇتۇپ مېڭىشنى ئۆگەنگۈدەك بولغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئىنىكئانىسى ئىككى پۇتى بىلەن ئۆرە تۇرۇش ئىقتىدارىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالغانىدى: ئۇنىڭ ئىككى پۇتى گەپكە كىرمەيدىغان، دەسسىمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئۇ ئۆرە تۇرالمايتتى، پۇتلىرى گويا باشقىلارنىڭ پۇتىدەك بىلىنەتتى. ئىلگىرى ئۇ ئىككى تال ھاسىغا تايىنىپ، ئىڭاڭلاپ، ئانچە-مۇنچە ماڭالايتتى. مانا ئەمدى قاتتىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، قىينىلىپ قېلىۋاتىدۇ (بېلى خۇددى چىشقا سوغۇق نەرسە تەگكەن ۋاقىتتىكى سېزىمگە ئوخشاش قاتتىق تېلىپ ئاغرىۋاتاتتى)، ئولېگ ۋاكالىتەن سېتىش ماگىزىنىدىن بىر سافا ئېلىپ كەلدى، سافا كونىراپ تارتىشىپ قالغان بولسىمۇ، ناھايىتى راھەت ئىدى. ئىۋانشنا سافانىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كىتاب يېزىش (كىتابنى ئۆزى ئۈچۈن يېزىۋاتىدۇ دېگەندىن كۆرە، قۇربان بولغان دوستلىرى ئۈچۈن يېزىۋاتىدۇ دېگەن تۈزۈك ئىدى) نى، كىتاب كۆرۈشنى، پوپايكا توقۇشنى ياخشى كۆرەتتى، بىر تەرەپتىن تونېچكانىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتەتتى. بۇ يىل ئەتىيازنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، تونېچكا مەكتەپ-

تىن قايتىپ كەلمىدى.

— تونىچكا هەدە، بۈگۈن كەچرەك قايتىپ كېلىمەن! قىز دوستۇمنىڭكىگە بېرىپ دەرس تەكرارلىماقچىمەن!

ئۇ مېنى بىر كىم سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمىسۇن دېگەن مەقسەتتە تېلېفوندا بىر، ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپلا، تۇرۇپكىنى قويىۋەتتى. ئاندىن يوقاپ كېتىپ ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

تونە هەدە، ياخشىمۇسىز؟ مەن مەكتەپكە بارىمەن. ئاچچىقلانماڭ، مەن ناتاشانىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدىم، ئۇنىڭ ئۆيىدە تېلېفون يوق ئىكەن!

ئۇ يەنە شۇ ئىككى ئېغىز گەپنى قىلغاندىن كېيىن، هېچنېمىنى چۈشەندۈرمەستىن كېتىپ قالدى. ئۇ راستلا مەكتەپكە كەتكەنىدى، سافادا يېنىدىكى جىمجىت تۇرغان تېلېفوننى ساقلاپ، كېچىچە ئولتۇرغان ئانتونىنا فېدوروۋنا بۇ ۋاقىتتا ئورنىدىن تۇرماقچى بولدىيۇ، تۇرالمىدى.

— ئەپسۇس، بۇنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدۇ، — دېدى دوختۇر ئارلاغا ئاستاغىنا، — سىلەرگە ئۇنى چېچىلدۇرماڭلار دەپ بۇرۇنلا ئېيتقانىغۇ...

ئاچچىقىدىن ئەرۋاهى ئۇچقان ئارلا تونىچكانى نەچچە كاچات سالدى. تونىچكا هۆكرەپ يىغلاپ، يېلىنىپ يالۋۇردى. ئولېگ ئۇنىڭغا ئىككىنچى گەپ قىلماس بولۇۋالدى، لېكىن ئانتونىنا فېدوروۋنا بۇنىڭلىق بىلەن يەڭگىللىشىپ قالمىدى. تونىچكا هەقىقەتەن كۆپ ئازابلاندى، ئەمدى دەرستىن چۈشۈپلا ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئۇۋانىشناغا قارايدىغان بولدى، ئۆزىنىڭ هېلىقى تەجرىبىنى قىلىپ قويغىنى ئۈچۈن پۇشايمان قىلدى، لېكىن هەقىقىي ئەهۋالنى

ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.
تەجرىبە مۇنداق بولغاندى: تونىچكا ئىككى قىز دوستى بىلەن يۇقىرى سىنىپتىكى بىر ئوغۇل ساۋاقدىشىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇ يەردە لەرزان مۇزىكىلار قويۇلدى، ئۆي يوپيورۇق يورۇتۇلغانىدى، ئۇلار ئۆزئۆم ھارىقى ئىچىشتى، تام مەشكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، قىزىق-قىزىق گەپلەرنى قىلىشىپ، ئاخىرىدا ئۇخلاپ قېلىشتى. ھېلىمۇ ياخشى، تونىچكا كىيىملىرى بىلەنلا ياتقانىدى (ئۇ پۇرلىشىپ كەتمىسۇن دەپ ئۇزۇن كۆڭلىكىنىلا سېلىۋەتكەنىدى)، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ شۇ ياتقىنىچە تاڭ ئاتقۇزۇۋەتتى، ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ ياتقان ھېلىقى ئوغۇل ساۋاقدىشى زېرىكىشتىن قاتتىق ئازابلاندى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئوغۇللار بىلەن يېتىشى ئىدى، لېكىن ئۇ ھېلىقى ساۋاقدىشىغا ھېچپىرىنى تۇتقۇزمىدى، ئۇ ئۆزىنى ئاجايىپ شېرىنلىك ئىچىدە سەزدىيۇ، قاتتىق قورقتى، ھەتتا دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى پۇتۇنلەي ئۇنتۇدى. ئۇ "ھېلىقى ساۋاقدىشى" بىلەن ھېچ نەرسە قىلىشمىغان ئەمەسمۇ، زادى ھېچ نەرسە قىلىشمىدىمۇ، بۇنىڭغا جاۋاب بېرىشنىڭ تەسلىكىنى تەسۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. تونىچكا شۇنىڭ ئۈچۈن ئازابلىناتتىكى، ئۇ پۇشايمان قىلىدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى.
— ھېچقىسى يوق، — ئانتونىنا فېدوروۋنا زورىغا كۈلۈمسىرەپ قويدى، — ئەمدى بىسىپ ئولتۇرۇپ ئىشلەيدىغان بولدۇم، قارا، مەن بۇ كىتابنى راستىنلا يېزىپ بولىدىغان ئوخشايمەن.
بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ كۈلۈمسىرىشى ئىدى. ئىككى پۇتىنىڭ ھەرىكەتلەنمەيدىغان بولۇپ قېلىشى ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بولغانىدى، چۈنكى، ھەممىدىن ئاۋۋال، بۇ ھال ئۇنى ئۆزىنىڭ

تۇرمۇشىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلالمايدىغان قىلىپ قويىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىگە كېلىپ تۇنجى قېتىم باشقىلارغا يۆلىنىشى، يۆلەنگەندىمۇ يات كىشىلەرگە يۆلىنىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ پەزىلىتى قانچە ياخشى بولسۇن، ئۇنىڭغا قانچە كۆيۈنسۇن، لېكىن ئۇلار بەرىبىر يات-دە! ھېلىقى تاڭ ئاتىماس ئۇزۇن كېچىلەر (تۇۋا خۇدايىم، ئۇ ئۇيقۇسىز كېچىلەرنى كۈندۈزىدىنمۇ ئۇزۇن بولىدۇ دەپ ئويلاپ باقمىغانىكەن) دە، ئانتونىنا فېدوروۋنا تونېچكانىڭ يېنىككىنە خورەك ئاۋازىنى ئاڭلاپ ياتاتتى، ئۇدا بىرنەچچە سائەت بېشىنى ياستۇقنىڭ ئىچىگە تىقىۋېلىپ پەس ئاۋازدا يىغلايتتى، ئۇ بىرنەچچە قېتىم ئېسىنى يوقاتقۇچە يىغلىغان، پۈتۈن بەدىنى تېلىپ ئاغرىغۇچە يىغلىغانىدى. ھازىر ئۇ ئىشكاپنىڭ يېنىغا ئۆملەپ بېرىپ، ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى تارتمىنى تارتىپ، ھېلىقى بىر دۆۋە كونا خەت-چەك، گېزىت ۋە ھۆججەتلەرنىڭ ئاستىدىن ساپىساق، پاك-پاكىز سۈرتۈلگەن تاپانچىنى ئېلىپ، ھەش-پەش دېگۈچە ئىشنى تامام-لاش ئىمكانىيىتىدىن مەڭگۈ مەھرۇم قالغانىدى. ئۇ قاتتىق قايغۇرغان، ئۆز-ئۆزىگە خاپا بولغان ھالدا نېمىشقا بۇرۇنراق، ئانچە-مۇنچە ھەرىكەت قىلالايدىغان ۋاقىتتا شۇنداق قىلمىغاندىمەن دەپ ئويلايتتى. "يەنە ئۈمىد كۈتەمسەن؟ يەنە نېمىنى كۈتىسەن؟ كېسىلىم ساقىيىدۇ دەپ ئۈمىد قىلامسەن؟ ماڭا قايتىدىن پۈت چىقىدۇ دەپ ئۈمىد قىلامسەن؟ مېنى يەنە بىرى ئالىدۇ دەپ ئۈمىد قىلامسەن؟... ياق، بۇ پەقەت سېنىڭ قورقۇنچاقلىقىڭ، تونىكا. سەن ئۆزەڭنىڭ يۈرەكسىز ئىكەنلىكىڭنى ئېتىراپ قىل، سەن ئۆز تەقدىرىڭنى كۈتۈۋاتىسەن، كۈتۈپمۇ بولدۇڭ، سەن ھەقىقەتەن ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى ياراتتىڭ. قارا، ئەنە شۇ مۆجىزىلەر سېنىڭ ئاخىرقى چېكىڭ. سەن ئۆزەڭ

ياراتقان مۆجىزىلەرنى كۆردۇق. بۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولىدۇ؟ تۆمۈر ئەترەتنىڭ ئەزالىرى① قولتۇقلىرىغا ئۇزۇن بولكىلارنى قىستىشىپ كېلىدۇ دەپ كۈتەمسەن؟...“

ئۇۋانىشنا ئاستا-ئاستا ئۆزىنىڭ يېڭى ئەھۋالىغا ئادەتلىنىپ، كېچىلىرى ئۇخلىيالمايدىغان، قاتتىق ئازابلىنىدىغان، ئون-ئىنسىز ياش تۆكىدىغان بولۇپ قالغان ۋاقىتلاردا، ئولېگمۇ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنى كۈتەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تاپقان چارىسى ئەمەس، ئۇ نېرۋا بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى — بىر پېشقەدەم ھەربىينىڭ پىكرى بويىچە قىلىدى. بىرەر ئىش چىقىپ قالسا، ئولېگ بېرىپ ئۇنىڭدىن ياردەم سورايتتى.

— چاقلىق ئورۇندۇق دېگەن مەسىلە ئەمەس. گەپ ئۇنى سەن ئۆيدە بولمىغان ۋاقىتلاردا چاقلىق ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ دېرىزىنىڭ يېنىغا بېرىۋالمىسۇن دېگەندىنلا ئىبارەت. سىلەر نەچچىنچى قەۋەتتە ئولتۇرىسىلەر؟ ئىككىنچى قەۋەتتە؟ ئۇنىڭغا مۇشۇمۇ يېتىدۇ.

— ئەمىسە قانداق قىلىمەن؟

— كۈتكىن. ئىشىنىڭ راۋاجىنى سۈنئىي يول بىلەن تېزلىتىۋەتمەسلىك لازىم، چۈنكى ئادەم ھەرقانداق ئىشقا ئاستا-ئاستا ئادەتلىنىدۇ.

ئۇلار بۇ پسىخولوگىيە مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىۋاتقاندا، ئانتونىنا فېدوروۋنامۇ ئۆزىنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئويلاۋاتات-

---

① تۆمۈر ئەترەت — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى دەۋرىدىكى باللارنىڭ ھەربىيلەر ئائىلە تەۋەلىرىگە، قۇربانلار ئائىلە تەۋەلىرىگە ياردەم بېرىش تەشكىلاتى.

تى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكى ئۈستىدە دەرد-ئەلەم بىلەن
پىكىر يۈرگۈزۈۋاتاتتى. لېكىن، نېمىشقىكىن، كىچىك تونېچكا بارغان-
سېرى ئۇنىڭ يادىغا يېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كىچىك
تونېچكىدىن كۆڭلى قالغان يېرى يوق ئىدى، لېكىن، ئۇ تروشنا
ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلغانغا ئوخشاش، ئىشنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلىماق-
چى، نەس باسقان ھېلىقى كېچىدىكى قىزلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ لوگى-
كىسىنى ئۆزىگە يىپ ئۇچى قىلماقچى بولدى. گەپ مۇنداق ئىدى: ئۇ
ئۆزى قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالسا مەيلىكى، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز
ھالدا تونېچكانىڭ بەختىگە ئولتۇرغان ھېلىقى ئادەمنى ئاقلىشى
كېرەك. ياشلارنى چۈشىنىش، تۈرلۈك ئامىللار بىلەن ئۇلارنىڭ
ھەرىكىتىنىڭ سەۋەب ۋە نەتىجىسىنى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى تۈرلۈك
قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ قىممەت جەھەتتىكى پەرقىنى، يۈرۈش-
تۇرۇش جەھەتتىكى ئەخلاقىنى چۈشىنىش — بۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە
توغرىدىن-توغرا بەلگىلىۋالغان ۋەزىپىسى، چۈنكى ئۇ ھازىرقى
ئەھۋالدىمۇ ئۆزىنى يەنىلا كوماندىر ۋە مەكتەپ مۇدىرى، باشقىلار
ئۆتكۈزگەن خاتالىق ئالدىدا مەڭگۈ جاۋابكار دەپ ھېس قىلاتتى.

تەبىئىيكى، ئۇ ناتاشكا ① دېگەن بىر قىزنىڭ مەۋجۇت ئىكەن-
لىكىگە ئىشەنمەيتتى، چۈنكى ئۇ مەكتەپ خىزمىتىگە پىششىق بولۇپلا
قالماي، ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇ بىر ئايال ئىدى. ياش تونېچكانىڭ
تۇرمۇش تەجرىبىسىگە قانچىلىك موھتاج ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان
ئىدى. ئانىسى بولسۇن ياكى پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر بولسۇن، بۇ خىل
تەجرىبىنى ئۇنىڭغا ئۆگىتىپ قويسا بولمايتتى، چۈنكى بۇ خىل

① ناتاشكا يەنى ناتاشانى دېمەكچى.

تەجربە باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئەمەس، ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىدىن، ئۆزىنىڭ غەلىبە قازىنىش ۋە مەغلۇپ بولۇش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراش جەريانىدىن كەلگەن. بۇ ئومۇمەن تەك قۇراملىق كىشىلەر ئارىسىدا بولىدىغان جەريان، ئەمما تونە ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ يولنى بېسىپ ئۆتۈش ھاجەتسىز ئىدى، چۈنكى تونەنىڭ ئانىسى ۋالە لىكوۋا ئوقۇتقۇچى بولۇپلا قالماي، يەنە تونە ئوقۇۋاتقان سىنىپنىڭ سىنىپ مۇدىرى ئىدى، تونە مۇشۇ سىنىپتا ئۆسۈپ يېتىلگەن، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە بىر كىچىك قىزچاقتىن چوڭلا بىر قىز بولۇپ قالغانىدى.

مۇشۇ قانۇنىيەتلەر بويىچە، تونىچكا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدىلا ئاشىق بولۇشنى، ھەسەت قىلىشنى، ئازابلىنىشنى بىلىشى كېرەك ئىدى، چۈنكى ئادەم بەختلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئازابلىنىدۇ، نەپرەتلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئارام تاپالمايدۇ. دەل شۇ يەردە كۈچلۈكلۈك بىلەن ئاجىزلىق، قەتئىيلىك بىلەن جانلىقلىق سىنىلىدۇ. ياشلىق دەۋر دېگەندە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ۋاقىتتىلا بىرىنچى قېتىملىق "تەربىيە"گە بەرداشلىق بېرىش كېرەك، بۇ تەبىئىي، ھەم قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن، لېكىن تونىچكا ئانىسىنىڭ كۆزىدە چوڭ بولغاچ، بۇ تەربىيىگە ئېگە ئەمەس ئىدى. قانۇنىيەتلىك بولغان بىلىش جەريانى دەخلىگە ئۇچرىغانلىقتىن، 15 ياشقا كىرىپ تولۇق يېتىلگەن تونىچكا ئۆزىنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ھېسسىياتىنى يوشۇرۇشنى ئۆگىنىۋالدى، شۇ خۇسۇسىيەت ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆركەشلەۋاتاتتى. تونىچكانىڭ دېگىنى بىلەن قىلغىنى بارغان-سېرى ماسلاشمايۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنى ئۇ ئانىسىغا ئىزھار قىلغان ئىشلار ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ دېگەنلىرىمۇ ئۆزى ئىنتىلىدىغان

ئىشلار ئەمەس ئىدى، بۇ ئۇنىڭ يالغانچى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ تەبىئىتى بويىچە ياشىماي، كىشىلەر ئوتتۇرىغا قويغان قانۇنىيەت بويىچە ياشىغانلىقتىن بولغان. "بېرىپ تەكشۈرتۈپ باقسۇن" دېدى ئانتونىسىنا فېدوروۋنا ئىچىدە كۈلۈپ، "ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ، 18 ـ 19 ياشلارغا كىرگەن قىز ئەمەسمۇ، تەبىئىي نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى گۈزەل..."

ئىۋانىشنا تونېچكانىڭ ئىشى توغرىسىدا باش قاتۇرۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پىكىر ـ خىيالى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ياش قىزلارنىڭ ئۈستىگە ئاغدى. ئۇنىڭ بەزى خىزمەتداشلىرى ھازىرقى زاماننىڭ ياشلىرى بوشاڭ، تەرتىپكە رىئايە قىلمايدۇ دەپ قارايتتى، ئىۋانىشنا بولسا بۇ كۆز قاراشقا قوشۇلمايتتى. ئۇ ياشلارنى باشقا بىر نۇقتىدىن كۆزىتىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ كۆزىگە ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ سەۋىيىسى، غۇرۇرى ۋە ئۇچۇر دائىرىسى چېلىققاندەك قىلاتتى. "بۇ كۈننىڭ ياشلىرى تېخىمۇ بىلىملىك بولۇشى كېرەك" ــ ئۇ كۆڭلىدە ئۇرۇش دەۋرىدىكى ياشلار بىلەن بۈگۈنكى ياشلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە ئەنە شۇنداق قارايتتى. ئۇ ئۇشتۇمتۇت يەنە ئويلىنىپ قالدى، نېمە ئۈچۈنكى، ئۇ بۇرۇن زىيالىيلارنى سۆككەنىدى، شۇ ۋاقىتتا ۋالېنتىن ۋىلىيامىنوۋ شاڭۋېي ئىۋانىشنادىن خاپا بولغانىدى. ئۇ يەنە ھېلىقى زەي يەر ئاستى ئۆيىنى، ئاقلانماي پىشۇرۇلغان ياڭيۇنى، ئۇنىڭغا قويۇپ قويغان كىچىككىنە بىر پارچە ماينى ئېسىگە ئالدى. ئۇ بۇ ياڭيۇنى، ماينى يېگەن، لېكىن بۇنى كىم قويۇپ قويغانلىقىنى بىلمىگەنىدى... ياق، ئۇ بىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆزىدىن ھېچقانداق نەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، چۈنكى ئۇ ھەممىدىن ئۈستۈن، كارامەت ئادەم ئىدى. ئېھتىمال مۇنەۋۋەر دەپ

ئاتىلىدىغانلار باشقىلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بايقىيالايدىغان كىشىلەر بولسا كېرەك. ئادەتتىكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھەمراھى، قوشنىسى ياكى خىزمەتدىشىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى كۆرەلەمدۇ-يوق؟ ھەي، ناتايىن. ۋاي-ۋۇي، بۇ بىر گەپ دەڭلار! دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، گاھىدا بەزىلەرنىڭ ھازىرقى زامانىنىڭ ياشلىرىنى تىلغا ئالغان ۋاقتىدا ئۇلارنى ئۇنداقەي، مۇنداقەي، چېچىنى گەدىنىگىچە قويۇۋالىدۇيەي، كۆڭلەك كىيمەي ئىشتان كىيىۋالىدۇيەي دېگەنگە ئوخشاش يوقىلاڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالىسەن. ئەمەلىيەتتە ئۇلار، ھازىرقى ياشلار بىزدىن، تۈنۈگۈنكى ياشلاردىن بىرئاز ئۈچۈق شۇ. ئۇلار تېخىمۇ ئۈچۈق، تېخىمۇ ئازاد، تېخىمۇ تەبىئىي. بۇ، بىز ئۇلارغا بەرگەن ئەركىنلىك. بۇ بىز ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى مەيدانىدا قېپقېزىل قانلىرىمىزنى ئاقىزۇپ قولغا كەلتۈرگەن ئەركىنلىك. تىروشنانى مەكتەپتىن قوغلاش توغرۇلۇق ئېچىلغان ئوقۇتقۇچىلار يىغىنىدا بۇ قىز نېمىلەرنى دېدى دېمەمسىلەر؟ "بىز باشقا دەۋرنىڭ، يېڭى دەۋرنىڭ ياشلىرى، بىلەمسىلەر؟ سىلەر كونا، بىز يېڭى، يېڭىچە ياشلارمىز!..." شۇنداق دېدىغۇ دەيمەن؟ شۇنداق، شۇنداق، دەل شۇنداق دېگەنىدى: "بىز يېڭىچە ياشلارمىز". ئۇنىڭ دېگىنى مۇتلەق توغرا، ئۇلار ھەقىقەتەن يېڭىچە ياشلار. بۇ بىزنىڭ قۇربان بېرىشىمىز بەدىلىگە كەلگەن سوپەتتىكى سەكرەشتۇر، بۇ پۈتۈن خەلق قان ئاقىزۇش، كېسەل ئازابى تارتىش، ئاچارچىلىقتا قېلىش، سوغۇقنىڭ دەردىنى تارتىش بەدىلىگە كەلگەن. ئېلىمىزدىكى يېڭى كۆچەتلەرنىڭ، يېڭى كىشىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى بۇ كىتابتا كۆڭۈل قويۇپ ئىزدىنىدىغان مەسىلە. لېكىن سەن ئۆزەڭنىڭ قەھرىمانلىقلىرىڭ ئۈستىدە زېرىكمەستىن كوتۇلداۋاتىسەن. بولدى قويە

بۇنى، ھەممىنى قايتىدىن ياز!

كەچتە ئۇ قەغەز-قەلەم ئەكەلدۈرۈپ، ئوڭدىسىچە يېتىپ تۇرۇپ يازدى، بۇنداق ياتقاندا، ماي قەلەم بىلەن يازغىلى بولمايتتى. ئۇ يازاتتى، يازاتتى، توختىماي يازاتتى، قورسىقىنىمۇ، ئۇخلاشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى.

— ئۇ كىتاب يېزىۋاتىدۇ! — دېدى ئولېگ ھاياجانلانغان ھالدا دوختۇرغا.

— مەن ئېيتقانغۇ؟ ئۇ ھازىر چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرسىمۇ بولىدۇ دەپ.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئىككى پۇتى پالەچ ئانتونىنا فېدوروۋنا چاقلىق ئورۇندۇققا ئېرىشتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئانچە-مۇنچە مىدىرلاش، ئۆزىنىڭ ئانچە-مۇنچە ئىشلىرىنى قىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، يېزىپ چارچاپ ئارام ئالغانلىرىدا ئۇلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن تەشكىللەنگەن كوللېكتىپىغا ياردەملىشىپ كۈچى يەتكۈدەك ئىشلارنى قىلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇ بۇ ئىقتىدارغا ئىگە بولغان ۋاقىتتا، دەل ئۇنىڭ كاللىسىدا قايتا-قايتا ئىدىيىۋى كۆرەش بولۇۋاتاتتى، قايتا-قايتا پىكىر يۈرگۈزۈلۈۋاتاتتى، ئىشكاپتىكى تاپانچا توغرىسىدىكى ئىش بىر تەرەپتە قالغانىدى. ئانتونىنا فېدوروۋنا ئىۋانىشىنا بىر مەزگىل پىششىق ئويلانغاندىن كېيىن، يەنە قايتىدىن كۈچ-قۇۋۋەت تاپتى، ياشاشنىڭ مەنىسىنى تاپتى.

— مانا بۇ سىزنىڭ مەخسۇس ماشىنىڭىز، تونە ھەدە.

شۇ ۋاقىتتا ئانتونىنا فېدوروۋنا ئولېگدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ كۆزىنى نەملىگەن (ئۇ پات-پاتلا يىغلايدىغان بولۇپ قالغانىدى،

www.uyghurkitap.com

بۇنڭغا نېمە ئامال بار دەيسەلەر؟) بولسىمۇ، لېكىن ئىختىيارسىز هالدا ئولېگنىڭ بۇ گېپىنى ئېسىگە سېلىۋالدى. ئۇ ئۈچ كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ چاقلىق ئورۇندۇقنى ئىشلىتىشنى ئۆگەندى، ئۇ چاقلىق ئورۇندۇقتا ئاستا-ئاستا كۆنۈپ، ماسلىشىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قايتىدىن هەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكىگە ئېرىشتى. بۇ گەپ ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈكۈكلۈك ئىدى، ئەمدى ئۇشتۇمتۇت لەيلەپ كۆتۈرۈلگەندەك بولۇپ قالدى. كېيىن ئۇنىڭ كاللىسىدا ئەكس ئەتتى، مەيلى ئۇ نېمە ئىش قىلسۇن، چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قەيەرگە بارسۇن — كىچىك ۋالىركىنى كۆرگىلى بارسۇن ياكى ئاشخانىغا بارسۇن، ئىككى ئائىلە ئورتاق ئىشلىتىدىغان مۇنچىغا بارسۇن، ياكى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلسۇن، بۇ گەپ ئۇنى ئەگىپلا يۈرەتتى. ئۇ بۇ گەپ ئۈستىدە قايتا-قايتا پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئولېگنىڭ بۇ گەپنى دېگەن ۋاقتىتىكى سۆز ئۇرانىنى، كۆز ئىشارىتىنى ئەسكە ئېلىپ، ئاخىرى گەپنىڭ تېگى-تەكتىگە يەتكەندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆيدە هېچكىم قالمىغان ۋاقىتتا، شەهەرلىك پارتكومدىكى ئىلگىرى هەربىي كومىسسار بولغان چوڭ كادىرغا تېلېفون بەردى.

— سىزگە مەجرۇهلار ئىشلىتىدىغان ”موسكۋىچ“ تىن بىرنى بەرسەك قانداق؟ — ئۇ باشقا ئىشنى سوراپ يۈرمەيلا شۇنداق دېدى، — ئۇنى قول بىلەن باشقۇرغىلى بولىدۇ. ماقۇل، ئەمسە شۇنداق قىلايلى، گۇۋاهنامىڭىزنى هازىرلاپ قويۇڭ، خەۋەرچىنى ئەۋەتىپ ئەكەلدۈرىمەن،

— خەۋەرچىڭىز ئاۋۋال ماڭا تېلېفون بەرسۇن. قوشنىلارغا هازىرچە بۇنى ئۇقتۇرغۇم يوق.

بىر پەسىل ئۆتتى. ئانتونىنا فېدوروۋنا رايونلۇق ئىجتىمائىي كاپالەت بۆلۈمى ئارقىلىق مەجرۇھلار ئىشلىتىدىغان، قول بىلەن باشقۇرىدىغان «موسكۋىچ»تىن بىرنى ئالدى. ئۇ بۇ ئىشتىن كۈندۈزى خەۋەر تاپقانىدى، ئۇنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، گۇۋاھچى ئەۋەتىلدى، كەچتە، ئۇ خۇشاللىقىدىن مەست بولغان ھالدا ماشىنا ئالىدىغان ھۆججەت ۋە ھاۋالەنامىنى ئولېگنىڭ ئالدىغا قويدى.

— بىزنى ماشىنىغا سېلىپ سەيلىگە ئاپىرارسىز ئەمدى.

ئۇ ئۇزاققىچە گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئىسپات قەغىزىگە سىنچىلاپ قارىدى، ئۇ پۇشۇلداۋاتاتتى، ئۇنىڭ بېشى ئادەتتىكىدىنمۇ بەك ساڭگىلاپ كەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرگەندە، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ قالغانىدى، ئانتونىنا فېدوروۋنا ئۇنىڭ كۆزىگە ياش ئالغانلىقىنى كۆردى.

— ئېھتىمال، سىز ھەقىقەتەن مېنىڭ ئانام بولسىڭىز كېرەك، تونە ھەدە؟

شۇنداق ئەمەسمۇ، ئەگەر بۇ مەجرۇھلار ئىشلىتىدىغان چاقلىق ئورۇندۇق بولمىغان بولسا، ئۇلار ھەقىقەتەن شېئىرلاردا تەسۋىرلەنگەن ھازىرقى زامان يېزا-قىشلاقلىرىدىكى تۇرمۇشقا ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرەمتى؟ ھېلىمۇ بەش جان ئادەم بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەپ، بىر-بىرىگە كۆيۈنۈپ، ئىنتايىن ئىناق ئۆتۈۋاتاتتى. بەش جان ئادەم توخۇ كاتىكىدەك كىچىككىنە ئىككى ئېغىز ئۆيدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، بىر-بىرىگە ياردەملىشىپ، بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەپ ئۆتۈپ كېلىۋاتاتتى. ھازىر ئاممىۋى ئۆي-جايلاردا قوشنىلار بىلەن قوشنىلارنىڭ ئىناق ئۆتۈشى ئومۇمىيۈزلۈك كونا ئىش بولۇپ قالدى، ئەمما ئۆلكە شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى غەلىبە قىلغان يىلى قۇرۇلۇش

قىسىملىرى ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئوڭلاپ قويغان بۇ ياغاچ ئۆيلەرنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە بۇ ئىش يەنىلا داۋاملاشماقتا ئىدى. لېكىن، بۇ كوللېكتىپ ئىناقلىقىنى مەيلى قانچە گۈزەل دېيلى، كىشىلەرنىڭ تۇرار جايى يەنىلا ناھايىتى قىس ئىدى، شۇڭا بەش جان ئادەم ئاران ئىككى ئېغىز ئۆيدە تۇرۇۋاتاتتى. ھالبۇكى ئادەمنىڭ يالغۇز تۇرغان ۋاقتىدىكى ئېھتىياجى باشقىلار بىلەن بىللە تۇرغان ۋاقىتتىكى ئېھتىياجىدىن كۆپ ئۈستۈن بولىدۇ، بىللە تۇرغان كىشى بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرىدەك بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئولېگنىڭ دائىم ئۆي كۆچۈش توغرىسىدا ئېغىز ئاچىدىغان بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ ئىدى، بۇ گەپتىن ئانتونىنا فېدوروۋنا ئۆزىنى قاچۇرۇپلا قالماي، ئىنتايىن قورقاتتى. شۇڭا، ئولېگ كۆپىنچە ئىمكان بار كۆلكە ـ چاقچاق بىلەن ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتەتتى، ئۇ يۇمۇرلۇق گەپلىرىنى دەپ بولغاندا، ئانتونىنا فېدوروۋنا چاقىلىق ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغىنىچە ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتەتتى. ئاندىن، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ قاتتىق يىغلايتتى، لېكىن ئۇننى چىقارمايتتى. ئارلا دائىم ئولېگقا كايىيتتى:

— تولا ئۇنىڭ چىشىغا تەگمە، ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ئەمىسە ئۆيىنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا، — قانداق قىلىمىز؟ سەن دېگىنە.

— مۇشۇنداق ئولتۇرۇپ تۇرمايمىزمۇ؟ — دېدى ئارلا ئېھتىيات بىلەن ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — خەقنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويمايلى بىكار. بىلگىنىكى، ئۇ بىزدىن ئايرىلسا تۈگىشىدۇ، ئولېركا①.

---

①ئولېركا يەنى ئولېگنى دېمەكچى.

— شۇڭا ئامال بار ئۇنىڭ بىلەن تەڭ كۆچمىمىز دەۋاتىمەنغۇ. بەزى قانۇنچىلار بىلەن كۆرۈشتۇم، شەھەرلىك ئىجرائىيە كومىتېتىغا بېرىپمۇ ئۇقۇشتۇم. ئۇلار قانچە ئۇزاق كۈتىدىغىنىڭلارنى خۇدا بىلىدۇ، يا يېڭى قۇرۇلغان كىچىك شەھەر رايونىغا كۆچۈڭلار، ئۇ يەرگە ترامۋاي ئىككى سائەتتە بارىدۇ دەيدۇ. سىنىڭچە ترامۋاي بولامدۇ؟ ۋالىركىنى يەسلىگە ئاپارساق قانداق قىلىمىز؟ ئىشقا چىقساقچۇ؟ خىزمىتىمىزنىمۇ شۇ يەرگە ئالماشتۇرامدۇق يا؟ ئۇنداقتا تېلېفوننى قانداق قىلىمىز؟ تۇرمۇش دېگەندە دوختۇر دەمسەن، دىئاگنوز بۆلۈمى دەمسەن، قاچان چاقىرساڭ، شۇ چاغدا كېلىدىغان قوتقۇلدۇرۇش ماشىنىسى دەمسەن، دورىخانا دەمسەن، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە تونە ھەدەمنىڭ كېسىلى ئۆزگىرىپ قالسا، ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، پەقەت ئون مىنوتتىلا جىددىي قۇتقۇلدۇرۇش گورۇپپىسى يېتىپ كېلىدۇ، چۈنكى بۇ يەردە ئۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. يېڭى قۇرۇلغان كىچىك شەھەر رايونىدا كىم ئۇنداق تېز كېلەلەيدۇ؟ رايون دوختۇرلىرى يولدىكى ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ كېلەمتى؟

— قانداقلا بولمىسۇن، ئويلىنىپ بىر ئىش قىلايلى، ئولېركا.

— ئويلىنىۋاتىمەنغۇ مانا، — ئولېگ سەل شوخ تۇرۇپ قالدى، — گۋاردىيە كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدا ناھايىتى چوڭ بىر بىنا سېلىنىۋاتىدۇ. كۆرگەنسەن؟ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۆيلەر، مەخسۇس لايىھىلەنگەن، مەن ئۇنى ئۇقۇشۇپ باقتىم. لېكىن بىزنىڭ ئۇ ئۆيلەرگە كىرىش ئىمكانىيىتىمىز يوق. چۈنكى ئۇنى سىمسىز رادىئو زاۋۇتى ئۆزىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ئۈچۈن سېلىۋېتىپتۇ. ئەگەر يەر تەۋرەپ، ئۆيلىرىمىز ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولسىغۇ باشقا

گەپ ئىدى، ئۇ چاغدا ئاپەتكە ئۇچرىغان دېگەن سەۋەب بىلەن بىزمۇ كىرىۋالاتتۇق. تۆت ئېغىزلىق بىر يورۇش ئۆي، ئەلۋەتتە، بىزگە تەگمەيدۇ. لېكىن ئۇ يەردە يەنە بىزنىڭ ئۆيلەردىن ئىككى ھەسسە چوڭ كېلىدىغان ئۈچ ئېغىزلىق بىر يورۇش ئۆيلەرمۇ بار. ئايۋانچىسى، تەكچىسى بار، ئاشخانىسى 12 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ۋېلسىپت مىنسىمۇ بولىدىغان ئازادە ئىككى كارىدورى بار.

يېقىندىن بۇيان بېلياكوۋنىڭ يېڭى ئۆيگە كۆچۈش توغرىسىدىكى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئېيتقان گەپلىرى تېخىمۇ قەتئىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بۇنى ئانتونىنا فېدوروۋنا ئۆتكۈرلۈك بىلەن سەزگەن. ئولېگ گويا ئۇنى قايسىدۇر بىر ئىشقا ئىدىيىۋى تەييارلىق قىلىپ قويۇشقا مەجبۇرلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئانتونىنا فېدوروۋنا ئولېگ مېنى ئايرىلىشقا روھىي جەھەتتىن تەييارلىق قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتىدۇ دەپ ھېسابلايتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېچىچە قايغۇرۇپ يىغلايتتى. ئۇ بۇ ئايرىلىشنى بىر خىل يوقىتىش، ئۆزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆلۈم بىلەن باراۋەر دەپ قارايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىچارە ئىۋانىشىنا بۇ ئىشنى يا ھەل قىلالماي، يا بۇنىڭغا چىداشلىق بېرەلمەي قاتتىق ئازابلىناتتى. بۇنىڭغا ھەقىقەتەن چىداشلىق بېرەلمەي قالغان ئىۋانىشىنا بىر كۈنى كېچىدە كۆڭۈل قويۇپ مايلانغان چاقلىق ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، ئىشكاپنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى تارتمىنى ئېچىپ، گېزىت، خەت ـ چەكلەرنىڭ ئاستىدىن تاپانچىنى تېپىپ، ئۇنى ئاۋايلاپ قولىغا ئالدى.

مانا بۇ تاپانچا، ئۇ جاپا ـ مۇشەققەت چەككەنلەرنى قۇتۇلدۇرغۇچى، سەپداش، خۇددى ئۇ ئولېگ ئۆزىگە ئېلىپ بەرگەن چاقلىق ئورۇندۇقنى چىڭ ساقلىغانغا ئوخشاش، بۇ تاپانچىنىمۇ كۆڭۈل

قويۇپ ساقلىغان. ئۇ ئۇن ـ تىنسىز ھالدا تاپانچىغا بىر تال ئوقنى باستى. ئەمدى تاپانچىنى مەيدىسىگە تىرەپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك تەمتىرىمەي، خاتىرجەم ھالدا ئۇنىڭ تەپكىسىنى بېسىۋەتسىلا ئىش تامام...

دەل شۇ چاغدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان كىچىك تونېچكا تۇيۇقسىز ۋارقىرىۋەتتى، ئارقىدىن ھاسىرىغىلى تۇردى، ھەتتا كىچىك بالىغا ئوخشاش چىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى. ئېھتىمال ئۇ چۈشىدە بىر نەرسىدىن قورققان بولسا كېرەك، ياكى ئانىسىنى ئەسلەپ قالغاندۇ، ئەيتاۋۇر، ھېلىقى كېچىسى ئوغۇل ساۋاقدىشىغا قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقۇزمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىۋاتقاندۇ، بۇ قىزچاقلارنى كىم چۈشىنىدۇ؟ ئانتونىنا فېدوروۋنا تاپانچىنى ئەسلى ئورنىغا قويۇپ، تارتىمنى ئاستا ئېتىپ قويدى، ئاندىن كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ، باشقىلارنىڭ ياردىمىسىزلا ئۆزىنى كارىۋاتقا ئالدى.

گۋاردىيە كوچىسىدىكى ھېلىقى بىنانىڭ قورۇلۇشى ناھايىتى ئاستا كېتىۋاتقان بولسىمۇ، كۈندىن ـ كۈنگە چوقچىيىپ چىقىۋاتاتتى. ئولېگ بۇ بىنانىڭ ھە دەپ ئېگىزلەۋاتقانلىقىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتاتتى. ئۇ ئىشقا چىقىشتا ئىش رايونىدىن ئۆتەتتى، ئۇ كۈندە ئىككى قېتىم كۆرۈپ ئۆتكەچكە، بىر كۈندە قانچە خىش قوپۇرۇلغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. ئۇنىڭ روھىي كۆرۈنەرلىك ھالدا چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئاسماندىكى غاز ئەمدى كىمنىڭ قولىغا چۈشەركىن...

كېيىن ئۇ يەنە بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ئوچۇق چىراي، خۇشال ـ خۇرام، دائىم كۈلۈمسىرەپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى.

— بىر ئامال بار، بۇ ئانچە ئەتراپلىق ئەمەس، لېكىن، بىلەمسەن، تامامەن ئاقىدىغان ئامال، — دېدى ئۇ كەچتە ئارلاغا ئايىرىم.

— ئۆينىڭ ئىشىنى دەۋاتامسەن؟

— تونە ھەدەمدىن ئايرىلمايلى دېسەك شۇنداق قىلايلىمىسكەن دەيمەن. بۇنىڭ لايىھىسى مۇنداق: بىز ئاۋۋال بۇ ئۆيلەرنى خەتەرلىك ئۆيلەر، جىددىي رېمونت قىلمىساق بولمايدۇ دەپ، گۋاردىيە كوچىسىدىكى بىناغا ۋاقىتلىق كۆچۈپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىمىز.

— ناۋادا ئۇ يەرگە كۆچكىلى قويمىسىچۇ؟

— بەربىر ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بىلەمسەن، گەپ ئۇ بىناغا رەسمىي ئادەم كىرىشتىن بۇرۇن ھەممىمىز بىراقلا كىرىۋېلىشتا. بۇ ئاقىدىغان چارە، ئەگەر بىزنى خەتەرلىك ئۆيلەردە ئولتۇرۇۋېرىدىغان ئائىلە ھېسابلىسا، ئىۋانشىنانىچۇ، ئۇ دېگەن ئۇرۇش قەھرىمانى، مېيىپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى شەھەرلىك پارتكوم بىلىدۇ. قىسقىسى، مەسىلىنى ھەل قىلماي ئامالى يوق، مەن بەزى ئىشلارنى قىلىشقا تۇتۇندۇم.

— نېمىلەرنى قىلدىڭ؟

— ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسىگە بىزنىڭ ئۆيلەرنىڭ ئېلېكتىر سىمىدا چاتاق بار، ئەھۋال خەتەرلىك دەپ دوكلات يازدىم. دوكلاتتىن يەنە بىرنى كۆچۈرۈپ ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىگە ئەۋەتتىم: چۈنكى ھازىر ئۇلار بىر-بىرى بىلەن بەك تىركىشىدۇ. شۇڭا، تەكشۈرۈش كومىتېتىدىن ئادەم كېلىپ قالسا، مەن ئۆيدە بولماي قالسام، ئۇلارغا بىزنىڭ بۇ يەردىكى توك سىمىدىن دائىم ئوت چىقىدىغان، توك سىمى قىزىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى، توك يوللىرى ئۈزۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالدى دېگىن.

تەكشۈرۈش كومىتېتىدىن ئادەم كەلگەندە، ئۆيدە پەقەت ئىۋانشىنالا قالغانىدى. بۇنداق ئەھۋال ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى، چۈنكى بېلياكوۋ ئەر-خوتۇن ئىككىسى كېسەل بىلەن بالىسىنى ئىمكان بار

ئۆيدە يالغۇز قويمايتتى. ئانتونىنا فېدوروۋنا چاقلىق ئورۇندۇقنى باشقۇرۇشقا پىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، چاقلىق ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدىن ئۆرە تۇرالمايتتى، كارىۋاتقا پەقەت دومىلاپلا چىقىۋالاتتى، ئۇنى ھېچكىم تارتىپ قويمايتتى، ئۆزىمۇ ئورنىدىن تۇرالمايتتى (ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئارلا ئۇنى چاقلىق ئورۇندۇققا چىقىرىپ قوياتتى). ئولېگ ئۇنىڭ چاقلىق ئورۇندۇقىغا سېرىلغۇچ بېكىتىپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن چاقلىق ئورۇندۇق ئىشىكتىن سېرىلىپ ئۆتەلەيتتى، لېكىن چاقلىق ئورۇندۇققا سېرىلغۇچ بېكىتكەندە، ئىشىكنى ئەتكىلى بولمايتتى، شۇڭا ئانتونىنا فېدوروۋنا كىتاب يازغان ياكى ئارام ئالغاندا سېرىلغۇچنى ئىشلەتمەيتتى. بۇ قېتىم ئارلا ماگىزىنغا بېرىپ كېلەي دەپ ئالدىراپ چىقىپ كەتتى، ئۇ مېڭىشتىن بۇرۇن بىردەمدە قايتىپ كېلىمەن دەپ ئېيتىپ قويغاچقا، ئىشىك ئېتىلمىگەنىدى. ئۇ چىقىپ كېتىشىگە تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئادەملىرى كېلىپ قالدى.

ئەمەلىيەتتە، بۇ كەلگەنلەرنى تەكشۈرۈش كومىتېتى دېگىلى بولمايتتى، بۇ پەقەت ئۆي باشقۇرۇش خادىمى بىلەن ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ ۋەكىلىدىن تەركىب تاپقان بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئىدى. ئۆي باشقۇرۇش خادىمى ياشىنىپ قالغان، چىرايىدىن بىر خىل مەيۈسلۈك چىقىپ تۇرىدىغان تۇل خوتۇن ئىدى. ئانتونىنا فېدوروۋنا ئۇنى بۇرۇنلا تونۇيتتى، ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ خادىمى بولسا تەمكىن، پۇختا ئادەم ئىدى.

— بۇ ئۆيلەر بەك كونىراپ كېتىپتۇ، — دېدى ئۇ ئۆيگە بىر قۇر سەپسالغاندىن كېيىن، — توك سىملىرىمۇ قايسى زاماندا تارتىلغان سىملار ئىكىن. دېمەك، دوكلات ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن ئىكەن.

قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئۆيلەرنى چوڭ رېمونت قىلمىسا بولمىغۇدەك.

— 12 يۇرۇش ئۆي دېگەندە ئاز بولغاندا 20 ئائىلىلىك ئادەم بولىدۇ، — ئۆي باشقۇرۇش خادىمى خورسىنىپ قويدى، — بىز بۇ ئەھۋال توغرۇلۇق دوكلات يازايلى دېسەك، ئۇلارنى نەگە ئورۇنلاشتۇرىمىز؟ بۇ يەر نېمە دېسە شۇ بولىدىغان جەننەت بولمىسا يا، شەھەرلىك ئىجرائىيە كومىتېتىدىكىلەرنىڭ بېشى قېتىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ئائىلىلەرنى كۆچۈرمىسە تېخى بولمىغان.

ئۇلار يەنە نېمە توغرىسىدا تالاشتىكىن، بۇنىڭغا ئۇۋانىشىنا زەڭ قويمىدى. ئۇ بىردىنلا بىئارام بولۇشقا، ئۇمىدسىزلىنىشكە باشلىدى، بۇ خىل كەيپىيات ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى. چوڭ رېمونت قىلىنمىز دېگەندىكىن جىددىي كۆچىدىغان گەپ. نەگە بارسا شۇ يەر ھېساب، نېمىگە يولۇقسا شۇ ھېساب بولىدۇ، ۋاقىتلىق ئۆيلەرگە كۆچسە، ھەركىم ھەر تەرەپكە كېتىدۇ. بۇ يەنە بىر يېڭى پاجىئە، شۇڭا بۇ ئەھۋالنى ئىگەللەشكە، ئېنىق پەرق ئېتىشكە، چۈشىنىشكە، ئۇنىڭغا كۆنۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ۋاقىت كېرەك. ئەيتاۋۇر، ئۇ بۇ ئايرىلىشنى كەينىگە سۈرەي دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن ئانتونىنا فېدوروۋنا مۇنداق دېدى:

— مۇمكىن بولسا، بىز ئەڭ ئاخىرىدا كۆچسەك. مېنىمۇ ئويلاپ قويساڭلار.

— مەن يۇقىرىغا مەلۇم قىلاي، — دېدى ئوت ئۆچۈرۈش ئەترەتنىڭ ۋەكىلى قوشۇلۇپ، — مەن بېرىپ ئۆيىنىڭ ئاۋۇ تەرىپىدىن باشلاپ كۆچۈرۈش توغرىسىدا تەكلىپ بېرەي، ئاۋۇ تەرەپنىڭ توك سىملىرىمۇ بەك چاتاق ئىكەن. ئەمىسە شۇنداق كېلىشتۇق، يولداش ئۇۋانىشىنا، ھازىرچە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ!

5 ـ ئاي ــ گۈگۈم ۋاقتى ئۇزاق، گۈللەر گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان، بۇلبۇللار سايراپ تۇرغان، ھېچ چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر خىل ئەنسىزچىلىكتە تولغان 5 ـ ئاي كىرمىسىگەن بولسا، ئىشلار بەلكىم شۇ پېتى ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى، ئۇلارمۇ خاتىرجەم ياشىغان بولاتتى. گەپ كىچىك تونېچكانىڭ ئىمتىھانى باشلانغاندىن كېيىن بولغان ئەمەس، بەلكى ئۇ 19 ياشقا كىرىپ، بەدىنىدىكى ھەممە نەرسە يېتىلىپ، ئۇنى تۇنجى قېتىمقى ھېلىقى تەجرىبىنى ئەسلەشكە مەجبۇر قىلغاندىن كېيىن بولغان. لېكىن بۇ قېتىم ئۇ ئۆتكەن قېتىمقى تەجرىبىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى قەتئىي تۈزىتىشى كېرەك: دېمەك، بۇ قېتىمقى تەجرىبىنىڭ نەتىجىسى بىرىنچى قېتىمدىكىسىگە ئوخشاش بولماسلىقى كېرەك. بولمىسا، ئۇنىڭ شېرىن خىياللىرى كۆپۈككە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ھەممە نەرسە بىر گۈزەل ناخشا ئۈچۈن يېتىلگەن، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى مەڭگۈلۈك پارچىلىنىشى، يوقىلىشى مۇمكىن. ئۇ شۇنداق ھېس قىلغان، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى.

لېكىن، ھازىر ھەممە نەرسىنىڭ پارچىلىنىشى، يوقىلىشىغا يەنە بىر مەزگىل بار. ئانتونىنا فېدوروۋنا ئولېگ بىلەن ئارلاغا تەكشۈرۈش كومىتېتىدىن ئادەم كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۇلارغا قىلغان ئىلتىماسىنى ئېيتتى. ئولېگ ئۆزىنىڭ قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى قىلچە چاندۇرمىدى ــ ئۇۋانىشنانىڭ بۇ ئىلتىماسى ئۇنىڭ يىراقنى كۆزلەپ، چوڭقۇر ئويلاپ تۈزگەن پىلانىنى سۇغا چىلاشتۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ تېخىمۇ غەيرەت بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا، ئەمدى ئۆزىنىڭ غەرىزىنى ئايال كىشى دېگەنگە زادى ئېيتماسلىققا نىيەت قىلدى. ھازىر ئۇ ھەر شەنبە، يەكشەنبە كۈنى ئۇۋانىشنا بىلەن

ۋالېركىنى ھارۋىغا سېلىپ كوچا ئايلاندۇرىدىغان، شەھەر سىرتىغا ئەپچىقىدىغان، ھەر قېتىمدا ئانتونىنا فېدوروۋنانى كۆتۈرۈپ ھارۋىغا سالىدىغان، قايتىپ كەلگەنىدە يەنە كۆتۈرۈپ ئىككىنچى قەۋەتكە ئەپچىقىدىغان بولدى. ھەر قېتىم كۆتۈرگەنىدە، ئۇ ئىزا تارتىپ غودۇڭشىپ قوياتتى:

— نېمە قىلىۋاتىسەن، ھەي، نېمە؟ قولۇڭ بىلەن كۆتۈرسەڭ، خۇددى...

— خۇددى ئۆز ئانامنى كۆتۈرگەنىدەك بولىمەن، — دەيتتى ئولېگ كۈلۈمسىرەپ.

ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان بۇ پالەچ ئايال ھەر قېتىم ئولېگ-نىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ ھارۋىغا چىققانىدا ياكى ھارۋىدىن چۈش-كەندە ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان بەختتىن ۋە يىلىلىقتىن پۈتۈن بەدىنى شۇرقىراپ كېتەتتى، بەزىدە ئۇ قاتتىق تەسىرلىنىپ، بۇنى ئەتەي ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىدىن كۆرەتتى:

— سەن كۈچەپ كەتسەڭ، مەن تىنالمايدىكەنمەن. نېمىدېگەن ئىسسىق بۇ. بۈگۈن نېمانچە دىمىق بولىدىغاندۇ؟

— ئېھتىمال سىز راستىنلا مېنىڭ ئانام بولىسىڭىز كېرەك، تونە ھەدە! بۇنى ئېتىراپ قىلىڭ، شۇنداق بولغانىدا سىزمۇ راھەتلىنىپ قالىسىز، مەنمۇ ئارام تاپىمەن.

دېمىسىمۇ قىزىق: دەل مۇشۇ چاغدا، ئانتونىنا فېدوروۋنا ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارى توغرىسىدا كۆپرەك ئويلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياشلىق چېغىدىكى قەھرىمانلىقلىرىنى ئەسلەۋاتقىنى يوق ھەم ئۇ ۋاقىتتىكى ئازاب ۋە پىداكارلىقى توغرىسىدا ئويلاۋاتقىنىمۇ يوق، بەلكى گۈزەل ياشلىق چاغلىرىدىكى بەختىنى ئەسلەپ خىيالغا

چۆمۇلۇۋاتقانىدى، قەھرىمانلىقلىرىمۇ ئۇنىڭ ئورنىنى ئالالمايتتى، كۆرسەتكەن پىداكارلىقىمۇ ئۇنىڭ رەڭگىنى ئۆچۈرەلمەيتتى. بالىلىقتا قورچاق ئويناش ۋە ئەجەبلىنىشنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن بولمىغىنىدەك، ياشلىقتىمۇ مۇھەببەت ۋە ئارزۇنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ھەتتا ئاكوپتىن يىراق جايدا ياشاش تەبىئىي بولغىنىدەك، ئۇ يەردە — ئالدىنقى سەپتە ئەمەس، ئاكوپتا ئۆلۈپ كېتىشمۇ تەبىئىي. ئۇ يەردىكى كىشىلەرمۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان، يارىدار بولۇپ ساقلىنىپ قالغان جانلارنىمۇ سارائگلارچە ياخشى كۆرۈپ كېتەتتى ھەمدە يارىدار بولۇپ قالسامكەن دەپ تەلۋىلەرچە ئارزۇ قىلىپ كېتەتتى. ئالدىنقى سەپتىكى ئۇمىدۋارلىقنىڭ ئاساسى ئەنە شۇ. ئەگەر ئالدىنقى سەپتە ئۇمىدۋارلىق بولمايدىغان بولسا، دۆلەت ئەمەس، پەيجاڭمۇ نامسىز دەريادىكى ئۈچ تال ياغاچنى تالىشىش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن بولاتتى.

ئۇۋانىشىنا ئۈچ تال ياغاچنى تالىشىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئۇرۇش 3-ئايدا بولغانىدى، 3-ئايدا مۇزلار كۇندۇزى ئېرىپ، كېچىسى يەنە قېلىن توڭلاپ قالىدۇ، قار ئېرىگەن چاغلاردا، ئادەمنىڭ پۇتى يەرگە پېتىپ قالىدۇ.

— بىزگە قارشى تەرەپكە ئۆتۈڭلار دەپ بۇيرۇق قىلىدى تونىكا، — دەريانىڭ نامى نېمە بولسا بولسۇن، ئۇ بىر توسالغۇ. سەن ھۇجۇم قىلىدىغان تەرەپ، ئاۋۇ يالغۇز چاتقال، كۆردۈڭمۇ؟ تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن پۈشتەك چېلىنىشى بىلەن ھەرىكەتلەن...

— سول تەرەپكە 50 مېتر يانتۇلۇقتا ھۇجۇم قىلسام بولامدۇ، يولداش شاڭۋېي؟ ئۇ تەرەپتە ئۈچ تال ياغاچتىن ياسالغان كىچىك كۆۋرۈك بار، ئۇ تېخى ئۈزۈلۈپ كەتمىگىنى يوق. ئۈستىنى بىر

www.uyghurkitap.com

قەۋەت قار قاپلىغان. ھۇجۇمغا ئۆتۈشتىن يېرىم سائەت بۇرۇن دەريادىن ئۆتكەندە ھىمايە قىلدىغانغا ئۈچ ئادەمنى ئەۋەتىمەن. ئۇلار يېنىك پىلموتنى ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەڭچىلەر كۆۋرۈكتىن ئۆتئۈۋالىدۇ.

— مەمەدانىلىق قىلىۋاتىسەن، ئانتونىنا، بۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق.

— قار بەك نېپىز ئىكەن، لېيەنجاڭ، قېلىنلىقى بەلدىن ئاشمايدىكەن.

— جەڭچىلەرنى زۇكام بولۇپ قالىدۇ دەپ قورقىۋاتامسىز؟

— پېتىپ قېلىپ چىقالماسمىكىن دەپ قورقىۋاتىمەن. قار دېگەن دەسسىسە ئېرىپ يوق بولۇپ كېتىدۇ، قاردا ماڭغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئەزىمەتلەر پېتىپ قالارمىكىن دەيمەن. بىز ئازغالدا تىمىسقىلاپ يۈرگەندە ئالىۋاستىلار توپقا تۇتۇپ قالسا قانداق قىلىمىز؟

يېنىك پىلموتچى ياشىنىپ قالغان بىر جەڭچى ئىدى، ئۇنىڭ ئىسمى نېمىدى؟ توۋا، ئۇنتۇپ قالغىنىمنى قارىمامدىغان، پەقەت ئۇنىڭ نېمشقىكىن ئۈچ تال ياغاچنىڭ يېنىدا قۇربان بولغانلىقىنىلا بىلىدىكەنمەن. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغان ياردەمچى پىلموتچى ياروسلاۋ ياش ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ئاپتوماتچى بار ئىدى، ئۇ قەددى-قامىتى كېلىشكەن يىگىت بولۇپ، يېقىندىلا دوختۇرخانىدىن چىقىپ بۇ پەيگە كەلگەنىدى، ئۇ ھىمايە قىلىشقا قاتناشمسام بولمايدۇ دەپ ئىلتىماس قىلىپ تۇرۇۋالدى:

— يولداش جۇڭۋېي، مېنىڭ يەنە ئىككىنچى مېدالىنى ئېلىپ كېلىشىمگە رۇخسەت قىلامسىز؟

ئۇنىڭ ئىلتىماسى كەسكىن ھەم قىزغىن ئىدى. ئۇۋانىشنا ئۇنىڭغا

كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇددى بىركىم ئەتەي بوياپ قويغاندەك كۆپكۆك ئىدى.

— فامىلەڭ نېمە، يېفرېيتېيور؟

— يېفرېيتېيور شىلېدا، — ئۇ تۇيۇقسىز كۈلۈپ قويدى، ئاندىن خۇددى تانسا سورۇنىدىكىدەك ئىسمىنى قوشۇپ قويدى، — ۋاسىلى.

ئۇ ۋاقىتتا ئىۋانىشىنا تۇنجى مۇھەببەتنىڭ ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەۋاتقانلىقىنى بىلەمتى؟ ياق، ئۇ ۋاقىتتا ئىۋانىشىنا تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن پۇشتەك چېلىنىشى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈشتىن باشقا ئىشنى بىلمەيتتى. لېكىن ئۇ بۇنى سەزگەن بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇ ئىلگىرى ھۇجۇمغا ئۆتكەن ۋاقىتتا، بۇنداق تېز يۈگۈرۈپ باققان ئەمەس، ئۇنىڭدا مۇنداق قەتئىي ئىشەنچ بولغان ئەمەس. ئۇ بۈگۈن ئۆزىنىڭ تىنچ-ئامان قالىدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشىنەتتى. بۈگۈن ئۇنىڭغا يولۇقمايدۇ، يولۇقۇشىمۇ پېتىنالمايدۇ، چۈنكى يىگىتنىڭ كۆزلىرى ھەقىقەتەنمۇ قىزلارنى مەھلىيا قىلغۇدەك كۆپكۆك ئىدى.

ئىۋانىشىنا شۇ ۋاقىتتا نېمىشقا ئوپېراتسىيە قىلدۇرىمەن دەپ تۇرۇۋاپتىكىن؟ ئۇنداق بولمىغان بولسا، ھازىر كۆك كۆزلۈك ۋاسىلىيېۋىچ ياكى ۋاسىلىيېۋنا① چوڭ بولۇپ قالماسمىدى. سەن، تونكا، راستلا ئانا بولدۇڭ، چوڭ ئانا بولدۇڭ، دۇنيادا سەندىنمۇ بەختلىك ئادەم بارمىدۇ؟ لېكىن ياش ۋاقتىڭدا ئۆزەڭنىڭ مۇشۇنداق قېرىيدىغانلىقىڭنى ئويلاپ باققانمىدىڭ؟

ئۇنداق بولمىغان بولسا، ۋاسىلىنىڭ ئوغلى ياكى قىزى ھازىر

① ۋاسىلىدىن بولىدىغان ئوغلى ياكى قىزىنى كۆرسىتىدۇ.

چوڭ بولۇپ قالار ئىدى.

پۈتۈنلەي باشقا بىر خىل ئەسلىمە بىردىنلا ئىۋانىشناغا باستۇرۇۋاپ كەلگەن چاغدا، كىتاب يېزىلىپ بولاي دەپ قالغانىدى. كېيىنكى بۇ ئەسلىمە ئۇنى دەككە-دۈككىگە سېلىپ، ئۇخلىيالماس قىلىپ قويدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇرۇنقى ئۆتمۈش — ياشلىق دەۋر — ئەكسىچە ئېيتقاندا، يېقىنقى ئۆتمۈش ئۇنىڭ كۆڭلىدە بارغانسېرى كۆپرەك توقۇنۇش پەيدا قىلغىلى تۇردى. بەزىدە ئانتونىنا فېدوروۋنا ئۆز مەكتىپىدە ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەنىلىك تەبرىك يىغىنلىرى، يەنى يىللىق خاتىرە تەبرىك يىغىنى ۋە ئادەتتىكى خاتىرە يىغىنلىرى: پىئونېرلارنىڭ يىغىلىشلىرى، دۈڭگۈر-دۈڭگۈر قىلغان دۇمباق ئاۋازى، خىزمەت كۆرسەتكەنلەر ۋە قەھرىمانلارنىڭ ئۇزۇندىن-ئۇزۇن ئىسمىلىكى، شۇنىڭدەك بالىلارنىڭ نۇرسىز خىرە كۆزلىرى، ئۇلارنىڭ كۆزىدە تەبرىكلەش يىغىنىنىڭ ماھىيىتى ئەمەس، بەلكى شەكلى نامايان بولىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرەتتى. بىر قېتىم ئۇ مەكتەپنىڭ ئىجرائىيە مۇدىرى بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، پېشقەدەم جەڭچىلەر يىغىنىغا قاتنىششقا كېچىكىپ قالدى، شۇڭا ئۇ ئادەتتىكىدەك سەھنىگە چىقماي، زالنىڭ ئارقا رېتىگە كېلىپ، بىرنەچچە ئوغۇل بالىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇردى. ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا تۆۋەندىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ قالدى:

— ياھ، بۇ بوۋام قالتىس ئىكەن، — دېدى چىرايلىق، پاكىز، ئوبدان تەربىيىلەنگەن بىر ئوغۇل بالا بوش ئاۋازدا مەسخىرە قىلىپ، — بىر قول بومبىسى بىلەن نېمىسلارنىڭ ھەممىسىنى جايلىۋېتىپتۇ.

— خۇددى كىنودا كۆرسىتىلگەندىكىدەك، — دېدى ياندىكى

دوغىلاق بىر ئۇغۇل بالا ياخشىچاقلىق تەلەپپۇزىدا، بوش ئاۋاز بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

شۇ چاغدا ئىۋانىشنا ئۆز ئادىتى بويىچە ئۇلارنىڭ گەپ قىلىشىنى توسۇپ قويىدى، بۇ ئىككى بالا دەرھال جىم بولۇشتى، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇ بالىلارنىڭ ئىنتائەتچانلىقىغا قاراپ ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. گەپ شۇ قىتىمقى پىشقەدەم جەڭچىلەرنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق ماختانغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى بالىلارنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە ئوخشاش كۆڭلىدە ئىشەنمەيدىغانلىقىدا ئىدى. "نېمە ئۈچۈن؟" دەپ سوئال قويىدى ئۇ ئۆزىگە، ئاندىن دەرھال جاۋاب بەردى: "بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلارغا بەك كۆپ سىڭدۈرۈۋېتىلگەن. قەھرىمانلارنىڭ نەتىجىلىرى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنىڭ سانى مەلۇم چەكتىن ئېشىپ بىردىنلا سۈپەت ئۆزگىرىشى ھاسىل بولغان، بۇ سۈپەت بىز ئۈمىد قىلغان سۈپەت ئەمەس. خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنىڭ سەممىيلىكى، ھاياجانلىنىشى، قايغۇسى ۋە تارتقان نۇرغۇن چىقىملىرىنىڭ ھەممىسى كۆزدىن غايىب بولغان، پەقەت قۇپقۇرۇق سانلا قالغان. پەقەت بىر ۋاراق تىزىملىك، ئۇزۇن، زېرىكىشلىك، كىشىنى بىزار قىلىدىغان ستاتىستىكىلىق تىزىم: كىمنىڭ قەيەردە، قاچان نېمە ئىش قىلغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتلا قالغان. بىز ئۆزىمىزنىڭ قەھرىمانلىق تارىخىمىزنىڭ قىممىتىنى بەك چۈشۈرۈۋەتتۇق: گېراسىم بىر ئىتنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈردى①، بىر يېرىم ئەسىردىن بۇيان،

① بۇ يەردە تۇرگېنېۋنىڭ «مۇمۇ» دېگەن ئەسىرىدىكى گاس-گاچا يانچى گېراسىمنىڭ ئۆزى ئامراق ئىتنى نائىلاج تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

تەسراتچان باللار شۇ جانۋاردىن ھەسرەتلىنىپ يىغلاشماقتا، بىز بولساق 20 مىليون ئادەمنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى تىنىماي تەرىپ قىلماقتىمىز، كىشلەر بولسا نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن نەزەر سالماقتا. ئۇلار ھەسرەت چېكىشى، قايغۇرۇشى كېرەك، ئۇنداق بولمىسا، بۇ قولغا قەلەم ئېلىپ يېزىشقا ئەرزىمەيدۇ...“

بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا پۈتەي دەپ قالغان بۇ كىتابقا تۈزىتىش كىرگۈزمەكچى بولدى، بۇ ئىش ئىنتايىن تېز ۋە كەسكىن ئىشلەندى: ئانتونىنا فېدوروۋنا ھۆججەتلەرگە كىرگۈزۈلىدىغان، كىشىنى تولىمۇ بىزار قىلىدىغان قەھرىمانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى قەتئىي چىقىرىپ تاشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كىتابخانلىرىنى ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان، ئاللىقاچان تولا كۆرۈپ يۈرۈپ پىششىق بىلىدىغان بولۇپ كەتكەن ياشلار دەپ پەرەز قىلىپ، باشقا ئابستراكت كىتابخانلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئۈچۈن يېزىشقا تىرىشتى، ئۇلارنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان، ئۇلارنى كۆرسىتىلگەن خىزمەتنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەھمىيىتىگە، ئاكوپتىكى كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ھەربىر سائەتتە سەرپ قىلىنغان كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىشەندۈرىدىغان قىلىپ يېزىشقا كۈچىنىڭ بېرىچە تىرىشتى.

”...شۇ قېتىمقى ئېتىشىشتا لىيەنجاك ئېغىر يارىلاندى. ئىككىنچى كۈنى سەھەردە، جەڭ مەيدانى ۋاقتىنچە تىنچلاندى، يىڭجاك مېنى تۇەنجاك زوتوۋ ئىليا خارىتوۋ جۇڭشياۋ بىلەن كۆرۈشتۈردى.

— شەخسىي ئىپادىسىدىن قارىغاندا، ئىۋانىشنا يارامىلىق پەيجاڭ-لاردىن بىرى، يولداش جۇڭشياۋ. مېنىڭچە، ئۇ قەھرىمان لىيەنجاك بولۇپ قالالايدۇ.

شۇ چاغدىكى قارىشىمچە، ئىليا خارىتوۋنىڭ يېشى خېلى بىر يەرگە

بىرىپ قالغانىدى، مەن ئۇنىڭدىن بەكمۇ تەپ تارتاتتىم. شۇ چاغدا مەن قەددىمنى تىك رۇسلاپ تۇراتتىم، ھاياجانلىنىپ يۈزۈم قىزىپ كەتتى. ئەمما ئۇ مەڭزىمنى سىيلاپ قويۇپ، ئۇنتۇلماس سۆزلەرنى قىلدى:

— جۇڭۋېي، كوماندىرنىڭ قەھرىمانلىقى دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ھەممىدىن ئاۋۋال سېنىڭ جەڭچىلىرىڭ بىر سوتكىدا كەم دېگەندە بىر قېتىم ئىسسىق شورپا ئىچىشى كېرەك — ئىككى كىشىگە كىچىك بىر كورىدىن توغرا كەلسىمۇ مەيلى. ئىككىنچىدىن، سېنىڭ جەڭچىلىرىڭ بىر سوتكىدا كەم دېگەندە تۆت سائەت ئۇخلىشى كېرەك — ھەربىي پەلتوسىنى كىيىپ، مىلتىقىنى قۇچاقلاپ ئۇخلىسىمۇ مەيلى. ئۈچىنچىدىن، ئۇلار، جەڭچىلىرىڭ ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن ھەممە ئىشلىرىنىڭ نورمال بولىدىغانلىقىغا: ئانىسىنىڭ تېنى ساغلام بولىدىغانلىقىغا، بالىلىرىنىڭ ئاچ قالمايدىغانلىقىغا، خوتۇنىنىڭ باشقىلار بىلەن بىللە ياتمايدىغانلىقىغا ھەممە ۋاقىت شەكسىز ئىشىنىدىغان بولسۇن. يۇقىرىدىكى ئۈچ ئىشنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، ھەربىر جەڭچىنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى — كىمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى، نەدىن كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ نېمىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى، نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇش كېرەك. بۇ ئىشلار ئورۇنلانسا، مەن كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا سېنى قەھرىمان دەپ ئاتايمەن...".

ئىۋانىشىنا مۇشۇ ئەھۋاللارنى كىتابقا كىرگۈزگەن، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا دائىر بىرمۇنچە مەزمۇنلارنى چىقىرىۋەتكەن: ئۇ تۆۋەندىكى بىرنەچچە رازۋېتچىكنى پەقەت ئۆزىلا بىلىدىغان جىلغىدىن ئۆتكۈزۈپ قويغان، نېمىس ئالۋاستىلىرىنىڭ ئاكوپىغا بەش قەدەمچە كېلىدىغان

جايدا قار دۆۋىسىدە بىر كېچە—تاكى ئۇلار قايتىپ كەلگۈچە ياتقان تاڭ ئەمدىلا يورىغان چاغدا، جىلغا قاراڭغۇ ئىدى، سەھەردە جىلغا تاڭ نۇرىغا چۆمۈلگەن بولۇپ، سوغۇق شامال سوقۇپ تۇراتتى: پۈتۈن تۆەندە پەقەت ئۇ، پەيجاڭنىڭ ئۆزىلا ئالۋاستىلارنىڭ زادى قانچە مىنۇتقىچە بۇ جىلغىنى كۆرۈۋالالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، چۈنكى ئۇ سائەتكە قاراپ تۇرۇپ، قاراڭغۇلۇقنىڭ كۆچۈش قانۇن-يىتىنى ئېنىق تەتقىق قىلغانىدى. مۇشۇنداق بىخەتەر لىنىيە بولغان-لىقى، ئۇنىڭ ئالۋاستىلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئۆز ئادەملىرىنى كۈتۈپ ياتقانلىقى، شۇنىڭدەك چېكىنىدىغان چاغدا دۈشمەننى ئالاقزادە قىلىۋې-تىدىغان قىسقا بىر جەڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ "قەھرىمانلىق مېدالى" ئالغان. مېدال ئالغانلىقىنى ئېيتماي ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن، ئىۋانىشنا بۇ مەزمۇنلارنى چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تۆەنجاڭنىڭ سۆزلىرىنى كىرگۈزگەن. "قەھرىمانلىق ئالاھىدە ھەرىكەت" ۋە "قەھ-رىمانلىق كۈندىلىك تۇرمۇش" دېگەن بۇ ئىككى پرىنسىپلىق پەرقى بولغان نۇقتىئىنەزەردىن ئانتونىنا فېدوروۋنا ئەمدى قىلچە ئىككىلەن-مەيلا كېيىنكىسىنى تاللىۋالغان.

مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە يېزىلىپ بولغان ئورىگىنال ئۇلىگ ئارقىلىق نەشرىياتقا ئەۋەتىپ بېرىلدى. بۇ چاغدا سېرىق چاچ ئايال مۇھەررىر بۇ يەردىن يۆتكىلىپ كەتكەنىكەن. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ياشىنىپ قالغان، مۇتەئەسسىپ تالىپلارچە بىر ئايال كەلدى. بۇ ئايال ئورىگىنالنى جوزىغا پاقىدە تاشلاپ، ئاندىن كېيىن ئورىگىنال خالتىسىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ، ئۈستىگە "ئىۋانىشنا ئا. ف: «ئالدىنقى سەپتىكى كۈنلەر ۋە تۈنلەر» ئالدىنئالا پۈتۈشكەن ئورىگىنال" دېگەن سۆزلەر رەتلىك يېزىلغان قەغەزنى چاپلاپ قويدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، ئانتونىنا فېدوروۋنا؟

بۇ سۆز سىلىق ئاگلانغىنى بىلەن، بۇ سۆزنىڭ ئۇرانىدىن سىرلىق غەزەپ بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇۋانىشىنا ئۇ ئايالنىڭ ئېنىق ئىزھار قىلىشىنى جىمجىت كۈتۈپ تۇراتتى. ئالاقىلاشقىلى كەلگەن ئايال مېھمان—يا مۇھەررىر،يا باش مۇھەررىر — قەغەز خالتىنى ئېچىپ بىر ۋاراق قەغەزنى ئالدى.

— بىز سىزنىڭ «ئالدىنقى سەپتىكى كۈنلەر ۋە تۈنلەر» دېگەن ئۇرۇش توغرىسىدىكى ئەسلىمىڭىز توغرۇلۇق توختام تۈزۈشتۇق. سىز ئىلتىماسنامىڭىزدا ئۆزىڭىزنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىڭىزنى ياش ئەۋلادلىرىمىزغا ئۆگىتىپ قويۇشنى يېزىپسىز، ئەمما بىز قول يازمىدىن نېمىگە ئېرىشتۇق؟ سىزنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى تۇرمۇشىڭىز ۋە ئەمەلگەكىڭىزنىڭ ئىچچام كۆرۈنۈشى بولىسا... — بۇ ئايال كۆزەيىنەك تاقاپ، قېرىنداشتا غەزەپ بىلەن سىزىلغان ئورىگىنالىنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن شاراقلىتىپ ۋاراقلاپ دېدى، — قاراڭلار: سۇنئىي يول بىلەن بالىنىڭ چۈشۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى. سۆيۈملۈك ۋاسەنىڭ ئۆلۈشىنى، سىزنىڭ ئايال قەھرىمانىڭىز، كەچۈرۈڭ، يەنى سىز ئاتاكىغا ئۆتكەندە، قورقۇپ يوپكىڭىزغا سىيىۋېتىپسىز. يەنە كېلىپ ئۇرۇشنىڭ بىرەر كۆرۈنۈشىدىمۇ كوماندىر — پەيجاگىدەك قىلىدۇ... — ھەقىقىي قەھرىمان قىلىپ يېزىلماپتۇ. دېمەك، بىزنىڭ ياش ئەۋلادلارغا قالدۇرىدىغان قىممەتلىك تەجرىبىلىرىمىز نېمە بولماقچى؟

— چىنلىق.

— نېمە چىنلىق، قانداق چىنلىق؟ قورقۇپ رەسۋايىمىز چىققان چىنلىقمۇ؟ بۇ كىمگە كېرەك ئىكەن؟ ياق، سىز بىزگە بىرەر بول-

www.uyghurkitap.com

سىمۇ... ئىمكانىيەت بېرىدىغان...ئىمكانىيەت بېرىدىغان ئىجابىي كۆرۈنۈش كۆرسىتىپ بېرىڭ.

ئانتونىنا فېدوروۋنا بىردىنلا ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىدى، ياق، ئۇ گاس ئەمەس: ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ گۇرۇلدىشى بىردىنلا باشقا ھەممە تاۋۇشلارنى بېسىپ چۈشكەندى. ئۇ دەم ئالالماي قالدى. بۇ ئادەتتىكىدەك دۈمبىسىنىڭ قاتتىق ئاغرىشى ئەمەس ئىدى، بۇ دېمى سىقىلىپ، يۈرىكى بىر پەس ئاغرىغانلىقى، نەپىسى سىقىلىپ، نەپەس ئۆپكىگە ماڭمىغانلىقىدىن ئىدى. "سىلەرنىڭ ئۆپكەڭلەر يېنىك، — دەيدىغان پېشقەدەم ھەربىي كومىسسار، — مېنىڭ بولسا خۇددى بىر پارچە قوغۇشۇنغا ئوخشايدۇ." ھازىر ئۇ ئۆپكە "بىر پارچە قوغۇشۇنغا ئوخشايدۇ" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى. ئۇ بېشىنى ئارقىغا ئېگىپ، ئاغزىنى چوڭ ئېچىپ، نەپىسىنى قورۇلۇپ قالغان ئۆپكىسىگە ماڭدۇرماقچى بولدى. "سىزگە ئىجابىي قەھرىمانلىق كېرەكمۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ ئارسلاپ-ئارسلاپ، — بىر قىز بالا بىرنەچچە مىڭ ئەسكەر بىلەن بىللە تۇرسا، بۇ قانداقمۇ قەھرىمانلىق بولمىسۇن؟ پاسكىنا، تەرگە چۆمۈلگەن، چارچىغان، سېسىق پۇراق چىقىپ تۇرغان، ئاكوپ تۇرمۇشى تۈپەيلىدىن پىت بېسىپ كەتكەن 20 ئەر بىلەن بىر ئۆڭكۈردە تۆت كىشى ئۈچ كىشىلىك ئورۇندا يېتىشمۇ قەھرىمانلىق بولمامدۇ؟ كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىكتە ئەڭ يېقىن ھاجەتخانىمۇ 50 چاقىرىم كېلىدۇ، چوڭ-كىچىك تەرەت ئۈچۈن شۇ يەرگە بېرىشقا توغرا كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟... ھەي، سىلەر — باشقىلارغا تەنبىھ بېرىشنىلا بىلىدىغان، پاكىز كىيىنىپ ئەتىر سېپىۋالغان كىشىلەر مۇشۇ يەردە تۆت سائەت تۇرۇپ باقساڭلار، ئەنە شۇ رېئاللىقتىكى پاسكىنا، سېسىق، پىيادە ئەسكەرلەر

تۇرىدىغان ئاكوپقا بارساڭلار ئىدى، ئۇ يەردە چاشقانلار باللاپ كەتكەن، پىت بېسىپ كەتكەن، ئۈچ قەدەم نېرىراقتىلا ئۆلۈكلەر يېتىپ كەتكەن، بىر چەتتە پوق-سۈيدۈك تولۇپ كەتكەن ھاجەتخانا بار، سۇ لازىم بولسا بىر قازان قار بار ئىدى، يېرىم ئايدا بىر قېتىم نۆۋەتچىلىك ئالماشتۇرۇلاتتى، بۇنداق قىلىشتا بىر تولۇقلانغان لېيەن بولۇش كېرەك ئىدى، مۇنچا يوق، بولۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇدا بىرنەچچە ھەپتە قاردا يۈز يۇيۇشقا توغرا كېلەتتى. بۇمۇ قەھرىمان-لىق ئەمەسمۇ؟ يائاللا، سىلەر ئاقىرىپ، سەمرىپ كېتىپسىلەر، سىلەر جاپا تارتىپ باقمىغان...“ ئەمما ئۇ يۇقىرىقى گەپلەرنى دېيەل-مەي، ئاغزىنى ئېچىپ تۇراتتى، ھېلىقى قەھرىمانلىق كۆز قارىشىغا ئىگە باتۇر ئۇنىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى، قولىدىكى ئورىگىنالنى ئاستا يىرتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توۋلىۋەتتى:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ سىز نېمىشقا... ئادەم بارمۇ، تېز كېلىڭ-لار!

ھېلىمۇ ياخشى، ئارلا ئۆيدە بار ئىكەن، ئۇ ئولېگ تەييارلاپ قويغان ئازوتلۇق كىسلاتا مېيىنى ئانتونىنا فېدوروۋناغا ئىچكۈزۈپ بولۇپلا، قەھرىمانلىقنى تەتقىق قىلىدىغان ھېلىقى مۇتەخەسسىسنى قوغ-لاپ چىقىرىپ، ئورىگىنالنى يىغىۋالدى. ئۇۋانىشنا تېزلا ھوشىغا كېلىپ، يېتىپ ئارام ئالدى. ئولېگ يىرتىۋېتىلگەن ئورىگىنالىنى چاپلاپ، ھەممە ئورىگىنالنى نەشرىياتنىڭ باشلىقىغا ئاپىرىپ، ھەممە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۆز قولى بىلەن تەكشۈرۈشىنى ئۆتۈندى. كېيىن نەشرىيات باشلىقى بەزىبىر كونكرېت پىكىرلىرىنى بەردى، ئانتونىنا فېدوروۋنا تۈزىتىپ، ئاندىن مەتبەئەگە بەردى، بۇ چاغدا 5-ئايغا ئاز قالغانىدى، كۆپچىلىك غالىبىيەت بايرىمىغىچە دوكلات

قىلىشقا تەقەززا ئىدى، شۇنداق قىلىپ ئىۋانىسنانىڭ كىتابى 3 ـ
ئايدىلا نەشىردىن چىقتى.

ــ قاراڭ، تونە ھەدە، مانا نەشىردىن چىقتى، سىز تېخى باشتا ئەندىشە قىلغانىدىڭىز.

ــ ئادەم قېرىغانسېرى يۈرەكسىزلىشىپ كېتىدىكەن، ــ دەپ جاۋاب بەردى خۇشاللىقتا چۆمگەن ئانتونىنا فېدوروۋنا چاقچاق تەرىزىدە.

بىنانىڭ يېرىمى ــ ئىۋانىسنانىڭ كۆچۈپ كىرىش ھوقۇقىنى ئاھالىگە ئۆتكۈنۈپ بېرىشى توپەيلىدىن، ــ تۇيۇقسىزلا بوشاپ قالغانىدى. بۇ ئاھالىلەر ئۇلېگ ئىشقا كەتكەن ۋاقىتتىلا كۆچۈپ كەتتى. بىر كۈنى ئۇ ئىشتىن قايتىپ كەلگەن چاغدا خېلى كەچ بولۇپ قالغانىدى، ئۇ قوشنىلارنىڭ دېرىزىلىرى قاپقاراڭغۇ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەم ھەيران بولدى، ھەم كۆڭلى يېرىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: ئانتونىنا فېدوروۋنا ئۆزىنىڭ پىلانىنى قانداق قىلىپ نابۇت قىلغاندۇ، دەپ ئويلاپ، بەكمۇ ئىچى پۇشتى، نېمە ئۈچۈندۇر، ھەتتا ئەلەم تارتقاندەك بولدى ("سەن پالاقشىپ يۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىنىڭ بىلەن، بۇ ئاياللارنىڭ بىشەملىكى ھەممىنى نابۇت قىلىۋەتتى..."). ئۇ گۋاردىيە كوچىسىدىكى پۈتۈپ قالغان بىناغا كۆچۈپ كىرىش پىلانىنى قانداق قىلىپ نابۇت قىلىۋەتكەندۇ، بۇنىڭغا ئوبدان تەييارلىق كۆرۈلگەن ۋە شەھەرلىك پارتكومدا پۈتۈشۈپ قويۇلغاندىغۇ. خەتەرلىك ئۆيلەردىن كۆچۈپ چىققان ئاھالىلەر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يېڭى قۇرۇلغان كىچىك ـ كىچىك شەھەر رايونلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، لېكىن ئۆي يېتىشمىگەنلىكتىن، ئاھالىنىڭ يېرىمى تېخى كۆچۈپ بولالمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلېگنىڭ مۇشۇ

باسقۇچتىكى ھەرىكەت پىلانى پۈتۈنلەي يوققا چىقتى. باشقا چارە تېپىش، باشقا مەدەتكە ئېرىشىشتىن بۆلەك ئامال قالمىدى. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ۋاقىت كېرەك ئىدى، ئۇ ئولتۇرسىمۇ-قوپسىمۇ ئېسىدىن چىقمايدىغان ئۆيلەر قانۇنىي ئىگىلىرىنىڭ قولىغا كىرىپ كەتتى، ئولېگ بەكمۇ روھسىزلىنىپ كەتتى، ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەتنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئىككىنچى كۈنى ئۇ ئادەتتىكى ۋاقىت بويىچە ئىشتىن قايتتى، تېخى كەچ بولمىغانىدى، ئۇ ئىختىيارسىزلا ھېلىقى بىكار بولۇپ قالغان يېرىم كورپۇس بىناغا كىردى، ئاھالىلەر ئالدىراشلا كۆچۈپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ كۆزىگە غېرىبانە كۆرۈنۈش چېلىقتى: ئۆيلەردە ئەخلەت، ئەسلى-تۈسكى كىيىم-كېچەك، بۇزۇلغان-سۇنغان نەرسە-لەر، كېرەكتىن چىققان ئۆي جاھازلىرى دۆۋە-دۆۋە بولۇپ ياتاتتى؛ لامپۇچكىلار ئېلىپ كېتىلگەن، بەزى جايلاردىكى لامپۇچكا پاترون-لىرىمۇ كېسىۋېلىنغان؛ ئۈزچاتلارنىڭ بەزىلىرى چىقىرىۋېلىنغان، بەزىلىرى بۇزۇۋېتىلگەن؛ توك سىملىرىنىڭ فارفور قىسقۇچلىرى چۈشۈپ كەتكەن، توك سىملىرىنىڭ بەزى جايلىرى ئېچىلىپ قېلىپ، تامدىن ساڭگىلاپ چۈشكەنىدى. ئولېگ بىر ئۆيدىن يەنە بىر ئۆيگە كىرىپ يۈردى. ئۇ گېزىت، تامغا چاپلىغان قەغەز، كىتاب ۋە ژۇر-ناللارنىڭ پارچىلىرىنى شاراقلىتىپ دەسسەپ كېتىۋېتىپ، كۆچۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ھەيران قالارلىق دەرىجىدىكى بىپەرۋالىقى ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىكىنى ئويلىدى: ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئوت كېتىپ قالىدىغانلىقىغىمۇ پەرۋا قىلمىغان. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولغان، ئولېگ ۋەقەدىن بۇرۇنلا ئۆي-جاي باشقۇرۇش ئورنى بىلەن ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىگە توك ئېقىمىنىڭ بىۋاسىتە تۇتىشىدىغان يولىدىكى

خەتەرنىڭ ئاھالىلەر كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپەيگەن-لىكىنى، ھەرقانداق كۈتۈلمىگەن ۋەقەنىڭ توك سىمىنىڭ يالىڭاچلىنىپ قالغان ئۇچىغا يېقىن جايدا يۈز بېرىپ، ئوت كېتىپ قېلىش ئېھتىماللىغا تېخىمۇ يېقىن ئىكەنلىكى، دېمەك، پارتلاتقۇچ دورىدەك قۇرۇپ كەتكەن تاشلاندۇق نەرسىلەر، ئەخلەت-چاۋارلار كۆيۈپ، ئوت تۇتۇشۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى... "ئۇ چاغدا ھەممىزگە ئۆي تەقسىم قىلىنىدۇ-دە، — ئۇ ئويلاپ كېتىۋېتىپ سوغۇق كۈلۈپ قويىدى، — ئوت ئاپىتىگە دۇچار بولغانلارغا ئېتىبار بېرىدىغانلىقى جەزمەن، كىشىلەر شۇلارغا ئىچ ئاغرىتىدۇ-دە..."

ئەلۋەتتە، قائىدە بويىچە توك سىمىنىڭ يالىڭاچلىنىپ قالغانلىقىنى ئۆي-جاي باشقۇرۇش ئورنىغا دەرھال خەۋەر قىلىش كېرەك ئىدى، ئەمما ئولېگ بۇ ھەقتە ھېچنېمە قىلمىدى. بۇ ئۇنى ئوت كېتىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، ئۇ پەقەت بۇنداق ئېھتىمالدىن ۋاز كېچىشنى خالىمىغانىدى، خالاس. ئۇ بۇنىڭغا بىپەرۋالىق قىلغان ئەمەس، ئۇنىڭدا جاۋابكارلىق يوق، لېكىن ئۇ ئۆزىگە يېقىن ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى بىراقلا ھەل قىلىشى مۇمكىن، خۇددى ئەپسانىلاردىكى تەقدىرنىڭ ئوت مۆجىزىسى ئارقىلىق ھەل بولغىنىدەك. "دەرھال بىرەر داچا ئىجارىگە ئېلىش كېرەك، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى يولغا سېلىۋېتىپ، ئاندىن تەقدىرگە تەن بېرىش لازىم. ھەقىقەتەن پېشانىگە پۈتۈلگەن بولسا، ئۇ ھالدا بىزگە ئۆي تەقسىم قىلىشقا تولۇق ئىشەنچ بار: ۋەتەن ئۇرۇشىدىكى ئايال قەھرىمانىنى ھېچكىم كوچىدا قالدۇرمايدۇ، مەن ھەممە ئىشخانىلارغا كىرىپ، ھال ئېيتىشىم مۇمكىن. يەنە كېلىپ

سلەر ياخشى كۆردىغان بىر كىتاب نەشر قىلىندى...“، ئولېگ ئوت ئاپتى يۈز بېرىش خەۋپىنى بايقىغاندىن كېيىن بەك خۇشال بولۇپ، ئۆيىگە قايتتى. كېچىسى چۈشىدە ئوت ئاپىتىنى كۆرۈپتۇ، ئارقانىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تازا كۈلۈپتۇمىش.

ئۇنىڭ چۈشى ئەمەلىيەتتە كۆرۈلدى: دەل شۇ كۈنى ئىۋانىشناغا گوركى كىنو ستودىيىسىدىن تېلېفون كەلدى، تېلېفوندا ئۇنىڭدىن كىنونى ئۆزگەرتىپ تۈزۈش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشى مۇراجىئەت قىلىنغانىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا بىر مەشھۇر رېژىسسوردىن ئۇزۇن بىر پارچە خەت كەلدى، خەتتە قەھرىمانلىق توغرىسىدىكى ماھىيەتلىك كۆز قاراش بايان قىلىنغان، شۇنىڭدەك يەنە كىنو سىنارىيىسىنى ئۆزى يازماقچى بولغانلىقى، لېكىن ئاۋۋال ئاپتور بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن قەلەم تەۋرەتمەكچى بولغانلىقى ئېيتىلغان. ئانتونىنا فېدوروۋنا نېمە ئۈچۈندۇ تەشۋىشلىنىپ قالدى، ئەمما ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىچىلا خۇشال بولدى، بۇ ئىككى خىل ھېسسىياتنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى تۈپەيلىدىن، ئۇ كەچتە كۆپچىلىككە ئۆزىنىڭ ھېچنېمە قىلماقچى ئەمەسلىكىنى جاكالىدى. ئارلا بىلەن تونېچكا ئۇنىڭغا نەسىھەت بېرىۋىدى، ئولېگ چىرايىنى تۈرۈپ ئۈنچىقماي ئولتۇردى. ئىۋانىشنانىڭ بۇ قارارى ئۇنىڭغا قارىتىپ جاكالانغانىدى، شۇڭا ئۇ ئېرەنسىزلىك بىلەن چاقچاق قىلدى:

— مەن داچا ئىجارىگە ئالدىم، — ئولېگنىڭ بۇ سۆزى كۈتۈلمىگەن يەردىن چىقتى، — سىز تونە ھەدە، شەھەر سىرتىغا چىقىشىڭىز كېرەك. بۇ رېژىسسور قاچان كەلمەكچى؟

— بىلمەيمەن، — ئۇ ھەقىقەتەن بىرئاز ئوڭايسىزلىنىپ، نېمە

قىلىشنى بىلەلمەي قالدى، چۈنكى داچىغا بېرىش ئۇنىڭ خىيالىدا يوق ئىدى، — ئۇ مېنىڭ جاۋابىمنى كۈتمەكچى.

— ئۇ 5 ـ ئايدىن بۇرۇن كەلسۇن. كىنوغا ئېلىشقۇ زۆرۈر، بىراق مەن سىزنى شەھەردە يالغۇز قالدۇرمايمەن.

— سېنىڭچە، مەن ماقۇل بولۇشۇم كېرەكمۇ؟

— بۇنىسى جەزمەن، — دېدى ئۇ كەسكىن تۈردە، — سىزنىڭ قەھرىمانلىقلىرىڭىز پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا...

— دېمەيلا قوي، — ئانتونىنا فېدوروۋنا ئۇنىڭ گېپىنى كەسكىن ئۈزۈۋەتتى، — بىز بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىغان بولايلى، بولدى ئەمدى، ئىش پۈتتى.

ئۇ كۆزىدىكى مۆلدۈرلەپ چىققان ياشنى تېزرەك سۈرتۈۋېتىش ئۈچۈن ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئولېگنىڭ گېپى مىسلىسىز دەرىجىدە سوغۇق سېزىلدى، بۇ ئۇنىڭ خاتا چۈشەنچىسىمۇ ياكى پاكىت شۇنداقمۇ؟ ئېھتىمال، بۇ ئۇنىڭ ھېسسىياتىلا بولۇشى مۇمكىن، ئېھتىمال، بۇ زادىلا سوغۇق مۇئامىلە قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى كۆڭلىدە بىرەر غۇم بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بىر ئەر ـ دە، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە چۈشلۇق ئىشى بار. ئۇ ھەقىقەتەن ئانتونىنادىن ۋە ئۇنىڭ كېسىلى، دوختۇر، چاقلىق ئورۇندۇق ۋە باشقا كېسەل ئازابىدىن بىزار بول-سىچۇ؟... ئانتونىنا زادىلا چۈشىنەلمىدى، ئۇ ئولېگنىڭ سۆزىدىن نېمىنى چۈشەنەتتى؟ شۇڭا كىچىچچە كۆڭلى يېرىم بولۇپ چىقتى، ئىككىنچى كۈنى سەھەردە ئۇ رېژىسسورغا بىر پارچە خەت يېزىپ، كۆپ دېگەندە 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە كۈتۈشنى ئېيتتى.

خۇددى ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇش قىلغان ھەرقانداق ئادەمگە ئوخشاش، ئانتونىنا فېدوروۋنا ئۈچۈن ئېيتقاندا، 5 ـ ئاي ئىنتايىن



www.uyghurkitap.com

ئالاھىدە بىر ئاي ئىدى. بۇ ئايدا قۇياش ئەڭ يورۇق بولدۇ، قۇشلارنىڭ سايرىشى ئەڭ يېقىملىق بولدۇ. گۈل-چېچەكلەر ئەڭ چىرايلىق ئېچىلدۇ. ئۇ ئاللىقاچان بىرەر يىغىنغا قاتناشمايدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ھامان بۇ ئاينى ۋە ئۆزىنىڭ بايرىمىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى. دۇرۇس، ئۇنى ئۇنتۇپ قالمىغانلار يالغۇز تۆمۈرنىڭ ئەترىتىنىڭ ئەزالىرىلا ئەمەس: پېشقەدەم ھەربىي كومىسسار باشچىلىقىدا بۇرۇن بىللە ئىشلىگەن كونا يولداشلىرى (شۇ شەھەردە بىر تۇەندە بىللە ئىشلىگەن سەپداشلىرى يوق ئىدى) بىلەن ھامان بىرەر سائەت بىللە ئولتۇراتتى. ئۇلار كەلمىگەن، خېلى بۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەن چاغلاردىكى قىزغىن كەيپىياتنى ئېلىپ كەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنىلا بۇ پەيتنى بىر يىلنىڭ ئەڭ گۈزەل ئېيى دەپ ھېسابلايتتى. ئۆزىگىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئۆيدىكى كىشىلەر ئۈچۈنمۇ (ئۇ ھامان "پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر ئۈچۈن" — دەيتتى) شۇنداق سېزىلەتتى: ئۇلار غالىبىيەت بايرىمى — "9-ماي"دا ئۇلۇغ خەلق بايرىمىنى تونە ھەدە ئۈچۈن ۋە ئۆزلىرى ئۈچۈن، خۇشال-خۇرام ۋە تەنتەنە بىلەن تەبرىكلەش ئۈچۈن، گۆش نان پىشۇراتتى، سەي تەييارلايتتى، ساقلاپ قويغان مەززىلىك يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ چىقاتتى.

بىراق بۇ يىلقى بەختلىك ماي ئېيى ئۆتكەن يىللارغا ئوخشاش بولماي قالدى، ئولېگ پۈتكۈل 4-ئاينى چىرايى تۇتۇلغان ھالدا غەمكىن ئۆتكۈزدى (بولۇپمۇ ھېلىقى يېرىم كورپۇس ئۆيدىكىلەر كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن)، ھەمىشە تاغدىن گەپ سورىسا، باغدىن جاۋاب بېرىدىغان، ئارلاغا قوپال گەپ قىلىدىغان، بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلىشقا باش قاتۇرۇۋاتقاندەك، ھەمىشە قانداقتۇر بىرەر جايغا

www.uyghurkitap.com

باردىغان، كىمگىدۇر بىركىملەرگە تېلېفون بېرىدىغان، بىركىملەر بىلەن پىچىرلىشىدىغان بولۇپ قالدى. ياق، 9-ماي كۈنى، ئۇ تەبىئىيلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، ھەممە ئىش ئۆز قېلىپىغا چۈشتى. لېكىن ئانتونىنا فېدوروۋنا ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپ بولغان، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقىغان، ئۇنى چۈشەنگەنىدى، ئۇنى قىزغىن سۆيەتتى — ئۇنىڭ كۆڭلىدە بۇنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىسىمۇ. شۇڭا ئۇ ئۇنىڭ قىلمىش-ئەتمىش-لىرىنىڭ ئۇنىڭ چىن كۆڭلىدىن بولۇۋاتقانلىقى ياكى مەجبۇرىيەت ئۆتەش ئۈچۈنلا بولۇۋاتقانلىقىغا توغرا ھۆكۈم قىلالايتتى. ھەتتا ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى:

— ساڭا نېمە بولدى؟

— مەن؟ — دېدى ئۇ ئەجەبلەنگەن بولۇپ، — قارىڭا دەۋاتقان گېپىڭىزنى تونە ھەدە، مەن، خۇددى ماقال-تەمسىللەردە ئېيتىلغىنى-دەك، ھەممە تەرەپتىن ياخشى... كېلىڭ، ئىككىمىز بىللە ناخشا ئېيتايلى: "بۇ غەلىبە كۈنىدىن مىلتىق دورىسىنىڭ ھىدى چىقىپ تۇرىدۇ..."

بايرامدا پىشۇرۇلغان گۆش نان تېخى تۈگىمىگەنىدى، ئولېگ ئالدىراپ-تېنەپ داچىغا كەتتى. ئۇ ئارلاغا بۇرۇنراق رۇخسەت سوراپ، ۋالېرىكنى يەسلىدىن ئېلىپ كېلىشنى تاپىلاپ قويۇپ، ھېچنېمىنى چۈشەنمەي قالغان ئىۋانشىناغا دېدى:

— ۋەزىيەت جىددىي، شۇنداق بولماي قالمايدۇ، تونە ھەدە، مەن سىزگە كېيىن ھەممىنى چۈشەندۈرىمەن، رېزىسسورىڭىزنى كۈتەيلى، ھازىرچە تونىچكا ھالىڭىزدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرسۇن، مەن ئۇنىڭغا ئېيتتىم. ئۇ ھازىر ئىمتىھان بېرىۋاتىدۇ، ئۆيدە كىتاب

ئوقۇيدۇ.

— بولمىسا، ئۇزاققا كەتسۇن، بۇ كىنو...

— ھازىر بۇ كىنو بىز ئۇچۇن بەك زۆرۈر، — ئۇ سوغۇق كۈلۈپ قويىدى، ئۇنىڭ قىياپىتى بۇرۇنقى ھالىغا كەلدى، ئارقىدىنلا چۈشەندۈردى، — بىگى ئۆيىنى ئۇزاق كۈتۈشنىڭ ھاجىتى قالمىدى، مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا ھەل بولىدۇ. بىز بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرى. بىر ئائىلىنىڭ، تونە ھەدە، مەڭگۈ بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرى.

ئۇنىڭ گېپى شۇ قەدەر سەمىمىي ئىدىكى، ئانتونىنا فېدوروۋنا بىردىنلا ئاسمانغا چىقىپ كەتكەندەك بولدى. ھېچقاچان بەھرىمەن بولۇپ باقمىغان بەخت، مىننەتدارلىق ۋە مېھرىبانلىقنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، گېلى سىقىلىپ قالدى. ئۇ دەرھال كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، ئاستا بېرىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى. ئۇ ئەمدى پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولدى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ئەمدى ئۇلىگىنىڭ سىر ساقلىشى، ئىچ گېپىنى قىلماسلىقى ۋە بارغانسېرى سەمىمىيەتسىزلىك قىلىشى قاتارلىق غەيرىي نورمال ئىپادىسى تۈپەيلىدىن بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغان بولدى. ئۇۋانشىنا ئۆزىنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولغۇچىغا خاس بولغان ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارى ۋە قەلبى مۇھەببەت بىلەن تولغان بىر ئايالغا خاس بولغان بىۋاستە كۆزىتىش ئىقتىدارى بىلەن ھەممىنى بايقىدى، بىراق بۇ "ھەممە" دېگەن سۆز ئۇلىگقا، ئۇنىڭ غەمكىنلىكىگە، ئۇنىڭ كاجلىقىغا، ئۇنىڭ يوچۇن قىلىقىغا، سەمىمىيەتسىزلىكىگە، قايمۇقۇپ يۈرگەنلىكىگە قارىتىپ ئېيتىلغانىدى. بىراق ئۇ ھېچنېمىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرمىدى، چۈنكى، "بىز بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرى، مەڭگۈ بىر ئائىلىنىڭ

كىشىلىرى" دېگەن مەقسەتلىك ھالدا قەسەم قىلغاندەك ئېيتىلغان بۇ سۆز ئۇنىڭ قەلبىدە توختىماي ياڭرىماقتا ئىدى. تونە پەقەت ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى، ئۇنىلا كۆرەتتى، جىمغۇر، گەپ ئاڭلايدىغان، ئىمتىھاندىن ئىلگىرى ئىجتىھات بىلەن خاتىرىسىنى يادلايدىغان تونېچكا بىلەن كارى بولمايتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنى باشقۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك ئىدى، 19 ياشلىق قىزچاقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، 5-ئاي غالىبىيەت تەنتەنىلىرىدىن دېرەك بەرمەي، بەلكى كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان يېقىملىق سۆزدىن دېرەك بېرىدۇ، خۇددى پۈتۈن دۇنيادا ھەرقانداق ۋاقىتتىكى 19 ياشلىق قىزلارنىڭ ھېس قىلغىنىدەك.

خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان داچىدا ئۆتكەن كېچىدىن كېيىن، قورقۇپ كەتكەن تونېچكا خۇددى چاشقاندەك جىمىپ قالدى. ئۇ ۋاقىتتا چىقىپ، ۋاقتىدا قايتىپ كېلەتتى، كۇتۇپخانا، تىياتىرخانا ۋە مۇزېيغىلا باراتتى، يەنە كېلىپ قىزلار بىلەن بىللە باراتتى، ئۇ شۆيۋەندىكى ئىشلارنى خۇشاللىق بىلەن سۆزلەپ بېرەتتى، كېچىسى بولسا كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىرمۇنچە ئازدۇرغۇچىلار بار ئىدى، ئەمما ئۇ ھە دەپ ئۇلارنى قوغلايتتى، يەنە كېلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىناتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتلىق يولىدا "ئۇ"نىڭغا يولۇققىچە ئەنە شۇنداق قىلدى. "ئۇ" — ھەرقانداق بىرقىز ھامان يولۇقماي قالمايدىغان ئادەم، يولۇققان چاغدا بولسا پىششىق يادلىۋالغان تەرتىپ-قائىدىلەر، ئانىسى سىڭدۇرۇۋەتكەن قائىدىلەر ۋە پەس ئاۋازدا قىلىنغان تەۋسىيەلەرنىڭ قىزلارغا سالىدىغان تەھدىتلىرى تۇگەل كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى.

"ئۇ" — ھازىر ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاشنىڭ ھاجىتى قالمىدى — ئۇ

بۇ شەھەرلىك ئەمەس، پوچتا-تېلېگراف شۆبىسىدە ئوقۇيتتى، كوللېكتىپ ياتاقتا ياتاتتى، ئۇششاق-چۈششەك رېمونتچىلىق بىلەن تۇرمۇشنى قامدايتتى، بۇ يەردە ئۇنىڭ بىرەر ماكانىنى مۇستەقىل باشقۇرىدىغان تونۇشىمۇ يوق ئىدى. ئۇلار باغچىلاردا، كىنوخانىلاردا، كىشىلەرنىڭ ئەگمە ئىشىكى ئالدىدا كۆرۈشەتتى. دەسلەپكى بىرنەچچە قېتىمدا بەدەنلىرىنىڭ بىر-بىرىگە تېگىشى بىلەن نېرۋىسى غىدىقلىنىپ ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەي قالغانىدى، چۈنكى ئۇلار خالى جايدا ئۇچراشقاندا، بىرخىل قۇدرەتلىك كۈچ ھەر ئىككىسىنى بۆلۈپ تاشلايتتى، بۇ كۈچ تېخىمۇ قۇدرەتلىك بولغان ئورتاق كۈچنى ھاسىل قىلىشقا دەرھال مەجبۇرلايتتى. مۇھەببەت تونېچكىنىڭ تەقدىرىگە تۇنجى قېتىم بېسىپ كىرىپ، ئۇنىڭ قەلبىنى خىلمۇخىل گۈزەل رەڭ بىلەن بېزىدى، ئۇنىڭغا بەخت ۋە ئۈمىد، تاتلىق كۆز يېشى ۋە دۇدۇقلاش، ھەتتا ئالدامچىلىق ئۇرۇقىنى چاچتى.

— سەن ئۆيگە بۇرۇنقىدىن كېچىكىپ قايتىدىغان بولۇپ قالدىڭ، قىزچاق.

— مەن؟ بىز دەرس تەكرارلىدۇق. تانە، ئوكسانالار بىلەن بىللە. كۇتۇپخانىدا. ئەتىمۇ بارىمىز، چۈنكى ئىمتىھانغا ئاز قالدى.

يائاللا، ئەگەر ئىۋانشىنا ئولېگقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شۇ قەدەر بېرىلىپ كەتمىگەن بولسا! ئەگەر ئۇ ئولېگنى بەش مىنۇت بولسىمۇ يادىدىن چىقىرىۋېتىپ، يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن تونېچكىنىڭ كۆزلىرىنىڭ نېمە دەپ شۇرىلاۋاتقانلىقىنى قولاق سېلىپ ئاڭلىغان، ئۇنىڭ يۈزىنى قانداق كۈچەپ باشقا ياققا بۇرىۋالغانلىقىغا، بىردىنلا ھاڭ-تاڭ قالغانلىقىغا، ئىنچىكىلەپ تەكرارلايدىغان خاتىرە دەپتىرىنى ۋاراقلاشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىغا زەڭ قويۇپ نەزەر سالغان،

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ كۆپ قېتىم ھەسرەت چېكىپ "يائاللا" دېگەن ئالىسىدىن قايغۇ-ھەسرەت ھاسىل بولغانلىقىنى بىلگەن بولسا ئىدى، ياخشى بولار ئىدى...

— بۇ ئاچقۇچ، كۆردۈڭمۇ؟ ياق، ئاچقۇچ كۆردۈڭمۇ؟

— قانداق ئاچقۇچ؟ نېمە قىلىدىغان ئاچقۇچ؟

— تونېچكا، ئامرىقىم، مەن سېنىڭدىن ئۆتۈنەي. ئۆي ئىگىسى دەم ئېلىشقا كەتتى، مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە پول قىرىمەن. بۇنىڭ نەقەدەر بەختلىك ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالامسەن؟ مۇستەقىل بىر يۇرۇش ئىككى ئېغىزلىق ئۆي!

— بۇ مۇمكىن ئەمەس. بولمايدۇ! مەن ئۆيدىكىلەرگە نېمە دەيمەن؟

— تونېچكا، بۇ بىز ئۈچۈن تۇنجى قېتىم. بىرىنچى قېتىم بىللە بولۇشىمىز، بىزگە ھېچكىم كاشىلا قىلمايدۇ. كېچىچە بىللە بولىمىز، چۈشەندىڭمۇ؟

— قانداق قىلىشنى بىلمىدىم، بىلەلمەي قالدىم. بىراق مەن ئامال تاپىمەن، ئاڭلىدىڭمۇ؟ مەن جەزمەن ئامال تاپىمەن.

تونېچكا ھېچقانداق ئامال تاپالمىدى، ئۇ پەقەت بىرلا ئېغىز گەپ قىلدى ("مەن بۈگۈن ئوكسانىكىلارنىڭكىدە كېچىچە دەرس تەكرار-لايمەن...")، شۇنىڭدەك يەنە ئۇۋانىشنانىڭ ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ ئېيتىپ قويغان سۆزىنىڭ مەجبۇر قىلىشى بىلەن قىلغان ئىشى:

— بىراق سەن تېلېفون بېرىشىڭ كېرەك. ئاڭلىدىڭمۇ، قىزچاق؟ بولمىسا ئوكسانىكىغا ئۆزەم تېلېفون بېرەي.

تونېچكا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. نېمىشقا، نېمىشقا ئوكسان-كىلارنىڭكىگە بېرىش كېرەك ئىكەن؟ ئاتاشكىلارنىڭكىگە بارايلى،

ئۇ يەردە تېلېفون يوق... ئۇنىڭ كاللىسىدا شۇنداق بىر خىيال پەيدا بولدى، ماگىدىغان چاغدا، ئۇ كارىدوردىكى تېلېفوننىڭ چاتقۇچىنى ئوغرىلىقچە يۇلۇۋەتتى.

رېزىسسور مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ۋاقتىدا كېلەلمىدى، كېلىشىپ قويۇلغان ۋاقىت ھەپتىلەپ - ھەپتىلەپ كېچىكتۈرۈلدى. بۇ گېپىدە تۇرمايدىغان ۋالاقتەككۇر ئاخىر بېرىپ ئىۋانشىنانى ئۇزۇل - كېسىل بىزار قىلدى، ئۇ رېزىسسورغا تېلېفون بېرىپ، بۇرۇنقىدەك ئىستىلى بىلەن مەسىلىنى كەسكىن قويىدى: يا ئۇنداق، يا مۇنداق.

ــ 6 - چېسلا، ئەڭ كېچىككەندىمۇ 8 - چېسلا جەزمەن بارىمەن، ــ دېدى ئۇ گويا قەسەم قىلغان تەرىزدە ۋەدە بېرىپ. ــ ئەمدى "بىراق" دېگەن گەپ بولمايدۇ، ئانتونىنا فېدوروۋنا.

بۇ قېتىمقى تېلېفوننى ئۇ 2 - ئىيۇندا بەرگەنىدى، ئەمما ئۇ ئۆلىگىنى تۇيۇقسىز خۇشال قىلىمەن دەپ بۇ ئىشنى مەخپىي ساقلىغانىدى. ئۆلىگ غەم - ئەندىشە بىلەن ئاللىقانداق بىر جايدا بىرەر ئىش بىلەن ئالدىراپ يۈرسە كېرەك، ئۇنىڭدىن تەپسىلىي سورىمىدى، 4 - چېسلا كۈنى ئۇشتۇمتۇتلا ئۇنىڭغا دەرھال داچىغا بېرىشنى ئۇقتۇرۇپ، سېنىڭ بۇ يەردە يالغۇز قېلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، تونۇچكىدىن ھېچقانداق چاتاق چىقمايدۇ، ئۇ يەردە ئارلاغا ۋالېركىنى باشقۇرۇش ھەرەج كېلىدۇ، يەنە كېلىپ ھاۋا بەك ياخشى، دېدى.

ــ تونۇچكا نەرسە - كېرەكلىرىڭنى يىغىشتۇرۇپ قويسۇن، مەن ئەتە سېنى بىللە ئېلىپ كېتىمەن...

ــ 7 - چېسلا ماگىمىز، ــ ئانتونىنا فېدوروۋنا ئىختىيارسىز كۈلدى، ــ 7 - چېسلادىن بۇرۇن قانداقلا بولمىسۇن ماگالمايمەن، ئۆلېركا، زادىلا مۇمكىن ئەمەس.

www.uyghurkitap.com

ئۆلېگ بىردىنلا ئالدىراپ-تېنەپ سۆزلەپ، ئۇنىڭغا يالۋۇردى، ھەتتا ئۆزىنى باسالماي ۋارقىراپ سالدى، ئەمما بۇ ئانتونىناغا گويا مۇزىكىدەك سېزىلدى. ئۇ تەبەسسۇم بىلەن كۈلدى.

— مەن سىزنى بۇ يەردە يالغۇز تاشلىيالمايمەن، تونە ھەدە، سىز بۇنى چۈشەنسىڭىزچۇ. بولدى ئەمدى، تېرىكمەڭ!

ئۇ ھەرقانچە يالۋۇرۇپ، قاتتىق ۋارقىرىسىمۇ، چېچىلسىمۇ ۋە تېرىكسىمۇ، ئانتونىنا فېدوروۋنا كاجلىق قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇ ئۆلېگنى راسا تېرىكتۈرەي، ئوغلىنى قاينىستايكى، مەن بىلەن سوقۇشسۇن، مېنى جاھىل دەپ تىللاپ ئاندىن كېتىۋەرسۇن، خۇددى ئوغۇل بالىدەك ئىشىكنى جاققىدە يېپىپ چىقىپ كەتسۇن، كېيىنچۇ... كېيىن، ئارىدىن ئىككى-ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، ئۇ ئىچى پۇشۇق، خاپا ھالدا مېنى ئالغىلى كېلىپ، مېنى قۇچاقلىغان چاغدا، ئۆلېگقا بوش ئاۋاز بىلەن: "ھەممىنى تەق قىلىپ قويدۇم، ئۆلېۋكا، ئەمدى كۆچۈپ كېتەيلى، مەن نۇرغۇن پۇل تاپتىم..." دەي دېگەن ئويدا بولدى. ئەنە شۇ بىردەملىك خۇشاللىق ئۈچۈن — ئۇ چاغدا ئۇنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ، ئانتونىنا فېدوروۋنا شۇ ئاخشىمى ئەنە شۇ سەۋەبتىن نەسھەتكە كىرمىگەندى.

— زادى نېمە ئۈچۈن، سەن نېمىشقا بۇنچىۋالا قىلىسەن؟ نېمە دەپ تونېپچكىدىن غەم قىلىسەن؟ ئۇ دېگەن بىر مەزمۇت چىشى موزاي...

— مەن دەل ئەنە شۇ موزايدىن غەم قىلىمەن. سىز، مەن ۋە ئۇلار — بىز ئىناق بىر ئائىلە كىشىلىرىغۇ؟

ئۆلېگ راستىنلا ئىشىكنى قاتتىق ياپتى، ئۇنىڭ سەۋر-تاقىتى تۈگىگەندى، ئۇنىڭغا نەسھەت قىلىپ قىلمىغان گېپى قالمىغانىدى،

شۇنىڭ بىلەن ئىۋانىشىنا ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كۈلۈپ كەتتى. راست، ئۇنىڭ تۈزۈككىلا ئائىلىسى بار-دە: ئائىلىدىكىلەر ھەم يىلىنىدۇ، ھەم سوقۇشىدۇ، ھەم تەبەسسۇم قىلىدۇ، ھەم ئىشىكنى قاتتىق ياپىدۇ، ھەم بىر-بىرىگە كۆيۈنىدۇ، ھەم بىر-بىرىگە ئاچ-چىقلايدۇ. مانا بۇ دەل جايىدا بولغىنى، بۇ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ سوغۇق تەكەللۇپ بىلەن ئەمەس، بەلكى قىزغىن مېھرىبانلىق بىلەن قامدىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ھەي، مەسىلە پۈتۈنلەي چاشقانلاردىن چىقتى. ئاشۇ بىر توپ چاشقاننىڭ كاساپىتىدىن بولدى، ئۇلار يا باشقا جايدىن بۇ يېرىم كورپۇس بوش ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەن، يا شۇ يەردە باللاپ كۆپەيگەن. چاشقانلار ئەسكى-تۈسكى نەرسىلەر دۆۋىسىدە شاپۇر-شۇپۇر قىلىشىدۇ، ئۆيلەردە ئۇ ياقتىن بۇ ياققا چېپىشىدۇ، ھەممە نەرسىنى غاجاپ قويىدۇ، ئولېگ توك سىمى تەكشۈرگىلى كىرىپ ھەيران قالدى. ئەمەلىيەتتە ئوت قويغۇچىلار دەل شۇلار ئىكەن-دە، كۈلرەڭ جانىۋارلارنىڭ ھەرقاندىقى توك سىملىرىنىڭ تاشقى پوستىنى غاجاپ توك يولىنى تۇتاشتۇرۇپ قويىدۇ-دە، بۇنىڭ بىلەن... ئۇ يەنە ھېچكىمگە دېمىدى: چاشقان دېگەن چاشقان، تەقدىرگە تەن بېرىپ، مەيلىگە قويۇپ بېرىش كېرەك. لېكىن چاشقانلار، ساڭگىلاپ تۇرغان توك سىملىرى، ئەخلەت ۋە قۇرۇق نەرسىلەر، كونا ياغاچ ئۆي، ئادەم ئولتۇرمىغان ھېلىقى يېرىم كورپۇس ئۆي ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمەيتتى. ئۇ مۇشۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، قەلبىدىكى ۋەھىمىنى زورىغا بېسىپ، ئىۋانشىناغا ھېلىقى ئۆزى ئالدىراپ-تېنەپ ئىجارىگە ئالغان داچىغا كۆچۈپ بېرىشقا ئەسەبىيلەرچە يالۋۇردى.

ئۇ 6-چېسلا ئىشتىن چۈشۈپلا توغرىدىن-توغرا بېرىپ، ئۇنىڭغا

ئارلانىڭ باللارنى يالغۇز باشقۇرۇپ بولالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ دەرھال شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىشىنى ئۆتۈندى. ئانتونىنا فېدوروۋنا چەكسىز بەختكە يەنە بىر قېتىم مەھلىيا بولۇپ كەتكەندى. ئولېگ ئۇنى ھە دېگەندىلا گەپكە كىرگۈزگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ: "خوپ، ئەتە بىر گەپ بولار" دېدى-دە، ئۇنىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ كېتىپ قالدى. ئۇ ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان بۇ بەختتىن ھۇزۇرلىنىۋاتقان بىر چاغدا، ئولېگ ئاشخانىدا چۆچۈپ كەتكەن تونىچكىغا پەس ئاۋازدا يولىيورۇق بېرىۋاتاتتى:

— بىر قەدەممۇ نېرى كەتمە! ھېچيەرگە بارما! قانداقلا بولمىسۇن ئۆيدىن چىقما! بىر مىنۇتمۇ ئايرىلما! ئۇقتۇڭمۇ؟ مەن ئەتە سەھەر ئۇنى ئالغىلى كېلىمەن. كەتمىسىمۇ كېتىدۇ.

— شۇنداق، ئەلۋەتتە شۇنداق، ھەئە، جەزمەن. شۇنداق ئەمەسمۇ، چاتاق يوق، — دېدى تونىچكا رازىلىق بىلدۈرۈپ، ئۇ كۆڭلىدە بۇ غەمگۈزار قوشنىمىز "ئۇ" توغرۇلۇق بىرەر خەۋەر ئاڭلىغانمىدۇ؟ ھېلىقى ئىككى ئېغىزلىق بوش ئۆي ۋە ئىككىسىنىڭ شېرىن كېچىلىكى ھەققىدە بىرەر ئەھۋال ئۇققانمىدۇ؟ دەپ ئويلاپ بەك قورقتى.

بېلىياكوۋ كەينىگە بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى، تونىچكا ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ، مەن بۇگۈن ئوكسانىكىلارنىڭكىگە بېرىپ قونىمەن، دەپ ئۆزىچە غودۇرىغان پېتى ئانتونىنا فېدوروۋناغا ئورۇن راسلاپ قويۇپ، تېلېفوننى كارىۋاتنىڭ چېتىگە قويۇپ قويدى. تونە ھەدە ئوكسانىكىلارنىڭكىگە تېلېفون بېرەلمىسۇن دەپ، چىقىپ كېتىدىغان چاغدا تېلېفون سىمىنىڭ چاتقۇچىنى چىقىرىۋەتتى. بۇ كەچ سائەت سەككىز بولغان ۋاقىت ئىدى. ئولېگ داچىغا كەتتى، تونىچكا

قېچىپ كەتتى، كىچىچە قايتىپ كەلمىدى، ئانتوننا فېدوروۋنا ئۆيدە يالغۇز قالدى.

تونېچكىدىن تاڭ ئاتقۇچە تېلېفون كەلمىدى، بىراق ئانتوننا فېدوروۋنا ئانچە ئەندىشە قىلمىدى، چۈنكى ئۇ قىز بالىلارنىڭ نەزىرىدە تېلېفوننى قاچانلا بەرسە كىچىككەن ھېسابلانمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۆزىنىڭ ئويى ۋە تۇرمۇش تۈزۈمى بويىچە، ئۇخلايدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى، تېلېفون بولسا يېنىدىلا تۇرۇپتۇ، ئۇخلاپ قالغان تەقدىردىمۇ تېلېفوننىڭ قوڭغۇرىقى ئاڭلىنىۋېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئورۇندۇقنى غىلدىرلىتىپ كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ، تېخى ماغدۇرىدىن كەتمىگەن ئىككى قولىغا تايىنىپ تۇرۇپ، ئاغرىقچان گەۋدىسىنى قوزغاپ، ئۆزىنى ئورۇندۇقتىن ھەل بېرىلگەن سىم كارىۋاتقا ئالدى، كارىۋات پورژىنىسىنىڭ دىرىلداپ قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى، بۇ كارىۋاتنىڭ ئۇنىڭغا بېرىلگەنلىك ھۆججىتى خېلى بۇرۇنلا ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغاندى. ئېھتىمال 1948-يىلى بولسا كېرەك...

ئۇ كارپوۋنىڭ «باش قوماندان» دېگەن ئەسىرىنى ئوقۇۋاتاتتى — ئۇ ئۇرۇش توغرىسىدىكى كىتابلارنى، بولۇپمۇ ھەربىي تېمىدىكى ھەقىقىي ئەھۋال يېزىلغان نەسرىي ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ياخشى كۆرەتتى، بىراق ئۇ پات-پاتلا توختىتىپ قوياتتى، چۈنكى ئۇنىڭ بۈگۈن پىكىر-خىيالى چېچىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ مۇنۇلارنى ئويلىدى: دۇنيا نە قەدەر غەلىتە يوسۇندا ئەر ۋە ئايال دېگەن ئىككى ئاملغا بۆلۈنگەن-ھە؟ مۇشۇ ئىككى ئامىل بىرلەشكەندىلا بەختكە ئېرىشىشنىڭ ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ، يەنە كېلىپ مەسىلە بالا تېپىشتا ئەمەس — بۇ نەتىجە، ئاقىۋەت، يەكۈن بولۇپ، ئاخىرقى مەقسەت ئەمەس.

ياق، ئۇنداق ئەمەس، مەقسەت باشقا. مەقسەت — ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش، ئەپلىك ئۇسۇل ئارقىلىق ئەر بىلەن ئايالنىڭ كۈچىنى ئۇن ھەسسە ئاشۇرۇش، ئەلۋەتتە، ئۇلار بىر-بىرىنى سۆيسە. ئەمەلىيەتتە، ئېھتىمال، بۇمۇ ئاساسلىق تەرەپ ئەمەستۇ. ئۇنىڭغا 100 ئەسكەرگە باشچىلىق قىلىش ئەرلەرگە قارىغاندا تەس ئەمەس، ئۇ دەل ئايال بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەرلەر ئۇنىڭ يېنىدا تېخىمۇ گۈزەل بولۇپ قالغان، بۇ ئۇنىڭ ياخشى كۆرۈشكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەس (گەرچە بۇنىڭدا مۇشۇنداق ئامىل بولسىمۇ. مەسىلەن، يېفرېيتيور ۋاسە شىلىپىدا ئۇنىڭ لېيەندۋيېنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر جەڭچىسى بولۇپ قالغان، ئۇ ئارىلىقتىكى رايوندا ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئوقى تېگىپ ئۆلگەن، قۇربان بولغان چاغدا جۇڭشى ئىدى)، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى، ئاۋازى، سايىسى، قەدىمى بىلەن، يەنى ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە ئالدىنقى سەپ تۇرمۇشىدا ئۇلار بىلەن بىللە بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئېسىل پەزىلىتىنى جارى قىلدۇرغانلىقى ئۈچۈن ئىدى. ئۇمۇ ئۇلارنىڭ تەسىرىنى سەزگەن، ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كەتكەنىدى...

ئالدىرىماي تۇر، ئانتونىنا، سەن كۈچۈڭنى ئىشقا سالدىڭ، ھەقىقەتەن شۇنداق، ئەمما "تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كەتتى" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ سەن بۇرۇنقىدىنمۇ قوپال، قاتتىق، چىڭ، ئۆز بېشىمچى، كاج بولۇپ كەتتىڭ. بۇلار ئاياللارنىڭ ئارتۇقچىلىقىمىكەن؟ ناتايىن. ئاياللار مۇلايىم، نازۇك، لىرىك كېلىدۇ. لېكىن بۇ خىسلەتلەر ھەر كۈنى، ھەر سائەتتە قەلبىڭدە ساقلىنىدىغان پەزىلەتلەر. ئۇرۇش ئەرلەرنىڭ ئىشى. ئۇرۇش سېنىڭدىكى ئەرلىك ئالامەتلىرىنى قېزىپ چىقىرىدۇ، سېنىڭ ئاياللىق ئالامەتلىرىڭنى

مەھكەم يوشۇرۇپ قويىدۇ. ياق، ئەلۋەتتە، ھەممىلا ئادەم شۇنداق بولۇۋەرمەيدۇ. بۇنىڭ تىبىي خادىملار بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، ئۇ يەردە دەل باشقا نەرسىلەر ئېتىبارلىنىدۇ، ئاياللارغا خاس بولغان ياخشى كۆڭۈللۈك، مېھرىبان بولۇش پەزىلىتى تەكىتلىنىدۇ. ئەمما سەن ئۆزەڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولمىساڭ، ھېسداشلىقتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردە ئەرلىك قانۇنى ئىنسانلار مەۋجۇت بولغاندىن تارتىپ پەيدا بولغان قەدىمكى قانۇن: ئادەم ئۆلتۈرۈش ياكى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈش قانۇنى رول ئوينايدۇ. ھەممە ھەقىقەت مانا شۇ، ئەتراپتىكى ھەممە ئىش مۇشۇ قانۇننى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھەممە ئىش قەتئىيەت-لىك بىلەن بولىدۇ. قوپاللىق، قاتتىقلىق، ئىرادە، كەسكىنلىك، گومبۇرلىگەن، ۋارقىرىغان ئاۋاز، مىلتىق-زەمبىرەك ئاۋازى، ئىس-تۈتۈن ھۆكۈم سۈرگەن بولىدۇ.

ئىس-تۈتۈن؟ بەلكىم، خاتا تۇيغۇدۇ؟ بەلكىم، بۇ ئەسلەش ئارقىسىدا كېلىپ چىققان خىيالىي تۇيغۇ بولۇشى مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئىس يوق.

ئەمما ئىس ھەقىقەتەن بار ئىدى. ئادەمنىڭ گېلى، بۇرنى قىچىشاتتى، كۆزمۇ بىر ئاز ئېچىشاتتى. ئانتونىنا فېدوروۋنا ئورنىدىن تۇرۇپ، ھوشيارلىق بىلەن زەڭ قويۇپ كۆزەتتى. ئۆينىڭ تۇرۇس-دىكى چىراغ ئۆچۈپ، پەقەت كارىدۋاتنىڭ بېشىدىكى چىراغلا يېنىق تۇراتتى، ئۇ قاپقاراڭغۇ بۇلۇڭدا نېمە ئىش بولغانلىقىغا قاراپ باقماقچى بولغانىدى، ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. ئۇ ئىككى كۆزىنى چەكچەيتىپ قاراپ تۇرۇپ قالدى، شۇ چاغدا ئۇ ئۆيگە ئىس كىرگەنلىكىنى سەزدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېچنېمىنى كۆرمىگەن

بولسمۇ، لېكىن كۆڭلىدە چۈشەندى، ئىس ھېلىقى ئادەم ئولتۇرىغان يېرىم كورپۇس ئۆيىدىن كىرىپتۇ. "ئوت كېتىپتۇ، — دېدى ئۇ ئۆز ئۆزىگە، — ھولۇقما، ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى ھازىر كېلىدۇ. ئۇلار كەلگۈچە ئوكساناغا تېلېفون بېرەي، تونېچكىمۇ بار تېخى..."

تېلېفوندىن ئاۋاز چىقمىدى. ئانتوننا فېدوروۋنا بىر ئۇرۇپ قويۇپ، تېلېفون تۇرۇپكىسىنىڭ قۇلاققا تۇتىدىغان يېرىنى چىڭ باستى، ئۇنى لىڭشتىپمۇ كۆردى، لېكىن تېلېفوندىن ئازراقمۇ ئاۋاز چىقمىدى، ۋىڭىلدىغان ئاۋازمۇ، تىت-تىت قىلىغان ئاۋازمۇ ئاڭلانمىدى. شۇ ئەسنادا، ئۇ ئۈمىدسىزلەندى، لېكىن ئۈمىدسىزلىك ھېسسىياتىنى زورىغا باستى: "مۇھىمى ھودۇقماسلىق، ھودۇقماسلىق..." ئۇ مىڭ تەسلىكتە ئېگىشىپ، ئۈيۈشۈپ قالغان پۇتلىرىنى كارىۋاتتىن يۆتكەپ، ئاندىن چاقلىق ئورۇندۇقنى تۇتۇپ تۇرۇپ دېرىزە تۈۋىگە بېرىپ، ئەينەكنى چېقىۋېتىپ، ياردەمگە ئادەم چاقىرماقچى بولدى. ئۇ چىشىنى چىشلەپ، سىم كارىۋاتتا ھەر-قانچە قوزغىلىپ باققان بولسىمۇ، ئىككى پۇتى قىلچىمۇ قىمىرلىمىدى، شۇنداق قىلىپ، كارىۋاتنىڭ چېتىگە بارالمىدى، ئاندىن...

ياق، بۇنىڭ بىلەن ھېچنېمە قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ دۈمبىسى گويا ئۆزىنىڭ ئەمەستەك، بىرلا تەرەپكە قىڭغىياتتى. چاقلىق ئورۇن-دۇققا قولى يەتكەن بولسا ئىدى، ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇپ گەۋدىسىنى قوزغاپ، ئاندىن نەس باسقان ئىككى پۇتىنى قوزغاپ... ئۇ گەۋدى-سىنى قوزغىغانىدى، قولى چاقلىق ئورۇندۇققا تەگكەندەك بولدى، ئۇ ئۈيۈشۈپ قالغان بېلىنى كۈچەپ قوزغىغانىدى، ئالدىغا بىر-ئاز قوزغالغاندەك بولدىيۇ، بىراق چىڭ تۇرالماي قالدى. بىر قولى ئورۇندۇققا تېگىشىدى، قىلچىمۇ ئاۋازى يوق، ئوبدان تەگشەلگەن،

كۆڭۈل قويۇپ مايلانغان چاقىلىق ئورۇندۇق يېنىككىنە قوزغىلىپ، كارىۋاتتىن يېرىم مېتر نېرىغا — ئۇنىڭ قولى يەتمەيدىغان جايغا كېتىپ قالدى.

— ۋاي ئادەم بارمۇ! تېز كېلىڭلار! ئوت كەتتى!...

ئۇ كۈچىنىڭ بېرىچە ۋارقىرىغان بولسىمۇ، ئىككىلا ئېغىز سۆزنى دېيەلىدى-دە، يەنە ئۆزىنىڭ كونا ئادىتى بويىچە دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. هويلا تەرەپكە قارايدىغان دېرىزە ئېتىكلىك بولۇپ، ئۇ قىز دوستىنىڭكىگە بېرىشقا ئالدىراۋاتقان تونېچكىغا ئەتكۈزۈپ قويغانىدى، ئېھتىمال پاشا كىرىۋېلىشتىن ئەنسىرىگەنىدۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنىدۇ، ياكى بولمىسا، شامال كىرىشتىن ئەنسىرىگەنىدۇ! ئەمدىلىكتە ئىس ئۇنىڭ گېلىنى ۋە كۆزىنى ئېچىشتۇرغىلى تۇردى، ئوت تۇتىشىپ كىرەي دەپ قالدى، پاشا، شامال دېگەن نېمە قىلسۇن؟ بۇ ئىشلار نە قەدەر تېتىقسىزلىق-ھە؟ تەمكىن بول، ئانتونىنا، ئۆزەڭنى تۇتۇۋېلىپ ئويدانراق ئويلا، ھازىر يەنە ۋاقىت بار.

بارلىق ئالامەتلەردىن يان تەرەپتىكى ھېلىقى بوش ئۆيگە ئوت كەتكەنلىكى بىلىنەتتى. بۇ بىرمۇنچە ئىسنىڭ تامدىن ئۆتۈپ كىرگىنىگە قارىغاندا، ئوت ئانچە كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. ئەگەر تامنىڭ ئۆزىگە ئوت تۇتاشقان بولسىچۇ؟ ئۇ ھالدا تېزلا تامدىن ئوت يورۇقى كۆرۈنگەن بولاتتى، دېرىزە پەردىسى، كىتاب جازىسى، بەش تارتمىلىق كونا ئىشكاپقا تېزلا ئوت كەتكەن بولاتتى... بۇ ئۇنىڭ بىرىنچى ئۆي جاھازى، ھەربىي كومىتېت ئۇنىڭغا يېزىپ بەرگەن ھۆججەت بىلەن ئالغان ئىشكاپ ئىدى. بۇ ئىشكاپ نەدىن كەلگەن، بۇرۇن كىمنىڭ ئىدى، بۇ قەدىمكى ئىشكاپقا كىم كىيىم سالغان، كىمنىڭ ئائىلە ئالبومى ۋە ئىشقى-مۇھەببەت خېتى

سىلىنغان؟ بۇلارنى ئۇيلىمايلا قوي، زېھنىڭنى چاچما، مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا باش قاتۇرما، بىر مىنۇت ۋاقتىڭنىمۇ بىكاردىن بىكار ئىسراپ قىلما. خوپ، كارپوۋ، ئالدىنقى سەپتىكى ھەمشىرىلىرىڭنى قۇتۇلدۇرغىن...

ئۇ «باش قوماندان»نىڭ ئىككىنچى قىسمى بېسىلغان «يېڭى دۇنيا» ژۇرنىلىنى يېنىچە يېتىپ تۇرۇپ، قولىنى سوزۇپ، خۇددى قول بومبىسى ئاتقاندەك دېرىزىگە قارىتىپ ئاتتى. ئۇ يېڭى تۈزۈلگەن قوشۇندىكى يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك قورقۇپ كەتكەن ياش يىگىتلەرگە "يېتىپ تۇرۇپ" قول بومبىسى ئېتىشنى ئۆگەتكەندى. «يېڭى دۇنيا» ژۇرنىلى نورمال ئۇچۇپ بېرىپ، ئەينەككە تەگمەي، دېرىزىنىڭ رامىغا تېگىپ ئاندىن يەرگە چۈشتى.

ئۇ تۇۋلاپ (قورقۇپ ئەمەس، ئاچچىقلاپ) تىللىدى، خۇددى بۇرۇنقى بىر قېتىملىق ئىس-تۈتەك ۋە توپ-زەمبىرەك ئاۋازى قاپلاپ كەتكەن چاغدىكىدەك تىللىدى. ئاياللىنىڭ تىللىشى ئۇيات ئىشمۇ؟ شۇنداق، تولىمۇ ئۇيات ئىش، سىلەر ئۇ يەردە مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، غەزەپلەنگەن چاغدا تىللىماسلىقىڭلار مۇمكىنمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە، تىللىمايدىغانلارمۇ بار، ئاڭلىشىمىزچە، روكوسسوۋسكى① ھېچقاچان ئادەم تىللاشقا رۇخسەت قىلمىغانىكەن. ئەمما ئۇ، 20 ياشلىق جۇڭۋېي تونىكا ئىۋانىشنا تېز

---

① روكوسسوۋسكى (1896 — 1968) پولشىنىڭ مارشالى، پولشا خەلق جۇمھۇرىيىتى مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بولغان. 41 — 45 ـ يىللىدىكى ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا جۇنتۇەنگە ۋە ھەرقايسى سەپلەردىكى قوشۇنلارغا قوماندانلىق قىلغان.

پۈتتۈرىدىغان ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن پەيجاڭ بولغان، بىرىنچى قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتكەندە تىللىنىدى. چۈنكى ۋەھىمىگە، ئامالسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. شۇنىڭ ئۈستىگە، ھەممىنى سەمىمىيەتلىك بىلەن ئېيتقاندا ئىشتىنىغا سىيىۋەتكەن، سۇيدۈك ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا ئېقىپ چۈشۈپ، ماڭسا شىلىقلىغان ئاۋاز چىققانىدى. كىنودا ئاياللار يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوق ئىچىدە يۈگۈرسە، بەك چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئۇ يەردە كېلىۋاتقان ئوق راست ئوق، سەن 19 كىشىلىك ـــ ئەستە قېلىشىچە، ھەممىسى يىگىتلەر ئىدى ـــ بىر پەيىنىڭ ئالدىدا قاچىدىغان بولساڭ، ئۇ ھالدا يىغلىشىڭ، جېنىڭنىڭ بىرىچە ۋارقىرىشىڭ، ھايات قالمايدىغان بولىدۇم ئانا دەپ ۋارقىرىشىڭ كېرەك. بۇ ئەھۋالنىڭ ھەممىسى بولىدۇ، كۆرستىلگەن جېنىدىغا بارغۇچە يىقىلىپ چۈشمىسەڭلا بولدى. يەنە، جەڭچىلىرىڭ سېنى يەرگە قارىتىپ قويمىسىلا، يىقىلىپ قالمىسىلا بولدى. "ھۇررا، ۋەتەن ئۈچۈن، ستالىن ئۈچۈن! ھۇررا، ئاناڭنى..."

ئۇ يىقىلمىغانىدى.

ئانتونىنا فېدوروۋنا يۆتىلىپ بىئارام بولغىلى تۇردى، تۇرۇلۇپ-تۇرۇلۇپ كىرگەن ئىسىنىڭ دەستىدىن نەپەس ئالالماي قالدى، كۆزلىرىدىن ياش ئاققىلى تۇردى. قانداق كۆز يېشى بۇ، تونىكا، نەدىن كەلگەن ياش؟ ئىسىنىڭ كۆزۈڭنى ئېچىشتۇرۇشى ئۆتمۈشنى ئەسلىگەنلىكتىن بولغانمىدۇ؟... راست، راست، بىرىنچى قېتىملىق جەڭنى ئەسلىگەنلىكتىن بولغان. ئۇ لېيەنجاڭ بەلگىلىگەن جايغا يېتىپ بارغان، جەڭچىلىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ توققۇزى قالغان. 300 مېتىر يەرگە يۈگۈرۈپ بارغۇچە ئون كىشى قۇربان

بولغان. ئۇ بىرىنچى قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتكەندە سۈيدۈكنىڭ پۇچقىدىن ئېقىپ ئۆتۈكنىڭ قونچىغا چۈشكەنلىكىنى باشقىلار بىلىپ قالمىسۇن دەپ، قەستەن كۆلچەككە يىقىلىپ چۈشكەن...

ئەجەبا، ئادەمنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرىدىغان بولدى-دە! ياق، ئۇنداق ئىش يوق! ھودۇقما، تونە، يەنە دېرىزىنىڭ ئەينىكىگە ئاتالماي قالمىغىن...

ئانتونىنا فېدوروۋنا توك سىمىنى توك چاتقۇچىدىن چىقىرىپ، ئۈستەل چىرىقىغا يۆگەپ قويۇپ، ئاندىن قولىنى سوزۇپ سۆڭگىچىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئاتتى. ئەينەك جاراڭلاپ سۇنۇپ، ئەينەك پارچىلىرى يەرگە چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن ئىس دېرىزىنىڭ چېقىلغان يېرىدىن چىقىپ كەتتى، ئاندىن كېيىن 6-ئاينىڭ خىرە كېچىسىدە ئىسمۇ تارقاپ تۈگىگەندەك بولدى. نەپەس دەرھال سىقىلمايدىغان، بايىقىدەك قاتتىق يۆتەل قىستىمايدىغان بولدى... بۇ چاغدا ئىس چىقىپ كەتتى، ئۇۋانىسنا كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى چاقلىق ئورۇندۇقنى، بەش تارتمىلىق ئىشكاپنى، كىتاب جازىسىنى كۆرەلىدى. ئوتنىمۇ كۆردى. بىرمۇنچە جايلاردىن ئوت كېلىپ، كىتاب جازىسىغا، ئىشكاپقا ۋە كىتابلارغا تەھدىت سېلىۋاتاتتى. بەزى نەرسىلەر چاراسلاپ يېرىلدى، بەزىلىرىگە ئوت تۇتاشتى، بەزى نەرسىلەر خىرە كۆيۈشكە باشلىدى، لېكىن ئوتنىڭ ئۇنىڭغا يېقىنلىششىغا يەنە بىرنەچچە قەدەم قالغاندا، تۆت قەدەم، ئۇ بۇنىڭدىن ئاتلاپ ئۆتەلمەيتتى، ئوت ئۇنىڭ ئورنىدا ھالقىپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

ژېندې① ئوتتا كۆيۈپ ئۆلگەن. فرانسىيە ئۈچۈن ۋە پادىشاھ

① ژېندې (تەخمىنەن 1412 — 1431) 100 يىللىق ئۇرۇش مەزگىلىدە فرانسىيە خەلقىنىڭ ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۆرىشىگە رەھ-

ئۇچۇن ئۆلگەن. ئەمما ئۇنىڭ مەقستى نېمە؟ ئۇ ژىنىدي ئەمەس، ئۇ — رۇس ئايال، ئۇ 20 ياشقا كرگىچە ئەركىشى بىلەن يېقىنلشىپ باقمىغان تۇرۇقلۇق بىر پەي ئەسكەرنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن. كۆردىڭمۇ، پەيجاڭ، ئېگىزلىكنىڭ ئاستىدىكى چاتقالنى؟ شۇ يەرگە يېتىپ بارمىغۇچە ياتمىغىن، ئەسكەرلەرنىمۇ ياتقۇزمىغىن، چۈشەندىڭمۇ؟ ئۇ يەر خىلۋەت بۇلۇڭ، ئالۋاستىلار ئاتالمايدۇ، شۇ يەرگە بارغاندا بىرئاز ئارام تېپىپ قالىسەن، ھەتتا كرىست بەلگىسىدىن بىشارەت بېرىپ، ھايات قالغانلىقىڭنى تەبرىكلىشىڭمۇ مۇمكىن.

ليەنجاڭ ئەنە شۇنداق تاپىلىغان، ئۇمۇ دېگەن يەرگە يېتىپ بارغانىدى. دۇرۇس، ئىشتىنىغا سىيىۋەتكەن، بۇمۇ توغرا بولغىنى. ئۇ يەردە بىرئاز ئارام ئېلىۋالدى، يىڭجاڭ بىرئاز ئادەم تولۇقلاپ بەردى، ئاندىن "ھۇررا!" دەپ كارنىيى بوغۇلغۇچە توۋلىغان پېتى ئېگىزلىككە يېتىپ چىققان، ئۇ يەردە، ئېگىزلىكتە بىرىنچى دۈشمەننى ئۆلتۈرگەن، بىر ئالۋاستى بىردىنلا ئاكوپتىن سەكرەپ چىقىپ ئۇدۇل بېرىپ ئۇنىڭغا ئېتىلغاندا، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن، ئارقىمۇئارقا بەش پاي ئوق ئاتقان، شۇ چاغدىكى ئەھۋال ئېنىق ئېسىدە: ھېلىقى نەس باسقان نېمىس ئالۋاستىنىڭ تورپىدەك تاتىرىپ كەتكەن يۈزىدىن قان ئېقىپ يەرگە يىقىلغان، جان تالاشقان ۋە دۈمچەيگەن پېتى بوغۇق ئاۋازدا ۋارقىرىغانىدى. ئۇ بولسا كۆزىنى چەكچەيتىپ تىكىلىپ قاراپ تۇرغان، شۇ پەيتتە ليەنجاڭ: "سەن تېخى ھاياتمۇ، تونكا!" دەپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ

---

بەرلىك قىلغان فرانسىيە خەلقىنىڭ ئايال قەھرىمانى، ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن 1431 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى جازا تۈۋرۈكىگە باغلاپ كۆيدۈرۈلگەن.

سۆيگەنىدى، دۇنيادىكى ئادەملەر ھەرقانداق بىر مەشۇقىنى سۆيىسمۇ، بۇنداق قىزغىن سۆيمىگەن بولاتتى. ليەنجاڭنىڭ يۈز-كۆزى ساپلا ياش ئىدى. شۇ چاغدا ئانتوننىنا فېدوروۋنادىن سېسىق پۇراق، لاي ۋە مىلتىق دورىسىنىڭ ھىدى چىقىپ تۇراتتى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭدىن قورقۇش ئالامىتى بىلىنىپ تۇراتتى...ئەمما ليەنجاڭ ھەممىنى بىلگەن ۋە ھەممىنى چۈشەنگەنىدى. ليەنجاڭ زېرەك، جەسۇر، ھەممىنى بىلىدىغان ئادەم ئىدى، ئۇ ئانتوننىنانى قۇچاقلاپ تۇرۇپ: ”ئەسكەرلەر ساڭا دىققەت قىلماسلىقى ئۈچۈن، ئەتە ئەتىگەن مەن ساڭا بىر شىم بېرەي...“ دېگەنىدى. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە، ئانتوننىنانىڭ ئاشۇ تۇنجى ليەنجىگى يارىلاندى، يارىسى ئېغىر ئىدى، يەنى ساقاي-ماس يارا ئىدى، جۇڭشياۋ زوتوۋ ئۇنىڭغا ليەنداۋيگە باشچىلىق قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. ئۇ ئەدەب-قائىدە بىلەن قوبۇل قىلدى، كېيىن بىر كېچە ھۆكرەپ يىغلىدى. يىڭجاڭ بىلەن ۋە يەنە مۇشۇ ليەن بىلەن بىللە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن جۇڭۋېي بىلەن ھاراق ئىچتى، ئاندىن قاتتىق يىغلىدى. ھېلىقى يىڭجاڭ يېشى چوڭراق بولۇپ، زاپاس دۇيىدىن كەلگەن، 30 ياشتىن ئاشقان ئادەم ئىدى، ئۇ ئانتوننىنانىڭ بېشىنى سىيلىغان پېتى: ”سەن بۇرۇنراق يېنىك يارىدار بولغىنىڭ تۈزۈك ئىدى“دېدى.

يائاللا، كىتابلار بەكمۇ قالتىس كۆيۈۋاتىدىغۇ! گويا ئوت بۇ كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ بولۇشتىن ئىلگىرى بىرقۇر ۋاراقلاپ قاراپ چىقىدىغاندەك بىر ئىش قىلىۋاتىدۇ، كىتابلارنىڭ ئۆزىمۇ ۋاراقلىنىۋاتىدۇ. كۆتۈرۈلۈپ، تىكلىنىپ، ئېگىلىپ كېتىۋاتىدۇ، گويا تىرىكتەك. ئانتوننامۇ كۆيۈپ شۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بىراق ئۇ چىداشلىق بېرەلمەي تۇۋلىشى مۇمكىن، كىتابلار بولسا جىمجىتلا

www.uyghurkitap.com

تۈگىشىدۇ.

ئەجەبا، ئېھتىمال، دېرىزىنى چېقىۋېتىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمىسا كېرەك! ئۇنداق بولمىسا، بوغۇلۇپ ئۆلۈش مۇمكىن. شۇنداقتا ئانچە قىينالماي ئۆلۈش مۇمكىن، ئەمدىلىكتە ئىس چىقىپ كەتتى، ئىستا ئۆلمەسلىك مۇمكىن. ئەمما توۋۇلغىلى ئادەم قالمايدۇ، ئىشىكنى چېقىپ كىرىشكىمۇ ئادەم چىقمايدۇ. تونېچكا كەلمەيدۇ، ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى كەلمەيدۇ، قوشنىلاردىنمۇ دېرەك يوق. ئۇلارنىڭ ئىككى ئائىلىلىك قوشنىسى تېخى كۆچمىگەن ئىدىغۇ؟ بىراق ئۇلار پەلەمپەينىڭ ئارقا تەرىپىدە، بىنانىڭ باش تەرىپىدە ئىدى. دېمەك، كۆيۈشتىن باشقا چارە يوقمۇ؟...ھەي، نېمىشقا، نېمىشقا ئۇ ئولېگ بىلەن بىللە داچىغا كەتمىدى؟! ئولېگ ئۇنىڭغا دەۋەت قىلغان، يالۋۇرغان، ھەتتا ئاچچىقلانغانىدى. ھەتتا ئۇ ئۇنى قۇچاقلىۋالغان، ئانتونىنامۇ ئۇنىڭ بوينىنى قۇچاقلىغانىدى...

ئۇنىڭ پۈتكۈل ياشلىق دەۋرى ئوتتىن نېرى كېتەلمىدى، تاشقى كۆرۈنۈشتىن قارىغاندا ئۆي، تانكا، ئايروپىلان، ئاپتوموبىللار كۆيىدى. ئادەمچۇ، ئەلۋەتتە، ئادەممۇ كۆيىدى، كۆيۈپ ئۆلدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ قەلبىڭدە ئەكس ئەتتى، قېنىڭنى قايناتتى. شۇڭا سەن ئايالLARدەك بولماي قالدىڭ، شۇنداق قىلىپ يېنىكلىك بىلەن قورساقتىكى بالاڭنى ئالدۇرۇۋەتتىڭ، بالاڭنى ھالاك قىلدىڭ، سېنىڭ قەلبىڭ كۆيۈپ كەتكەن، كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكەن، مانا بۇ ئۇرۇشنىڭ جىنايىتى. ئەمدى بولسا تېنىڭمۇ كۆيۈپ تۈگەيدىغان بولدى. ياق، بىز قاچالمايمىز، ھېچيەرگە قېچىپ كېتەلمەيمىز، ھېچيەرگە مۆكۈۋالالمايمىز.

يائاللا، نېمىدېگەن دەھشەتلىك ئوت بۇ! يۈزى قىزىپ چىداشلىق

بېرەلمەي قالدى، گويا چېچىغىمۇ ئوت تۇتىشىدىغاندەك تۇرىدۇ، چىرس-چىرس قىلىۋاتىدۇ. ھەي، نېمىشقا، نېمىشقا، سەن ئەخمەق خوتۇن نېمىشقا ئۆلۈك بىلەن بىللە كەتمىدىڭ؟! بۇ تونېچكا نەگىمۇ كەتكەندۇ، نەگە؟! ئوت ئۇنىڭغا تۇتاشتى، ”تېز كېلىڭلار، ئوت تۇتىشىپ كەتتى، ئوت ماڭا تۇتاشتى!“

تووۋلىما، ئىڭرانىما، ۋارقىرىما، لېيەنجاڭ. ئۆز ئىززىتىڭ بىلەن ياشىغىن — بۇ پەقەت ئىشنىڭ يېرىمىلا ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى بۇ تەبىئىي ئەھۋال، ئەمما ئۆلسەڭمۇ ئىززىتىڭ بىلەن ئۆل — دېمەك، ئىش تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتى، بۇ ئىشنىڭ بىر يېرىم ھەسسىسى، 150 پىرسەنتى. بىراۋنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆلۈش قورقۇشقا ئەرزىمەيدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى ئۆلۈمگە قارشى مۇستەقىل تاقابىل تۇرۇش قورقۇشقا ئەرزىمەيدىغان ئىش. ئىككى موماي: سەن ۋە سېنىڭ ئۆلۈمىڭ يەككىمۇ يەككە روبىرو كەلگەن. ئۇ بەك قىزىتىۋەتتى، ئانتونىنا، بۇنداق قىزىق ئوتقا چىداشلىق بېرىش مۇمكىن ئەمەس. خوپ، سالامەت بول، موماي، سەن نېمە دېمەكچى بولسەن؟ مېنى قۇچاقلىمىغىن، قوللىرىڭ بەك قىزىق ئىكەن. سېنىڭ پۈتكۈل ئۆمرۈڭ سوغۇق ئۆتكەن، تونكا، لېكىن ئۆلۈم ئوتتەك قىزىق بولىدۇ. بىرگە بىر، ئوتتۇرىچە ھېسابلىغاندا، دەل ئىككى تەرەپكە تەڭمۇتەڭ بولىدۇ. ئۇ چاغدا مۇھەببەتسىز، پەقەت ئۆچمەنلىكتىلا ياشايسەن... مۇھەببەتسىز؟

ئاغزىڭنى يۇم، يالغان ئېيتىۋاتىسەن: ھېلىقى جوكوۋېي ۋالېنتىن ۋىلىيامىنوۋىچچۇ؟ سەن ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىڭنى دەپ شۆيۈەندىكى ئۆگىنىش قىيىنچىلىقىڭنى يېڭىپ ھازىرقى ھالەتكە چۈشۈپ قالدىڭ، سېنىڭ ئەمدى كۆيۈشۈڭمۇ سېنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى مۇھەببىتىڭ-

نىڭ كاساپىتى. لېكىن يەنە بىر قېتىمى، ئەڭ دەسلەپكى بىر قېتىمى بار. سەن ھېچقاچان ھېچكىمگە ئېيتمىغانلىقىڭ، ئەمدى ئۆلىدىغان چاغدا يالغان ئېيتماسلىقىڭ كېرەك: ۋاسە، ۋاسكا شېلېدا، پولتاۋالىق كۆك كۆز يىگىت سېنىڭ ھەم مۇھاپىزەتچىڭ، ھەم ئالاقىچىڭ، ھەم ئورۇنباسارىڭ، ھەم مۇلازىمەتچىڭ، ھەم رازۋېتچىكىڭ ئىدى، ھەممە ئىشىڭنى شۇ قىلاتتى، جۇڭشى شېلېدا، يائاللا، ئۇ نېمىدېگەن كارامەت يىگىت! نېمىس ئالۋاستىلار ئارىلىقتىكى رايوندا ئۇنى يارىلان-دۇرغان چاغدا، سەن ساراڭ بولۇپ قالاي دېگەن ئىدىڭ. ئۇ كېچىدە تىمىسقىلاپ قايتىپ كېلىپ 100 مېتر قالغاندا ئۆملىيەلمەي يېتىپ قالغان. يائاللا، سەن ھوشسىز ھالەتتە قاتتىق ۋارقىرىدىڭ: پۈتۈن لىيەننى باشلاپ بېرىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ كەلمەسلىك ھەقىقە-تەن غەلىتە بىر ئىش. يىڭجاڭ ۋاقتىدا يېتىپ كەلدى. "ئۇ بولالماي قېلىۋاتىدۇ، ئېسىڭنى تاپقىن، لىيەنجاڭ! سەن ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئادەم ئۈچۈن تىرىك ئادەم تۆلىشىڭ كېرەك!" "ئۇ ئىڭرىماقتا، مەن تاقەت قىلالمىدىم، يىڭجاڭ، تاقەت قىلالمىدىم، ئۇ تېخىچە ئىڭرىماقتا...!"، "سېنىڭ ئۇ جۇڭشىڭ جان ئۈزگىلىۋاتىدۇ، ئىۋانشىنا، ئۇ شۇڭا ئىڭرايدۇ. ئۇ ھوشىدىن كەتتى، ئۆزەڭنى بېسىۋال"، "مەن تاقەت قىلالمىدىم!... يىڭجاڭ، سۆيۈملۈك يىڭجاڭ، ماڭا رۇخسەت قىلىڭ، ئۆزەم باراي، مەن ئۇنى ئۆزەم بېرىپ ئېلىپ كېلەي. مېنىڭ بېرىشىمغا رۇخسەت قىلسىڭىز، يىڭجاڭ، خۇدا ھەققى سىزدىن ئۆتۈنەي..." "بىر باراي؟ ئاي دۆگىلەك، ئەخمەق قىز، بىر ھەپتە ئايدىڭ بولىدۇ، خۇددى تانسىخانىدەك يورۇق بولىدۇ. جۇڭ-ۋېي، ئۇنى ئېلىپ كەت. يەر ئاستىغا كىرگۈزۈۋەت، ئاڭلىدىڭمۇ؟..."

جۇڭۋېي ئۇنى سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ۋارقىرىماقتا،

www.uyghurkitap.com

تېپچەكلمەكتە، ھەتتا ئادەم چىشلەيدىغاندەك تۇرىدۇ، جۇگۇبېي ئۇنى بىر ئىتتىرىپلا يەر ئاستىغا كىرگۈزۈۋەتتى، ئۇنى تاختاينىڭ ئۇستىگە چىقىرىپ، قىسقا جۇۋىسىنى ئۇنىڭ بېشىغا پۈركەپ قويىدى، كېيىن يىڭجاڭ كىرىپ ئۇنى بوشىتىشقا بۇيرۇدى، ئۇ قىسقا جۇۋىسىنى بېشىدىن ئېلىۋېتىپ، جۇگۇبېينىڭ يۈزىگە بىر مۇشت قويىدى-دە، سىرتقا قاراپ ماڭدى. "بارما، — دېدى يىڭجاڭ، — ھاراق ئېلىپ كەل جۇگۇبېي، بۇ جۇگىشنى جەننەتكە ئۇزىتىپ قويايلى، ئۇ ئەمدى ئازابلانمىسۇن..."

بۇ مۇشۇ ئىشلار ئۈچۈن، شۇنداقمۇ؟ كىشلەر ئۆزىنىڭ كۆكرىكى بىلەن ھېلىقى ئاپتوموبىلنى توستى، يالىڭاچ كۆكرىكى بىلەن تانكىنى توسۇپ قالدى. بىراۋ "ھۇررا!" دەپ توۋلىدى، بىراۋ "ۋاي ئانا" دەپ توۋلىدى، بەزىلەر يىغلىدى، بەزىلەر تىللىدى، بىراق ھەممىسى قۇربان بولدى، فاشىستلارنىڭ تانكىسى ئالدىدا، تاكى نېمىس ئالۋاستىلىرى بىزنىڭ قان دېڭىزىمىزدا غەرق بولغانغا قەدەر تۈركۈمە-لەپ ئۆلدى.

سەنچۇ، ئانتونىنا، قان تۆكمەي ئۆلۈش سېنىڭ پېشانەڭگە پۈتۈلگەن. سەن نۇرغۇن قانلارنى كۆرگەن، نۇرغۇن قان تۆككەن، ئۆلىدىغان چاغدا بولسا جەسىتىڭ پۈتۈن قالدى: قېنىڭ بۇرۇنلا ئاستا-ئاستا ئۇيۇپ قالغان. ھېلىقى كۆيۈپ ئۆلگەن تانكىچى ئېسىڭدە بارمۇ؟ سەن ئۆلارنى يەتكۈچە كۆرگەن — ھەممىسى قۇرۇق، گويا چالا كۆيگەن چۈچۈلىغا ئوخشايدۇ، كۆزى يوق، كالپۇكىمۇ يوق. سەنمۇ شۇنداق... ئۆزۈڭغا چىقسۇن، نېمە بولسا بولسۇن، مۇھىمى بىرلا ئىش: ۋارقىرىمىسۇن. ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماسلىق كېرەك، ئەھمىيەتسىز ۋارقىراۋەرمەسلىك كېرەك.

يائاللا، نېمىدېگەن ئىسسىق! ئەڭ ياخشىسى ئۆلمەسلىك ئۈچۈن،

كۆزىنىڭ قارىچۇقى ئاۋۋال كۆيۈپ پارتلاپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، يۈزنى يوتقان بىلەن چۈمكىۋېلىش كېرەك. ئاغرىققا چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ، ئىككى پۇت بولسا ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالدى. بۇ ياخشى بولغىنى، بۇ تەڭرى ئاتا قىلغان بەخت: يېرىمى كۆيۈپ كەتسىمۇ مەيلى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گويا باشقا ئادەمنىڭكىدەك، گويا بۇرۇنلا ئۆلگەندەك، ئازاب پۈتۈنلەي تۈگىدى. يائاللا، نېمە قىلماقچىسەن، ئەخمەق؟ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ئىككىنچى تۈركۈمدىكىلەرنىڭ كۆچۈشكە ماقۇل بولۇشىنى تەلەپ قىلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ بولمىسا سەن ھازىر خېلى سەگىدەپ قالات-تىڭ...ھەي، ئەگەر بىزنىڭ "ھەئە" ۋە "ياق" دەپ ئىپادە بىل-دۈرگەنلىكىمىزنى بىلگەن بولساڭ، ئاقىۋىتى ياخشى بولاتتى. دىيالېكتىكا — ئادەم ئۆلىدىغان چاغدىمۇ دىيالېكتىكا بولىدۇ، ئانتونىنا، ئاقسىل ماددىسىدىن ھاسىل بولغان بەدەن ئۆزىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈنلا سېنىڭ كۆڭلۈڭدە چۆچۈش سېزىمى پەيدا قىلىدۇ.

ئەمچەك بەك قىزىپ كەتتى، بەك ئىسسىپ كەتتى. شۇنىڭدەك بەك ئېچىنارلىق ئىش بولدى: ئەمچەكنىڭ ئىچ ئاغرىقى تۈپەيلىدىن كۆزدىن ياش تۆكۈلمەكتە، شۇنداق ئەمەسمۇ ئاخىر! ھەربىر ئايالنىڭ تەڭرى ئاتا قىلغان ھاياتىنىڭ بىر ئۆلۈشتىن سوۋغىسى بار: بەزىلەر چاچقا، بەزىلەر ئىككى پۇتقا، بەزىلەر گالغا ئېرىشكەن. ساڭا بولسا تونە، كىشىنى مەھلىيا قىلغۇدەك بىر جۈپ ئەمچەك ئاتا قىلىنغان. بۇ ساڭا بەك ياراشقان، سېنى گۈزەللەشتۈرگەن، مۇشۇنداق تولغان، تومپىيىپ چىققان ئەمچەككە ئەرلەر كۆزىنى ئۈزمەي قارايدۇ، ھەيران قالىدۇ، كۆزىنى ئۈزەلمەيدۇ. يېڭى

تۈزۈلگەن قوشۇندا، ياكى قوشۇنغا كۆپلەپ ئادەم تولۇقلاپ بېرىل-
گەن چاغدا، بۇ تەگرى ئاتا قىلغان سوۋغىنى يوشۇرۇش، ھەربىي
كىيىمنىڭ تېگىدىن خۇددى كىچىك تاغ چوققىسىدەك تومپىيىپ چىقىپ
قېلىشىدىن ساقلىنىش، گۈزەللىكتىن قىلچە دېرەك قالدۇرماسلىق
ئۈچۈن، سەن ئۇنى لۆڭگە بىلەن چىڭ تېڭىۋالاتتىڭ، تاكى ئەرلەر
كۆنۈپ، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، خاتىرجەم بولغۇچە شۇنداق قىلاتتىڭ.
ئەنە شۇ چاغدىلا، مەرھەمەت دەپ لۆڭگىنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتەت-
تىڭ. يىگىتلەر، كۆزۈڭلەرنى تىكىپ قاراڭلار. دەرۋەقە، ئۇلار
كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قارايتتى، قاراڭلار، ئۇلار كۆزىنى چەك-
چەيتىپ تونەگە قارىماقتا!... ھەر قېتىمقى جەڭدە، ھەر قېتىمقى
ئېتىشىش، تۇيۇقسىز زەربە بېرىش ۋاقتىدا، ئۇ ئوق ياكى ئوق
پارچىلىرىنىڭ كۆكرىكىگە تېگىپ كېتىشىدىن بەك قورقاتتى. ئۇ ھامان
خۇددى لۆڭگە بىلەن ئەرلەرنىڭ كۆزىنى توسقاندەك، قولى بىلەن
ئوقنى توساتتى. ئوق ئۇنىڭ كۆكرىكىنىڭ يېنىدىن سۈركىلىپ ئۆتۈپ
كېتەتتى، ئۇنىڭغا ئوق تەگمەيتتى، ئۇنىڭ ئەمچىكى ساق قالاتتى،
چۈنكى ئۇ ئەمچىكىنى ھەمىشە ئاسرايتتى...

ملتىق ئاۋازى ئاڭلاندى!

بۇ نېمە، ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ، نەدىن كەلگەن ملتىق ئاۋازى-
كەن ئۇ، نەدىن كەلگەن؟ بۇ ھېلىقىدەك ئوت ئەمەس، بۇ جەڭ
ئوتى ئەمەس، تىنچلىق دەۋرىدىكى ئوت، ملتىق ئاۋازىنىڭ
بولۇشى مۇمكىن ئەمەس...

ملتىق ئېتىلدى، يەنە ملتىق ئېتىلدى. ئوق ۋىژىلداپ ئۇچۇپ
ئۆتمەكتە، بۇ ئۇنىڭغا تونۇشلۇق ئاۋاز. ملتىق ئاۋازىنىڭ ئوتنى
يېرىپ ئۆتكەندىكى پاراسلىغان، گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى، بۇ ئاۋاز داد-

پەرياد ساداسىنى يېرىپ ئۆتۈپ كەلگەن. قولاققا ئاڭلانغانكەن، دېمەك، ئوق ئانتونىنانىڭ يېنىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن. بۇ زادى نېمە، نەدىن كەلگەن؟ ئېھتىمال، شۇ يەردىن، 1943-يىلىدىن كەلگەن؟

ئارقىمۇئارقا ئۈزۈلمەي ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئوق ئۆرتەپ كۆيۈۋاتقان ئوت تېمىدىن ئۆتۈپ ئانتونىناغا قاراپ كەلمەكتە، ھازىر كىمنىڭ، قەيەردىن ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق چىقىرىۋاتقانلىقىنى ئۇ ئەمدى چۈشەندى. قەددىنى رۇسلاپ، كۆكرىكىنى كېرىپ، ئەتراپتىن ۋىژىلداپ كېلىۋاتقان ئوققا ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

ۋالتېر ناگېلنىڭ ئوقى ھېلىقى ئوت كەتكەن بەش تارتمىلىق ئىشكاپ (ئۇ ھەربىي كومىسسارىيات تەرىپىدىن بېرىلگەن ھۆججەت بىلەن ئالغان ئىشكاپ)نىڭ ئىچىدىن چىقىپ ئانتونىناغا ئېتىلىپ كەلمەكتە، بۇ ئەسلىدە ئانتونىنا ئۆلتۈرگەن ھېلىقى نېمىس جۇڭۇيېنىڭ تاپانچىسى ئىدى...

ئۇ ئاغرىقنى سەزمەس بولۇپ قالغانىدى، شۇڭا كۆكرىكىگە تېگەۋاتقان قورقۇنچلۇق زەربىنىمۇ سەزمەيتتى. ئۇ ئۇشتۇمتۇتلا تامغا تاشلاندى، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئوتنىڭ ئىچىدە ئۇ تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ تۇرغان ۋاسە شېلېيدانى، ئۇنىڭ مۇرىسىدىكى بىردەممۇ ئايرىلمايدىغان ئاپتوماتىك مىلتىقىنى، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ تۇنجى ليەنجىڭىنى كۆردى، تۇنجى قېتىملىق ھۇجۇمدىن كېيىن، ليەنجاڭ ئۇنى سۆيگەنىدى، ئۇ چاغدا ئۇ سۇيىدۇكتە ھۆل بولۇپ كەتكەن ئىشتانىنى كىيىپ تۇرغانىدى. ئۇ ھېلىقى ئېغىر يارىلىنىپ، مەڭگۈ ساقايماس بولۇپ قالغان ليەنجاڭ ئىدى، بىراق ئۇ ئەمدى ساق-

سالامەت تۇرماقتا، يەنە كۆلۈمسىرەپ تۇرماقتا. "ماڭغىن، ــ دېدى ئۇ، ــ يەنە بېرىسىپ ئېگىزلىكنى ئالايلى..." ئاندىن ئۇ قولىنى ئانتونىناغا ئۇزاتتى. "ۋاي ئىسىت، مېنىڭ ئىككى پۇتۇم پالەچ-تە!" ئانتونىنانىڭ كاللىسىدا شۇنداق بىر ئوي پەيدا بولدى، لېكىن ئۇ لىيەنجاڭ تەرەپكە قىڭغىيىپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئۆتۈپ ئالدىغا ماڭدى، كېسەلنىمۇ، ئاغرىق ئازابىنىمۇ سەزمىدى، ئېسىدىنمۇ چىقىرىپ قويدى.

(«روسىيە ـ سوۋېت ئەدەبىياتى» ژۇر-
نىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئالىمجان ئانايەت
رەقىپ ۋاھاپ

تەرجىمىنىڭ مۇھەررىرى: نەمەت دۇگايلى

# سوۋېت پروزىچىلىقىنىڭ 50 ـ يىللاردىن بۇيانقى قىسقىچە ئەھۋالى*

70 ـ يىللار سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىي تەرەققىيات جەريانىدىكى مۇھىم بىر باسقۇچ بولدى. دەۋرنىڭ ئالغا بېسىشى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشى بۇ باسقۇچتىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە مۇنداق يېڭى ئالاھىدىلىكلەرنى بەخش ئەتتى: ئەدەبىيات جەھەتتىكى مەردانە سۆزلەر ۋە بەس ـ مۇنازىرىلەر، ئىدىيىۋى جەھەتتىكى تىنچسىز ھالەت ۋە ئازابلار ئۆتمۇشكە ئايلىنىپ، چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ھادىسىلىرى تۈگىتىلدى، ئەدەبىي تۇرمۇشتا چىنلىققا بىرقەدەر يېقىن ۋە ئىجابىي بولغان كەيپىيات بارلىققا كېلىپ، ئەدەبىيات مول مەزمۇنلۇق ۋە خىلمۇخىل بولۇشقا قاراپ راۋاجلاندى؛ مەيلى يېڭى تېما ئېچىش جەھەتتە بولسۇن ياكى بەدىئىي جەھەتتىن يېڭىچە ئومۇملاشتۇرۇش ۋاستىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش جەھەتتە بولسۇن، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

70 ـ يىللاردىكى سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات جەريانى ئىجتىمائىي رېئال شارائىتتىن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىكى تۈزگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر بىر قاتار فاكجېن ۋە سىياسەت ـ

* بېشى ئۆتكەن ساندا.

www.uyghurkitap.com

لەردىن ئايرىلمايدۇ.

60 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، سوۋېت كومپارتىيىسى رەھبەرلىكى ئارقا ـ ئارقىدىن ”ئىككىدە چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش“كە قارشى تۇرۇش (يەنى قارىلاشقىمۇ قارشى تۇرۇش، پەردازلاشقىمۇ قارشى تۇرۇش)نى، رېئال تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكىنى ئىپادىلەش، بۇرژۇئا ئىدېئولوگىيىسىگە قارشى كۈرەشتە ھۇجۇمنى كۈچەيتىش، ئىدېئولوگىيىنىڭ كۆپ مەنبەلىك بولۇشىغا قارشى تۇرۇش، شۇنىڭدەك يازغۇچىلارغا سەممىي غەمخورلۇق قىلىش بىلەن تەڭ قاتتىق تەلەپ قويۇش دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ سىياسەتلەر سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 24 ـ قۇرۇلتىيىدا (1971 ـ يىلى) مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، 70 ـ يىللاردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسىتىنىڭ تۈپ پروگراممىسى بولۇپ قالدى.

بۇ مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئەدەبىيات ۋە سەنئەت مەسىلىسى توغرىسىدا چىقارغان ئون نەچچە قاراردىن مۇھىملىرى «ئەدەبىي تەنقىد توغرىسىدا» قارار (1972 ـ يىلى)، «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كىنو ئىشلىرىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش تەدبىرى توغرىسىدا» قارار (1972 ـ يىلى) ۋە «ئىجادىيەتچى ياشلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى توغرىسىدا» قارار (1976 ـ يىلى) قاتارلىقلاردۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «ئەدەبىي تەنقىد توغرىسىدا» دېگەن قاراردا ئوبزورچىلىق ساھەسىدىكى بەزى ئوبزورلارنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالى بولالماسلىق، پەلسەپىۋى ۋە ئېستېتىك سەۋىيىسى يۇقىرى بولماسلىق ئەھۋاللىرى ھەمدە ئوبزورچىلىق ساھەسىدىكى بىر قىسىم ”ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي جەھەتتىن يارامسىز

چىققان ئەسەر"لەرگە مۇرەسسەچىلىك، سۇبيېكتىپلىق پوزىتسىيەسىنى تۇتۇش ۋە ئاغمىچىلىق، گۇرۇھۋازلىق قىلىپ يان بېسىش ئەھۋاللىرى جىددىي تەنقىد قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەدەبىي تەنقىد ساھەسىدىكىلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ھازىرقى زامان سەنئىتىدىكى ھادىسىلەرنى، خاھىشلارنى ۋە قانۇنىيەتلەرنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، لېنىنچە پارتىيىۋىلىك ۋە خەلقچىللىق پرىنسىپىنى كۆچەيتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى سەنئىتىنىڭ ئىدىيىۋىلىكى ۋە ئېستېتىك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ، بۇرژۇئا ئىدېئولوگىيىسىگە بوشاشماي قارشى تۇرۇش تەلەپ قىلىنغان.

يۇقىرىدىكى ئىككى جەھەتكە ئاساسەن، بۇ قارار "سوۋېت ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېڭى پروگراممىسى" ۋە "ھەرىكەت قىبلىنامىسى" دەپ قارىلىپ، 70-يىللاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىيات ئېقىمىنىڭ ۋە نەزەرىيىۋى ئىزدىنىشىنىڭ تۈپ ئىدىيىسى ھەم يېتەكلەش نىشانى بولۇپ قالغاندى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەدەبىيات-سەنئەتكە دائىر بىر قاتار فاكتېن ۋە سىياسەتلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 70-يىللاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىيات ئېقىمىدا كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بەزى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى بەزى تۈپ خاراكتېرلىك مەسىلىلەردە، ئالدىنقى ئون يىلدىكىدىن روشەن پەرقلىنىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى، مەسىلەن:

(1) ئەدەبىياتتىكى باش قەھرىمان مەسىلىسىدە، "قەھرىمانسىزلاشتۇرۇش"قا ۋە "غايىۋى پېرسوناژ"غا قارشى تۇرۇپ، ئىجابىي پېرسوناژلارنى ۋە قەھرىمان شەخسلەرنى يېزىش تەشەببۇس قىلىندى. 60-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، بولۇپمۇ 1972-يىلى

«ئەدەبىي تەنقىد توغرىسىدا» دېگەن قارار ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بۇنداق ئەھۋال ناھايىتى روشەن بولدى. 50 ـ ۋە 60 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدە ئەۋج ئالغان قەھرىمانسىزلاشتۇرۇش" ئىدىيىۋى ئېقىمى بىرخىل "خەۋپلىك خاھىش" دەپ قارىلىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ خاھىشنى تەنقىد قىلدى. "قەھرىمانسىزلاشتۇرۇش"نىڭ تەنقىد قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە يەنە بەزىلەر "ئىجابىي پېرسوناژ"نى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىشقا باشلىدى ھەمدە بۇ ئۇقۇمغا "'ئىجابىي پېرسوناژ' پەۋقۇلئاددە ھادىسە ئەمەس، بەلكى كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە"، "'ئىجابىي پېرسوناژ'نىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى، ئىرادىسى ۋە ئارزۇسىنىڭ گۈزەللىكى جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ، ئۇ رېئال شەخس، يەنى ئادەم" دېگەندەك بەزى يېڭى مەزمۇنلارنى قوشتى. لېكىن 70 ـ يىللاردا ئەدەبىياتتىكى باش قەھرىمان مەسىلىسىدە كۆپرەك سۆزلەنگىنى يەنىلا "ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئوبرازى" ۋە "خەلق خاراكتېرى" دېگەندەك ئۇقۇملار بولدى. 70 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن بۇيان، ئەدەبىياتتا تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىرخىل ئەھۋال بارلىققا كەلدى، ئۇ بولسىمۇ: كۆپلىگەن ئەسەرلەردىكى باش قەھرىمانلاردا يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ خۇسۇسىيىتىنى ئىمكان قەدەر ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئوتتۇرىدا تۇرۇش پوزىتسىيىسىنى نامايان قىلىشقا تىرىشىشتىن ئىبارەت. بۇنداق خاھىش ئەدەبىياتتا "مۇكەممەل، قەيسەر" پېرسوناژلار ئوبرازى توغرىسىدىكى كونا مۇقامنىڭ تاشلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپلا قالماي، پېرسوناژلارنى "ئىجابىي پېرسوناژ" ياكى "سەلبىي پېرسوناژ" دەپ ئايرىيدىغان ئەنئەنىۋى

شەكىلنىڭمۇ تاشلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئوبزورچىلىق ساھەسىدىكىلەر دائىم "ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى"، "ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى" دېگەن كەسپىي ئاتالغۇنى يۇقىرىدىكى ئىككى ئۇقۇمنىڭ ئورنىغا قويىدى.

(2) چىنلىقنى يېزىش مەسىلىسىدە، چىنلىقنى يېزىش ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ توپ پرىنسىپنىڭ بىرى دېگەن پىكىردە داۋاملىق چىڭ تۇرۇلغان بولسىمۇ، 50-يىللاردىن بېرى چىنلىقنى يېزىش مەسىلىسىدە كېلىپ چىققان ناچار خاھىشلار، مەسىلەن، سەلبىي ۋەقەلىككە ھەددىدىن زىيادە ئەھمىيەت بېرىش، تۇرمۇشنىڭ تۇتۇق تەرەپلىرىنى يېزىشقا قىزىقىپ كېتىش، ھازىرقى زامان تۇرمۇشنىڭ تاشقى خۇسۇسىيەتلىرىنىلا تەسۋىرلەپ قويۇش ئەھۋاللىرى تەنقىد قىلىندى؛ "كۈندىلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى" بىلەن "دەۋر چىنلىقى"نى قارىمۇ قارشى قىلىپ قويىدىغان، "ئاكوپ چىنلىقى" بىلەن "قوماندانلىق شتابى چىنلىقى"نى قارىمۇقارشى قىلىپ قويىدىغان خاھىشلارغا قارشى تۇرۇلدى. 70-يىللاردىن كېيىن، "بىز ياشاۋاتقان دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى ئىپادىلەش" ۋە "رەڭگارەڭ رېئاللىقنى ئىپادىلەش" تەشەببۇس قىلىنغانلىقتىن، چىنلىقنى يېزىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى، قىيىنچىلىقنى يېزىش، ناچار ھادىسىلەرنى ۋە خاتالىقلارنى ئېچىپ تاشلاش تەشەببۇس قىلىنغان بولسىمۇ، "قارىلاش"قا يول قويۇلمايتتى.

(3) ئىنسانپەرۋەرلىك توغرىسىدىكى مەسىلىلەردە، 70-يىللاردىكى سوۋېت ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكىلەر ئىنسانپەرۋەرلىكنى پارتىيىۋىلىك، خەلقچىللىق بىلەن بىر قاتارغا قويۇپ، ئۇنى سوۋېت

ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئالدىنقى ئون يىلدىكىگە قارىغاندا، مۇھاكىمىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسىدا روشەن ئوخشاشماسلىق بولدى، مەسىلەن، "ئابستراكت ئىنسانپەرۋەرلىك"، "ساپ ئىنسان تەبىئىتى"، "ساپ مېھرىبانلىق" تەنقىد قىلىندى، "'ئومۇمىي كىشىلەر'، 'ئومۇمىي روھىي ھادىسە' توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە قىزىقىپ كېتىش"قاتارلىق نۇقتىئىنەزەر ۋە خاھىشلارغا قارشى تۇرۇلدى ھەمدە سوۋېت ئىنتىپاقىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك "سوتسىيالىستىك ئىنسانپەرۋەرلىك" ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ ئۇقۇم سىنىپىيلىك ئۇقۇمى ۋە پارتىيىۋىلىك ئۇقۇمى بىلەن باغلىنىشلىق ئىدى. شۇنداق بولۇش بىلەنلا قالماي، سوۋېت ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەر "ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە تىنچ بىللە تۇرۇشقا بولمايدۇ" ۋە "بۇرژۇئا ئىدېئولوگىيىسىگە قارشى كۆرەشتە ھۇجۇمنى كۈچەيتىش" دېگەن شوئار ئاستىدا، غەرب بۇرژۇئا ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىگە ۋە ئاتالمىش شىۋجېڭجۇيىلىق ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىگە قارشى تەنقىد ئېلىپ باردى.

(4) 70 ـ يىللار ئەدەبىياتىدىكى ئەخلاق ئۈستىدە ئىزدىنىش چوڭقۇرلىشىپلا قالماي، بەلكى كېڭەيدى، ئۇ ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ ھەممىسىدە كۆرۈلدى ھەمدە ھەرخىل توقۇنۇش ۋە زىددىيەتلەرگىچە سىڭدى: ئادەم ۋە جەمئىيەت، ئادەم ۋە تەبىئەت دۇنياسى، ئادەم ۋە ئۇ تاللىغان ئىش، شەخسىي تۇرمۇشتىكى ئادەم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يازغۇچىلار ئەخلاق توغرىسىدا ئىزدىنىدىغان پەلسەپە ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق جەھەتتىكى مەسىلىلەر بولۇپ قالدى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىياتتا ئاڭلىقلىقنىڭ ئاشقانلىقىنى، ئىدىيىنىڭ يېتىلگەنلىكىنى ۋە

كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلۈنۈۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

(5) ئەدەبىياتتىكى رېئالىزم پرىنسىپى يازغۇچىلارنىڭ پۈت-قولىنى چۈشەپ تۇرىدىغان ئاسارەت بولۇشتىن قالدى. 50-يىللارنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدىن باشلاپ، سوۋېت ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر سوتسىيالىستىك رېئالىزمغا دائىر مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشقا باشلىغانىدى. 60-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 70-يىللارغىچە سوتسىيالىستىك رېئالىزم سوۋېت ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى تەتقىق قىلىدىغان مەركىزىي مەسىلە بولۇپ قالدى. نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سوتسىيالىستىك رېئالىزم توغرىسىدىكى ئىلگىرىكى چۈشەنچىلەر يېتەرلىك بولمىدى، ئۇنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، دەپ قارىدى ھەمدە بەدىئىي شەكىل، ئۇسلۇب، ئېقىم، تىپلارنىڭ خىلمۇخىل بولۇشىنى تەشەببۇس قىلدى؛ بۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ھەقىقەتەن بىرقەدەر مۇرەككەپلىك ۋە خىلمۇخىللىق بولدى، كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى ۋە ئۇسۇلى ئەنئەنىۋى رېئالىزم دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتتى. مەسىلەن، قىسسىمان تەسۋىرلەشنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ھالدا لىرىكىلىق تەسۋىرلەش ئالدى (بوندارېۋنىڭ «قىرغاق»، كازاكوۋنىڭ «شىمال خاتىرىلىرى»، ئايتماتوۋنىڭ «ئالا ئىت ھاڭى»، بېكوۋنىڭ «بۆرىلەر» قاتارلىق ئەسەرلىرى بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ)؛ سىمۋولىستىك يوشۇرۇن سۆزلەر بەزى ئەسەرلەردە كۆرۈلدى (ئاستافيېۋنىڭ «پادىچى ئوغۇل بىلەن پادىچى قىز»، تېندرياكوۋنىڭ «بىر مەھەللىك گالۋاڭلىق»، زاكرۇتكىنىنىڭ «ئىنسانلار ئانىسى»، راسپۇتىنىنىڭ «خەير، ماجورا كەنتى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ)؛ مۇبالىغىلەشتۈرۈش، توقۇلما

قىلىش قاتارلىق "قىياسىي" ئۇسۇللار بەزى ئەسەرلەردە (مەسىلەن، شۈكشىنىڭ «ئۈچ قېتىم توخۇ چىللىغۇچە» دېگەن ئەسىرىگە ئوخشاش-لاردا) قوللىنىلدى؛ بەزى ئەسەرلەردە (مەسىلەن، ئايتماتوۋنىڭ «ئاق پاراخوت» ۋە «ئالا ئىت ھاڭى» دېگەن ئەسىرىگە ئوخشاش-لاردا) چۆچەك، خەلق رىۋايەتلىرى رېئال تۇرمۇشقا ئارىلاشتۇ-رۇلدى. قىسقىسى، بۈگۈنكى كۈندىكى سوۋېت ئەدەبىي ئەسەرلى-رىدە، مەيلى بەدىئىي ۋاقىت دادىل ئۆزگەرتىلگەن بولسۇن، ياكى ۋەقەلىك بىر دەۋردىن يەنە بىر دەۋرگە ھالقىتىلغان بولسۇن، ياكى "روھىي ھال تەھلىلى" ئۇسۇلى ۋە ياكى "ئاڭ ئېقىمى" ئۇسۇلى ۋە باشقىلار قوللىنىلغان بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرگە يات ۋە ھەيران قالارلىق تۇيۇلمايدىغان بولدى.

70-يىللاردىكى سوۋېت پروزىچىلىقىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ئۈستىدە ئىزدەنگەندە، 70-يىللاردىكى ھېكايە ئىجادىيىتى دولقۇ-نىنىڭ رومان ئىجادىيىتى دولقۇنىغا قارىغاندا بىر ئاز پەسسىيىپ قالغانلىقىنى كۆرمەي بولمايدۇ، بۇ سوۋېت ئوبزورچىلىق ساھەسى-دىكى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ قارىشى. بەزى ئەھۋاللار بۇنداق پەسسىيىپ قېلىشنىڭ ئاساسى بارلىقىنى، يەنى "يېقىندىن بۇيان، كاتتا يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى رومان يازىدىغان بولۇپ كېتىپ، ھېكايىنىڭ بىرخىل 'ئابروييسىز'، 'مەشقىي' ژانىرغا ئايلىنىپ قالغان-لىقى"نى كۆرسەتتى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىرخىل ئەھۋال شۇكى، ھېكايىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ئۈزۈلۈپ، پوۋېستقا يېقىنلىشىپ قالغانلىقتىن، 30 — 40 مىڭ خەتلىك ھېكايىنى دائىم ئۇچراتقىلى بولىدىغان بولۇپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن "پوۋېستسىمان ھېكايە" ياكى "كىچىك پوۋېست" دېيىلىدىغان بىر خىل يېڭىچە ژانىر

شەكىللەندى. قىسقىسى، ھەر خىل ئەھۋاللار مۇستەقىل ئەدەبىي ژانىر بولغان ھېكايىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە بىرخىل يېڭى مۇسابىقىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى كۆرسەتتى. ھازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، 70 - يىللاردىكى ھېكايىلەردە 50 -، 60 - يىللاردىكى ھېكايىلەردىكىدەك جۇشقۇنلۇق ۋە يول ئېچىش روھى بولمىدى؛ 70 - يىللاردىمۇ بىر تۈركۈم "40 ياشلىق" ھېكايە يازغۇچىلار مەيدانغا چىققان، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، كۆپ ساندىكى كىشىلەر يېڭىلىق يارىتىش مەزمۇنىغا باي مۇھىم ئەسەرلەرنى تېخى يېزىپ چىقمىغان، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش رولىنى ئوينىيالمىغاندى.

80 - يىللارنىڭ دەسلەپكى ئۈچ يىلىدا، سوۋېت ئوبزورچىلىق ساھەسىدىكىلەر 70 - يىللاردىكى پروزا ئىجادىيىتىنىڭ ۋەزىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە قىزغىن مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان، كۆپلىگەن پىكىرلەر ئۆزئارا قارىمۇ قارشى كېلىپ قالغان، شۇنداقتىمۇ ھەركىم ئۆز پىكرىنى يوللۇق ھېسابلاپ، ئۆزىنىڭ قارىشىدا چىڭ تۇرغانىدى. مۇنازىرىنىڭ كەسكىن بولغانلىقىنىڭ ئۆزى 70 - يىللاردىكى سوۋېت پروزا ئىجادىيىتىدىكى مۇرەككەپلىكنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. پروزا ئىجادىيىتىگە نىسبەتەن ئۈمىدسىزلىك قارىشىدا بولغان بىر گۇرۇھ كىشىلەرنىڭ (ئۇلارنى "ئۈمىدسىزلەر" دەپ ئاتاشقا بولىدۇ) بەزىلىرى 70 - يىللاردىكى ئەدەبىياتتا "ئاجىزلىشىپ كېتىش" ھادىسىسى كۆرۈلدى، مەسىلەن، يېزا تېمىسىدىكى پروزا ئەسەرلىرى "ئاجىزلىشىپ كەتتى"، بەزى ژۇرناللار (مەسىلەن، «دەۋىرىمىز كىشىلىرى» ژۇرنىلى)دا بىرقانچە يىلغىچە يېزا تۇرمۇشىغا بېغىشلان-

غان ۋەزىنلىك رومانلار ئېلان قىلىنمىدى؛ ئۇرۇش تېمىسىدىكى پروزا ئەسەرلىرىمۇ مەلۇم دەرىجىدە "ئاجىزلىشىپ" كەتتى، بەزى ياخشى ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلاردا ھەقىقىي تۈردە يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتىن كىشىلەرنى جەلپ قىلالايدىغان يېڭى مەنە كەم بولدى، دەپ ھېسابلىدى. بەزىلەر: 70-يىللاردا ئاساسەن 60-يىللاردا يېزىلىپ بولغان مەزمۇنلار تەكرارلاندى، يېقىنقى ئون يىلدىن بېرى ئەدەبىيات ساھەسىدە بىرمۇ يېڭى كاتتا يازغۇچى مەيدانغا كەلمىدى، 70-يىللار ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە يىللار ئەمەس، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. يەنە بەزىلەر 70-يىللارنى 50-ۋە 60-يىللار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندىن كېيىن، 70-يىللاردىكى پروزا ئىجادىيىتىنى "تېپتىنچ" دېگەن سۆز بىلەن سۈپەتلەپ، 70-يىللاردا بەزى ياخشى ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا 60-يىللارنىڭ دەسلەپىدە شەكىللىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئەنئەنە دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمىدى، كونا ئۆستەڭدىكى يېڭى دولقۇن-دىنلا ئىبارەت بولدى، دەپ قارىدى.

ئۈمىدسىزلەرنىڭ باھاسىغا قارىتا، ئۈمىدۋار پوزىتسىيىدىكى كىشىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇلار، 70-يىللاردىكى نەسرىي ئەسەرلەر ئالدىنقى ئون يىلدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ خىلمۇخىل بولدى، ئۇنىڭ تەھلىللىچانلىقى تېخىمۇ ئاشتى، 70-يىللاردىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىلگىرىكى ھەرقانداق ئون يىلدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن قېلىشمايدۇ، دەپ قارىدى. بەزىلەر ھەتتا: 60-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 80-يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىلدە، يازغۇچىلار سان ۋە سۈپەت جەھەتتە رېكورت بۇزدى ۋە كىشىنى ھەيران قالدۇردى، بۇ يازغۇچىلار كۆپ

مىللەتلىك سوۋېت ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ بۇ ئەڭ يېڭى باسقۇ-
چىدا، ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى تامامەن ئىگەللەپ بولدى، دېگەن
قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئۇمىدۋارلار يېزا تېمىسىدىكى پروزىلار
ئاجىزلىشىپ كەتتى دېگەن قاراشقا قوشۇلمىدى، ئۇلار، يېزا تېمىسى-
دىكى پروزىلاردا ئادەم ۋە يەر توغرىسىدىكى مەزمۇن بىلەن ئادەم
ۋە يەر شارى توغرىسىدىكى مەزمۇن بارغانسېرى بىرلەشتۈرۈلۈش
ئەھۋالى بارلىققا كەلدى، ئابراموۋنىڭ «ئائىلە» رومانى بىلەن
ئالېكسېيېۋنىڭ «ئۇرۇشقاق بالىلار» رومانى مەيدانغا كېلىپ ئۇزاق
ئۆتمەيلا ئۇمىدسىزلىنىپ كېتىش بەك ئالدىراپ كەتكەنلىك بولسا
كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. ئۇرۇش تېمىسىدىكى ئەدەبىياتتا بولغان
قاراش جەھەتتە، ئۇمىدۋارلار بېكوۋ، بوگومولوۋ ۋە كاندراتىيېۋ
قاتارلىقلارنىڭ ئۇرۇش تېمىسىدىكى يېڭى ئەسەرلىرىنىڭ مەيدانغا
كەلگەنلىكىنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇمىدسىزلەرگە رەددىيە
بېرىپ، 70-يىللاردىكى ئۇرۇش تېمىسىدىكى پروزا ئەسەرلىرى
"ماھىيەت جەھەتتىن يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى"غا كىردى، دەپ
ھېسابلىدى.

ئۇمىدۋارلار "تەكرارلىنىش" ۋە "تىپتىنچ"لىق توغرىسىدىكى
قاراشلارغىمۇ كۈچلۈك رەددىيە بەردى. مۇھاكىمىنىڭ ئاخىرقى
ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇمىدسىزلەرنىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلىدىغانلار
ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئۇمىدۋارلارنىڭ كۆز قارىشى روشەن ھالدا
ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن.

سوۋېت ئوبزورچىلىرى 70-يىللاردىكى پروزا ئىجادىيىتى ۋەزىيە-
تىگە باھا بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، 70-يىللاردىكى پروزا ئىجادى-
يىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدىمۇ مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. مۇھا-

www.uyghurkitap.com

كىمە ئىشتىراكچىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى مۇنداق دەپ قارىدى:

(1) 70 ـ يىللاردىكى پروزا ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئەخلاق مەسىلىسى، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ روھىي قىياپىتى مەسىلىسى، شۇنىڭدەك ئائىلە، مۇھەببەت، كۈندىلىك تۇرمۇش مەسىلىسىگە بولغان ھەۋەس ناھايىتى تېز ئاشتى. 60 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە، يازغۇچىلار ئادەمنىڭ روھىي ئەخلاقى جەھەتتىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشكە دىققەت قىلىشقا باشلىغانىدى، لېكىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭغۇنكى چوڭقۇرلۇق بۈگۈن كۆپايە قىلمايدىغان بولۇپ قالدى، 70 ـ يىللاردا "بىر خىل داۋاملاشقان كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ مۇقىملىقىنىڭ ئۆزى" يازغۇچىلاردىن ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئۈستىدە تېخىمۇ كەڭ ئىزدىنىپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئەخلاق مەسىلىلىرىگە ئوبرازلىق ۋە چوڭقۇر جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان بولدى. مۇشۇنداق ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، "ئەخلاق — كۈندىلىك تۇرمۇش پروزىلىرى" 70 ـ يىللار ئەدەبىياتىدىكى ئاساسلىق ھادىسىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بەزى يازغۇچىلار ئىجادىيەتتە ئەنئەنىۋى روھىي ئەخلاق بايلىقىنى بەدىئىي جەھەتتىن قازدى. مەسىلەن، راسپۇتىن، شۇكشىنلارنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بىرقانچە دانىشمەن بوۋاي ـ موماي لارنىڭ ئوبرازى، شۇنىڭدەك تېندرياكوۋ، پروسكۇرىن، نوسوۋ، ئاستافىيېۋ، بونداربېۋ قاتارلىق يازغۇچىلار ياراتقان نۇرغۇن باش قەھرىمانلار خەلقنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنى ۋە خەلق توپلىغان ئەخلاق بايلىقلىرىنى ھازىرقى زامان تۇرمۇشىغا ئېلىپ كىردى. 70 ـ يىللاردا يەنە كۆپلىگەن ئەسەرلەردە، پەن ـ تېخنىكا دەۋرىدە ئىلگىرىكى روھىي ئەخلاق بايلىقىغا ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىنى

باھا بېرىش، بۇ ھەقتە يېڭىباشتىن پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئىنتايىن دىققەت قىلىندى، "يىلتىز"نى ئاساسىي مەزمۇن قىلىش جەھەتتە، 70 - يىللاردىكى پروزا 60 - يىللاردىكىگە قارىغاندا "تېخىمۇ كەسكىن، تەھلىلگە تېخىمۇ ماھىر بولدى". بەزى يازغۇچىلار ھايات ۋە ئۆلۈم، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەنىسى قاتارلىق "مەڭگۈلۈك" كاتېگورىيىگە تەۋە مەسىلىلەرنى ئاساس قىلىپ، بۇ مەسىلىلەرنىڭ پەلسەپىۋى سىرى ۋە ئەخلاقىي قىممىتىنىڭ مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدەندى. بەزى ئوبزورچىلار مۇنداق ھېسابلىدى: بۈگۈنكى سوۋېت سەنئىتىدە، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ خەۋپكە دۇچ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى ئاساسىي مەزمۇن بارغانسېرى روشەنلەش- مەكتە؛ لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىنسان ۋە ئىنسانىيەت تۇرمۇ- شىنىڭ مەنىسى ۋە مەقسىتى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەر ناھايىتى جىددىي ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە پەلسەپىۋى چوڭقۇرلۇققا بېرىپ يەتتى. مەسىلەن، گونچار، بونداريېۋ، ئايتماتوۋ، دۇمبادزې قاتار- لىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى (مەسىلەن، «شەپەق نۇرىڭىز»، «تاللاش»، «ئەسىردىن ئۇزاق بىر كۈن»، «مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت») دە ئىنساننىڭ ياشىشى بىلەن روھىي جەھەتتىكى "مەڭگۈلۈك" مەسى- لىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئەخلاقىي باغلىنىش ئىسپاتلانغان. ئەخلاق جەھەتتىكى ئىزدىنىشتە تەنقىد تەركىبلىرىنىڭ كۈچىيىشى ھازىرقى زامان پروزىسىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى. 70 - يىللاردىكى كۆپلىگەن پروزا ئەسەرلىرىدە كۈچلۈك تەنقىدىي ھېسسىيات بولۇپ، تەنقىد، كۆپىنچە، كۈندىلىك تۇرمۇشتا سوتسىيالىزم ئىدىيىلىرىگە زىت بولغان نەرسىلەرگە، جۈملىدىن ئىستې- مالچىلىق روھىي ھالىتى، شەخسىيەتچىلىك، ئىجتىمائىي ئىنكارچى-

www.uyghurkitap.com

لىق، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولماسلىق، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە پرىنسىپىغا سەل قاراش، خەلقنىڭ تارىخىغا ھۆرمەت قىلماسلىق، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە مەسئۇلىيەتسىزلىك پوزىتسىيىسى تۇتۇش، شۇنىڭدەك پەن-تېخنىكا ئىنقىلابىدىكى پاسسىپ ھادىسىلەر قاتارلىقلارغا قارىتىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تەنقىدىي خاھىش كۆچە-يىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، روھىي ئەخلاق جەھەتتىكى سەلبىي ھادىسىلەر ھەققىدىكى تەتقىقاتمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چوڭقۇرلىشىپ باردى.

(2) مۇرەككەپ رېئال تۇرمۇشنى تىرىشىپ ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرۈش ھەمدە كەڭ تۈردە بەدىئىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇش 70-يىللاردىكى سوۋېت پروزا ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى. بۇ ئەھۋالنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى تارىخچىلىق كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدىغان بولدى، شۇ سەۋەبتىن كۆپلىگەن ئەسەرلەر بايان خاراكتېرلىك ۋە داستان خاراكتېرلىك ھەجىمگە ئىگە بولدى، بۇ ئالاھىدىلىك رومان ئىجادى-يىتىدە گەۋدىلىك ئىپادىلەندى، مەسىلەن: بونداريېۋنىڭ «قىرغاق» دېگەن ئەسىرى، ئىۋانوۋنىڭ «مەڭگۈلۈك چاقىرىق» دېگەن ئەسىرى، ماركوۋنىڭ «سىبىرىيە» دېگەن ئەسىرى، ستادنىيوكنىڭ «ئۇرۇش» دېگەن ئەسىرى، چاكوۋسكىنىڭ «مۇھاسىرە» دېگەن ئەسىرى، پروسكۇرىننىڭ «تەقدىر» ۋە «سېنىڭ ئىسمىڭ» دېگەن ئەسەرلىرى، دانگۇلوۋنىڭ «كۆزنېتس كۆۋرۈكى» دېگەن ئەسىرى، ئابراموۋنىڭ «پىلياسلىن ئائىلىسى» دېگەن ئەسىرى، ئالېكسېيېۋنىڭ «ئېگىلمەس سۆگەت كۆچىتى» دېگەن ئەسىرى قاتارلىقلاردا شۇنداق.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن سەنئەتتىكى تارىخچىلىق سەنئەتكار-

لارنىڭ دۇنيانىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىش مەنزىرىسىدىن ئۆتۈپ، سوتسىيالىستىك مۇناسىۋەت ۋە يېڭى كىشىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەنزىرىسىدىن ئۆتۈپ دۇنيانى بىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ھەربىر كونكرېت ئەمەلىيەت، ۋەقەلىك ۋە ئادەمنىڭ تەقدىرىنى يازغاندا، تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرىدىن پىكىر يۈرگۈزگەن. ئۇلار ھەربىر تارىخىي يۈكسەكلىك (ئۆكتەبىر ئىنقىلابى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش، ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى، ئۇرۇشتىن كېيىنكى يېڭى دەۋر)تە تۇرۇپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ دۇنيانى بىلگەن، تارىختىكى ھەرخىل زور ئۆزگىرىشلەرگە ۋە زىددىيەتلەرنىڭ پارتلاپ چىقىشىغا، شۇنىڭدەك شەخسنىڭ ۋە خەلقنىڭ تەقدىرىگە باھا بەرگەن، ئۇلارنى دەۋرنىڭ بوران-چاپقۇنى، خەلقنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى، خەلقنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە شانلىق، قەھرىمانانە ئىشلىرى جەلپ قىلغان. يازغۇچىلار رېئال تۇرمۇشنى تارىخىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ كەڭ تۈردە ئومۇملاشتۇرغانلىقى ۋە يىغىنچاقلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ پروزىلىرى تۆۋەندىكىدەك يېڭى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان:

1) تېما دائىرىسى كەڭ بولۇپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، ئۇرۇش، دىپلوماتىك كۆرەش، خەلقئارا مەسىلە، تارىختىن ئەسلىمە، ئەخلاق-ئېتىكا قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ. 70-يىللاردىكى پروزا ئىجادىيىتىدە، بىر ئەسەردە بىرنەچچە خىل ۋەقەلىك بولۇپ، ئۆزئارا بىرىكىپ كېتىدىغان ئەھۋال ئۇچراپ تۇردى، مەسىلەن، بونداريېۋنىڭ «قىرغاق» دېگەن ئەسىرى، ئانانىيېۋنىڭ «ئۇرۇشسىز يىللار» دېگەن ئەسىرى قاتارلىقلاردا شۇنداق.

2) تارىخىي دەۋرنىڭ ئۇلانما ئارىلىقى چوڭ، چېتىلىدىغان تارىخىي ۋەقەلەر كۆپ بولدى. 70 ـ يىللاردا كۆپلىگەن پروزا يازغۇچىلىرى خەلق تارىخىنى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇيانقى ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلارنى كەڭ تۈردە تەتقىق قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى تارىخىي زامان چېكى يۇغۇرۇۋېتىلگەندەك، ۋەقەلىك خەلقنىڭ تۇرمۇشىدىكى دەۋر ئەھمىيىتىگە ئىگە ئىشلارنى يېقىندىن چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇلغان. ۋەقەلىك توقۇنۇشى ئىنقىلاب بوران- چاپقۇنىنىڭ گۈلدۈر- قاراس چاقماقلىرى بىلەن تولۇپ تاشقان، تۇرمۇشتىكى قۇرغۇچىلار ۋە ئۆزگەرتكۈچىلەرنىڭ تەقدىرى خەلقنىڭ تەقدىرى بىلەن مەھكەم بىرلىشىپ كەتكەن؛ كىتابخانىلار ماركوۋنىڭ «سىبىرىيە» ناملىق رومانى، نۇرپېيىسوۋنىڭ ئۈچ توملۇق رومانى «قان ۋە تەر»، ئىۋانوۋنىڭ «مەڭگۈلۈك چاقىرىق» ناملىق رومانى قاتارلىق ئەسەرلەردىن خەلقنىڭ تەقدىر بىلەن بولغان ئىلىشىشلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش جەريانىدا نامايان قىلىنغان تىللاردا داستان بولغۇدەك ئۇلۇغۋار غەيرىتىنى ھېس قىلالايدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يىغىنچاقلاشتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىك 70 ـ يىللاردىكى بەزى پوۋېست ۋە ھېكايىلەردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، مەسىلەن، بىكوۋنىڭ «چاسا ئۈچلۈك مۇنار»، «بۆرىلەر» ناملىق پوۋېستى، ۋاسىلىيېۋنىڭ «بۇ يەرنىڭ سەھىرى جىمجىت...»، «رويخەتكە ئېلىنماسلىق» ناملىق پوۋېستلىرى، راسپۇتىننىڭ «ياشا ھەم ئېسىڭدە ساقلا» ناملىق پوۋېستى، ترىفونوۋنىڭ «دەرياغا ياندىش كوچىدىكى ساراي» ناملىق پوۋېستى قاتارلىق پوۋېستلار، شۇنىڭدەك ھازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتى-



www.uyghurkitap.com

ىدىكى چاتما ھېكايىلەر ۋە تەقدىرىي ھېكايىلەر، مەسىلەن، ئاستافى-يېۋنىڭ «ئاخىرقى سالام» ۋە «بېلىق پادىشاھى»، نىلىنىڭ «تۇنجى قېتىم ياتلىق بولۇش»، بېلوۋنىڭ «مېنىڭ ھاياتىم» قاتارلىق ئەسەر-لىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

3) ئومۇمىي كارتىنىلىق، كۆپ لىنىيىلىك، كۆپ قاتلاملىق قىلىپ تەسۋىرلەش 70- يىللاردىكى پروزا ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي ۋاستە جەھەتتىكى بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى. بۇ ئالاھىدىلىك يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يىغىنچاقلاشقا تىرىشىش ئەھۋالى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق، چۈنكى كۆپلىگەن تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەزمۇنىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ھەم يىغىنچاقلاپ، كاتتا تارىخىي كۆرۈنۈشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن (بولۇپمۇ بەزى يازغۇچىلار ئوخشاش بولمىغان تۇرلۇك تېمىلارنى بىرلەشتۈرمەكچى بولغاندا)، ئەنئەنىۋى بىرلا لىنىيە بىلەن قۇراشتۇرۇش ۋاستىسىگىلا تايىنىش كۇپايە قىلمايدۇ. بۇنداق ئومۇمىي كارتىنىلىق تەسۋىرلەش ۋاستىسى كەڭ كۆلەمدىكى دەبدەبىلىك تارىخىي كۆرۈنۈشلەرنى ئىپادىلەشكە، ئوخشاش بولمىغان تېمىلارنى، كۆپ پېرسوناژلارنى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى سىغدۇرۇشقا قادىر بولۇپلا قالماي، كۆپ لىنىيىلىك تەسۋىرلەش ۋاستىسى ئارقىلىق، بىرقانچە ۋەقەلىكنى گىرەلەشتۈرۈپ تەڭ قەدەمدە راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئەسەردىكى ھېكايە كۆرۈنۈشلىرى مەلۇم ستېرېئولۇق تۈيغۇ بېرىدىغان بولىدۇ. سىمونوۋنىڭ «تىرىكلەر ۋە ئۆلگەنلەر» ناملىق ئۈچ توملۇق رومانى، چاكوۋىسكىنىڭ «مۇھاسىرە» ناملىق رومانى، پروسكۇرىنىنىڭ «تەقدىر» ناملىق رومانى، ستادنيوكنىڭ «ئۇرۇش» ناملىق رومانى، شۇنىڭدەك كورېسىنسكوۋنىڭ «ئارتۇنىن ترىلوگىيىسى» رومانى

قاتارلىق رومانلاردىكى ئومۇمىي كارتىنىلىق تەسۋىرلەر ھازىرقى زامان سوۋېت پروزىسىدىكى تىپىك ۋەكىللەردۇر.

4) چوڭقۇر، ئىنچىكە پىسخىك تەسۋىرمۇ 70-يىللاردىكى سوۋېت پروزىسىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. پىسخىك تەسۋىرگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ كەسكىن، دراماتىك روھىي پائالىيەتلىرىنى سۈرەتلەش رۇس ئەدەبىياتىنىڭ پېرلىرى ھېسابلىنىدىغان تۇرگېنېۋ، دوستويېۋسكى، تولستوي، چېخوۋلارنىڭ دائىم قوللىنىدىغان بەدىئىي ۋاستىسى ئىدى. بۇ ئەنئەنىگە سوۋېت يازغۇچىلىرى ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇردى. ھازىرقى زامان سوۋېت يازغۇچىلىرىدىن ئايتماتوۋ، گونچار، راسپۇتىن، بونداربېۋ، تىرىفونوۋ، ئاستافيېۋ، تروييېپولسكى، بېكوۋ، پروسكۇرىن قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن كارامەت ياخشى يېزىلغان پىسخىك تەسۋىرلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇنداق بەدىئىي ۋاستىنى قوللانغاندا، باش قەھرىمانىنىڭ خاراكتېرلىك خۇسۇسىيىتى ئالاھىدە گەۋدىلىنىپلا قالماي، ئەسەرنىڭ ئۆزىنىڭ پەلسەپۋى خۇسۇسىيىتى ۋە بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىمۇ ئاشىدۇ.

5) تېما جەھەتتىكى قاتتىق چەكلىمىنىڭ پەيدىنپەي يوقىلىشقا قاراپ يۈزلىنىشى، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ كونسېرى ئورتاق ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ۋە توقۇنۇشلارغا يۈزلىنىشى، ئومۇمىي پەلسەپۋى مەنىنىڭ كۈچىيىشى 70-يىللاردىكى (بولۇپمۇ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى) پروزا ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈردى. 50- ۋە 60-يىللاردا، پروزا كۆپىنچە تېمىسىغا ئاساسەن ”يېزا تېمىسىدىكى پروزا“، ”ئىشلەپچىقىرىش تېمىسىدىكى پروزا“،

www.uyghurkitap.com

"ئۇرۇش تېمىسىدىكى پروزا"، "تارىخىي پروزا" دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنەتتى، بۇنداق بۆلۈشنىڭ ئەينى چاغدىكى تېما پەرقى جەھەتتە ھەقىقەتەن ئاساسى بار ئىدى، چۈنكى تۈرلۈك پروزا ئەسەرلىرى تېما جەھەتتە پەرقلىنىپلا قالماي، ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى. لېكىن 70 - يىللارغا كەلگەندە، يۇقىرىدا ئېيتىلغان تېمىلارنىڭ پەرقى بارا - بارا يوقىلىشقا باشلاپ، پەرق ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى، ئومۇمىي ۋە ئورتاق ئىجتىمائىي مەسىلىلەر (بولۇپمۇ ئەخلاق جەھەتتىكى مەسىلىلەر) پروزا ئىجادىيىتى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشنى بۇ مەسىلىلەرگە تېخىمۇ يىغىنلاشتۇرۇپ، رېئاللىقنى ئورتاق ھالدا پەلسەپە چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكى نۇقتىسىدىن ئەكس ئەتتۈرۈپ، تۇرمۇشتىكى ھادىسىلەرنىڭ ئەخلاقىي مەنىسىنى كۆرسىتىپ بەردى. مەسىلەن، بۈگۈنكى كۈندە راسپۇتىننىڭ يېزا تېمىسىدىكى «خەير، ماجورا كەنتى» دېگەن ئەسىرىنى گرانىننىڭ شەھەر تېمىسىدىكى «بىر رەسىم» دېگەن ئەسىرىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، بۇ ئىككى ئەسەردە بۈگۈنكى كۈندىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى بىر قاتار زور ۋە مۇرەككەپ پەلسەپىۋى روھىي ھالەت ۋە ئەنئەنىۋى ئەخلاق مەسىلىلىرىنىڭ تۈرلۈك نۇقتىلاردىن يېزىلغانلىقىدەك تېخىمۇ كۆپ ئورتاقلىقنى كۆرگىلى بولىدۇ.

6) ئۇسلۇب ۋە ژانىرنىڭ خىلمۇخىل بولۇشى 70 - يىللاردىكى پروزا ئىجادىيىتىنىڭ رەڭدارلىقىنى ئاشۇردى. 70 - يىللار پروزىسىدىكى تۇرمۇش پۇرىقى ۋە چىنلىق تۇيغۇسى بۇنداق خىلمۇخىللىقنىڭ ئىپادىسىنىڭ بىرى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى ئاداموۋىچ، برىل ۋە كورىسنىكلار بىرلىشىپ يازغان «مەن ئوتلار لاۋۇلداپ

تۇرغان يېزىدىن كەلدىم» دېگەن ئەسەر، سىمونوۋنىڭ «ئوخشاش
بولمىغان ئۇرۇش كۈنلىرى» ناملىق خاتىرىسى، گرانىننىڭ «ئاجايىپ
هايات» ۋە «كلافتىيا ۋىلول» ناملىق ئەسىرى قاتارلىق بىر تۈركۈم
خاتىرە پروزىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدۇر. بۇ ئەسەرلەر 70-يىللار-
دىكى پروزا ئىجادىيىتى ئۇسلۇبىدىكى مۇھىم بىر خاھىشقا ۋەكىللىك
قىلىدۇ. بۇ ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار ۋە ۋەقەلىكلەر چىن ھەم
ئىشەنچلىك، قايىل قىلارلىق بولغاچقا، بىرقەدەر كۈچلۈك بەدىئىي
تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولغان. بۇ ئەسەرلەر راست ئادەم،
تۇرمۇش ئارقىلىق سۆزلىگەن؛ ھېكايە سۆزلىگۈچى كۆپ ھاللاردا
ئەسەردىكى باش قەھرىمان ياكى ئاپتور سالاھىيىتىدە ئەمەس، باشقا
سالاھىيەتتە ئوتتۇرىغا چىققان مەلۇم "مەن" بولغاچقا، ھېكايىنىڭ
ئوبيېكتىپلىقى ئاشقان. بۇنداق ئۇسلۇب ئادەتتىكى پروزىلاردىمۇ
قوللىنىلغان، مەسىلەن، بوگومولوۋنىڭ «44-يىل ئاۋغۇست...» دېگەن
ئەسىرى راست-يالغانلىقىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان نۇرغۇن خەت-
چەك ماتېرىياللىرى ئارىلاشتۇرۇپ يېزىلغان بولۇپ، ئوقۇسا دېلو
پاش قىلىش توغرىسىدىكى ئەدەبىي ئاخباراتقا ئوخشايدۇ. ئابراموۋ-
نىڭ «پېلىياسلىن ئائىلىسى» ناملىق رومانى ۋە زالىگىننىڭ «تۈزلۈق
جىلغا» ناملىق پوۋېستى قاتارلىق ئەسەرلەردە بولسا باش قەھرى-
ماننىڭ بايانى ئارقىلىق، نۇرغۇنلىغان پارچە ۋە باب-پاراگرافلار
يۇغۇرۇۋېتىلگەن؛ بەزى ئەسەرلەردە يەنە باش قەھرىماننىڭ ئىچكى
دۇنياسى توغرىسىدىكى بىۋاستە تەسۋىر كۆكۈل پائالىيىتىنىڭ ئۆز-
ئۆزىدىن ئىپادىلىنىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن، مەسىلەن، بونىدا-
رېۋنىڭ «يىلىك ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلىدۇ»، «ئىسسىق قار»
قاتارلىق ئەسەرلىرىدە شۇنداق. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ۋاستە ئەسەر-

لەرنىڭ تۇرمۇش پۇرىقىنى ۋە چىنلىق تۇيغۇسىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى. ئۇسلۇب ۋە ژانىرنىڭ خىلمۇخىللىقىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى بايان قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئىخچام ۋە مەزمۇنلۇق بولغانلىقىدۇر. بۇ ئالاھىدىلىك پروزىنىڭ سىغىمىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئومۇمىيلىق ۋە يىغىنچاقلىقىنىڭ كۈچىيىش يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن. يېڭى يۈزلىنىش يازغۇچىلارنىڭ مۇمكىن قەدەر كىچىكرەك ھەجىم بىلەن كۆپ مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى، بۇنىڭ بىلەن يازغۇچىلارنىڭ تەسۋىرلىرىنىڭ ئىخچام ۋە يىغىنچاق بولۇشى زۆرۈر بولۇپ قالدى. مەسىلەن، ئايتماتوۋنىڭ «ئەسىردىن ئۇزاق بىر كۈن» دېگەن رومانىدا، بىر كۈننى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، باش قەھرىمانىنىڭ ئۇزاق ھايات يولى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. 50 ـ ، 60 ـ يىللاردىكى سوۋېت ئەدەبىياتىدا بۇنداق ئىخچام بەدىئىي ۋاستە جەھەتتە مىسال يوق دېيەرلىك ئىدى. چۆچەك، مەسەل، توقۇش، مۇبالىغە قىلىش قاتارلىق قىياسىي ئامىللارنىڭ كۆپىيىشىمۇ ئۇسلۇب ۋە ژانىر جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى. مەسىلەن، ئايتماتوۋنىڭ چۆچەككە تەقلىد قىلىپ يازغان پوۋېستى «ئاق پاراخوت»، شۇكشىننىڭ «توخۇ ئۈچ قېتىم چىللىغۇچە» ناملىق رومانى قاتارلىقلاردا چۆچەك، مۇبالىغە قىلىش، ھەتتا توقۇش قاتارلىق بەدىئىي ۋاستىلەر قوللىنىلغان، نەتىجىدە ئەسەر زور بەدىئىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. سوۋېت ئوبزورچىلىرى ئۇسلۇب، ژانىر جەھەتتە يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن ھادىسىلەر توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان قاراشلاردا، ھەتتا قارىمۇ قارشى قاراشلاردا بولسىمۇ، لېكىن ئۇسلۇب ۋە ژانىرنىڭ 70 ـ يىللاردىكى ئەدەبىيات سېپىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك كىرگەنلىكىنى ئىنكار قىلىشقا

www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ.

يۇقىرىدا 70-يىللاردىكى سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى، ئەدەبىياتتىكى ئىدىيىۋى ئېقىم ۋە پروزا ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا قىسقىچە توختالدۇق. تۆۋەندە ئوخشاش بولمىغان تېمىلار بويىچە تۈرگە ئايرىپ، 70-يىللاردىن بۇيانقى پروزا ئىجادىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرىمىز.

### 1. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە پەن-تېخنىكا ئىنقىلابى تېمىسىدىكى پروزىلار

سوۋېت ئىتتىپاقى 60-يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشقا، ماددىي ئاساس قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بەردى، "يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە"نى يولغا قويدى، يېڭى تېخنىكىلارنى زور كۈچ بىلەن قوللىنىپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، كارخانىلارنى ئىلمىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، "پەن-تېخنىكا ئىنقىلابى"نى قانات يايدۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ سەۋىيىسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ، ئىشچىلار بىلەن دېھقانلار، جىسمانىي ئەمگەك بىلەن ئەقلىي ئەمگەك، شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئازايتتى. يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىدا ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان زور تەرەققىياتلار بولدى، ئالايلى، پولات، نېفىت قاتارلىق كۆپلىگەن ئېغىر سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى دۇنيادا بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلىدى؛ ئالەم قاتنىشى سانائىتى، ئاتوم ئېنېرگىيىسى سانائىتى دۇنيادا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك، خەلقنىڭ تۇرمۇشىمۇ خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى؛ مەدەنىيەت-مائارىپ، پەن

تەتقىقاتى ئىشلىرىمۇ تېز راۋاجلاندى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە پەن-تېخنىكىسىنىڭ راۋاجلىنىشى، ئىقتىسادىي تۇزۇلمىسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى، ماددىي مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى هازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتىدا ئەكس ئەتتۈرۈلمەي قالمايدۇ. هازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ساهەسىدىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرنى تەتقىق قىلغاندا، ئىشلەپچىقىرىشتىكى يېڭىلىق يارىتىش روھى ۋە قىزغىنلىقىغا ناهايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن قاراپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە پەن-تېخنىكا ئىنقىلابىدىكى قىيىنچىلىق ھەم مەسىلەلەرنى خوجايىنلىق پوزىتسىيىسى بىلەن ھەل قىلغان يېڭىلىق ياراتقۇچىلارنىڭ روھىي قىياپىتىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە، سوتسىيالىستىك ئەمگەك داۋامىدىكى ئىجادچانلىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشكە تىرىشتى. 60-يىللارنىڭ ئاخىرى، 70-يىللارنىڭ بېشىدىن تارتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە پەن-تېخنىكا ئىنقىلابى جەريانىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەدەبىي-بەدىئىي ئەسەرلەر كىتابخانلار ۋە تاماشىبىنلارنى راسا قىزىقتۇردى.

70-يىللاردىكى ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدىن قارىغاندا، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە پەن-تېخنىكا ئىنقىلابى تېمىسى يەنىلا هازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتى تەرەققىياتىدىكى ناهايىتى مۇھىم بىر تەرەپ. بۇرۇنقى يىللاردىكى ئوخشاش تۈردىكى تېمىغا سېلىشتۇرغاندا، دەۋر ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى بۇ تېمىدىكى رېئالىزملىق پرىنسىپنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە تۈزەتتى. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ تېما ئۈستىدە ئىزدىنىشتە سوۋېت يازغۇچىلىرى نەزىرىنى "ئىشلەپچىقىرىش"، "پەن-تېخنىكا ئىنقىلابى" دائىرىسى بىلەنلا چەكلەپ

قويماستىن، بۇ دائىرىدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر بىلەن ھادىسىلەرنى پەلسەپىۋى قائىدە ۋە ئەخلاق جەھەتتىكى ئىزدىنىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى، بۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ياكى پەن-تېخنىكا ئىنقىلابى تېمىسىدىكى نۇرغۇن ئەسەرلەردە پەلسەپىۋى پۇراق كۈچلۈك بولدى. بۇنداق ئەھۋالنى مۇنۇ جەھەتلەردىن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.

1) "ئەمەلىي ئىشلىگۈچىلەر" پېرسوناژلىرى توغرىسىدىكى ئەخلاق مۇنازىرىسى 60-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 70-يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە، سوۋېت پروزىچىلىقىدا ۋە سەنئەت سەھنىلىرىدە "ئەمەلىي ئىشلىگۈچىلەر" ("قابىللار" دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ، بۇ ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى "ئىسلاھاتچىلار"غا ئوخشايدۇ)نى يېزىش دولقۇنى بارلىققا كەلدى. بۇلاردىن لىپاتوۋ تەسۋىرلىگەن جىگىلى پرونچاتوۋ («جىگلى پرونچاتوۋ ھەققىدە ھېكايە» پوۋېستىدا، 1969-يىلى)، دۋورېتسكى تەسۋىرلىگەن ئىنژېنېر چېشكوۋ («سىرتتىن كەلگەن كىشى» دىرامىسىدا، 1972-يىلى)، گرېبنېۋ تەسۋىرلىگەن ئايال زاۋۇت باشلىقى سېمرنوۋا («قابىل ئايال ھەققىدە ھېكايە» دىرامىسىدا، 1973-يىلى)، كورپېنكوۋ تەسۋىرلىگەن ئىشچىلىقتىن يېتىلىپ مۇئاۋىن مىنىستىر بولغان ئارتۇنىن («ئارتۇنىن ترىلوگىيىسى» رومانىدا، 1974 — 1977-يىللار) قاتارلىقلار ناھايىتى مەشھۇر ئوبرازلار بولۇپ، بۇلار ئىگىلىك ئىسلاھاتى ۋە پەن-تېخنىكا ئىنقىلابى داۋامىدا بارلىققا كەلگەن ئاتالمىش "زامانىمىزنىڭ قەھرىمانلىرى" دۇر. ئۇلار ياش-قاۋۇل، بىلىملىك، كەسىپ ئەھلى، چېۋەر، قابىل، ئىش ئۈنۈمدارلىقى ۋە ئىلمىي باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئىسلاھات يولىدا ھەرقانداق توسالغۇدىن قورقمايدۇ، ئەمما ئۇلار

ۋزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىقا ئىگە، ئۇلارنىڭ پائالىيىتىمۇ ئۆزىگە
خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى ئەنئەنىۋى ئەخلاق
ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن سىنىغاندا، ئاشۇ ئوبرازلارنىڭ ئەخلاق-
پەزىلىتىدىكى پەرق ئەكس ئېتىدۇ. مەسىلەن، پرونچاتوۋ ئالىي
مائارىپ تەربىيىسى ئالغان، ھازىرقى زامان كارخانىسىنى تەشكىل-
لەش ۋە باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە پېرسوناژ. جىگىلى بولۇپ،
پەن-تېخنىكا ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇ تۇرلۇك ۋاستى-
لەرنى قوللىنىدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىنتى-
زامنى چىڭىتىدۇ، كادىرلار قوشۇنىنى تەرتىپكە سالىدۇ؛ ئىشچى-
لارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن، ئۆزى باشلاپ جاپالىق ئىشلەي-
دۇ، مۇكاپاتلاشقا تېگىشلىكلەرنى قەتئىي مۇكاپاتلايدۇ، جازالاشقا
تېگىشلىكلەرنى قەتئىي جازالايدۇ. چېشكوۋ ئەسلىدىكى زاۋۇتتىن يەنە
بىر زاۋۇتقا ئىسلاھات ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى ئىختىيار قىلىپ
كېلىدۇ. ئۇ كېلىپلا رەھبەرلىككە ئېيىغا 280 رۇبلى ھەق بېرىش،
ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي بېرىش، خوتۇنىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش
تەلىپىنى قويىدۇ؛ ئۆزى مەسئۇل بولغان سېختا ئىلمىي باشقۇرۇش
ئۇسۇلىنى تەكىتلەيدۇ، ئەمگەك ئىنتىزامىنى تەرتىپكە سالىدۇ، ئىقتى-
سادىي ھېساباتنى قاتتىق يولغا قويىدۇ، مۇكاپات سوممىسىنى تۇتۇپ
قېلىش قاتارلىق چارىلەر بىلەن ئىشچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش
تەكلىپىنى بېرىدۇ؛ بۇيرۇققا قارشى چىققان، ئىشلەپچىقىرىش نورمى-
سىنى ئورۇنلىيالمىغان، ساختىپەزلىك قىلغان، قالاقلارغا يان باسقان
كىشىلەرنى قاتتىق جازالايدۇ ھەتتا زاۋۇتتىن چىقىرىۋېتىدۇ؛ ئىسلا-
ھاتنى قەتئىي ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئەسلىدىكى ئورنى بەرگەن
ئىنتىزام جازاسىغا رازى بولىدۇ، خوتۇنى ئاغرىپ يېتىپ قالغان

چاغدا قاراشقا چولىسى تەگمەيدۇ، خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەندە ۋىدالـ
شىۋالالمايدۇ.

چېشكوۋ غەيرەتلىك ۋە باشقۇرۇشتا تەجرىبىلىك، قابىل پېرسوناژ،
ئەمما ئۇنىڭدا دېموكراتىيە ئىستىلى كەم، ئۇ پارتىيە تەشكىلاتىغا
تايىنىشقا ۋە باشقىلار بىلەن ئىتتىپاقلىششقا ماھىر ئەمەس، خىزمەتـ
داشلىرىغا قىزغىن ئەمەس.

چېشكوۋدەك "ئەمەلىي ئىشلىگۈچىلەر" دىكى ئەخلاق ۋە خاراكـ
تېر ئاجىزلىقى روشەن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن 70 ـ يىللاردىكى
ئەدەبىي ئىجادىيەتتە "چېشكوۋغا قارشى" ئوبرازلار بارلىققا كەلدى.
بۇ پېرسوناژلاردا چېشكوۋنىڭكىدەك بىلىم، قابىلىيەت ۋە كارخانا
باشقۇرۇش ماھارىتى بار، چېشكوۋدا كەم بولغان ئادىمىگەرچىلىك
ۋە دېموكراتىيە ئىستىلىمۇ بار. بۇنداق ئەسەرلەرگە گرېبنېۋنىڭ
«قابىل ئايال ھەققىدە ھېكايە»، پوپوۋنىڭ «كۆرەشتە قولغا كەلـ
تۈرۈش»، كۇۋايېۋنىڭ «كان رايونى» ئەسەرلىرىنى ۋە باشقا بەزى
ئەسەرلەرنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن.

2) سانائەت ۋە پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى تەسۋىرلەنگەن ئەدەبىي
ئەسەرلەردىكى يېڭى كىشىلەر ئوبرازى ئىقتىسادىي ئىسلاھات
ۋە پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ يېڭى دولقۇنىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن،
70 ـ يىللاردىن باشلاپ سوۋېت ئەدەبىياتىدا "ئەمەلىي ئىشلىگۈچىلەر"
ئوبرازلىرى يارىتىلىش بىلەنلا قالماستىن، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق
ياراتقۇچى، ئىجاد قىلغۇچى، ناچار ھادىسىلەرگە ۋە كونىلىق تەرەپـ
دارلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلغۇچى "يېڭى
كىشىلەر" ئوبرازلىرى كۆپلەپ تەسۋىرلەندى، ئەدەبىيات بۇ ئوبـ
رازلار ئارقىلىق ئىقتىسادىي ساھە ۋە پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى

ساھەسىدىكى ئۆتكۈر ۋە جىددىي ئەخلاق مەسىلىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولدى. بۇنداق "يېڭى كىشىلەر" دىن ئىنتىزامنىڭ بوشاپ كېتىشىگە ۋە ھاراقكەشلىك قىلىپ ئىشنى ئاقسىتىشقا قارشى دادىل كۈرەش قىلغان ئىشچى لاگۇزىن (بۇكالىۋ: «پولات تاۋلاش ئىشچىسى»، 1973 - يىلى)، مىشچانلارغا قارشى كۈرەش قىلغان كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شۇجىسى ستولېتوۋ (لىپاتوۋ: «بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا ئالاقىدار»، 1974 - يىلى)، ئالتۇننى كەمستىپ، ئۇششاق شەھەر ئاھالىسىگە خاس ئىستېمال پىسخىكىسىغا قارشى تۇرغان چىنكوۋ ۋە سېرگېي باكلاتوۋ (كوۋايېۋ: «كان رايونى»، 1974 — 1975 - يىللار) ۋەھاكازالار بار. بۇنداق پېرسوناژلار يارىتىلغان ئەسەرلەردىن 1976 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن «مۇكاپات پۇلى» (1975 - يىلى)، «بىخەتەرلىك ھۆنىرى» (1977 - يىلى)، «تىك قىرغاقتا» (1972 - يىلى) قاتارلىقلارمۇ بار.

ئىشلەپچىقىرىش ساھەسى ۋە پەن - تېخنىكا ئىنقىلابى ساھەسىدىكى ئەخلاق ئەھمىيىتىگە ئىگە توقۇنۇش ۋە ئەخلاق - پەزىلىتى ھەرخىل باش قەھرىمانلار يېزىلغان يۇقىرىقىدەك ئەسەرلەردىن باشقا، ھازىرقى زامان سانائەت قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىي ئىشلەپچىقىرىش ئەخلاقىغا ئۇيغۇنمۇ دېگەن مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەسەرلەرمۇ بارلىققا كەلدى. بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ئومۇمەن زامانىۋى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا كېلىپ چىققان بەزى پاسسىپ ئاقىۋەتلەر (مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى، ئېكولوگىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىقلار) نى ئەكس ئەتتۈرۈشتە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، پروخانوۋنىڭ «ھەرىكەت ئورنى» رومانىدا (1979 - يىلى) ئىپتىدائىي ئورماندا چوڭ نېفىت - خىمىيە

سانائىتى كارخانىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئورمان ئەتراپىدا ئېكولو-
گىك موھىت بۇزۇلۇپ، ئاھالىلەرنىڭ قاتتىق نارازى بولغانلىقى
ئىپادىلەنگەن. 70-يىللارنىڭ دەسلىپىدە گراسىموۋنىڭ «كۆل
بويىدا» (1970-يىلى) ناملىق كىنو سىنارىيىسىدە بايقال كۆلىنىڭ
بۇلغىنىشىنى يېزىش ئارقىلىق، ”ئىنسان تەبىئەت ئۈچۈنمۇ، تەبىئەت
ئىنسان ئۈچۈنمۇ“ دېگەن مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئاپتور تەبى-
ئەتنى قوغداش، ئېستېتىك ھۇزۇرنى قوغداشنى ئەخلاق پرىنسىپىنى
قوغداش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرگەن.

3) پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى زىيالىيلار ئوبرازى 70-يىللار-
دىكى سوۋېت ئەدەبىياتىدا نام-مەنپەئەتنى دېمەيدىغان، راھەت
قوغلاشمايدىغان، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى پەننى راۋاجلاندۇرۇشقا بېغىشلى-
غان زىيالىيلار ئوبرازى يارىتىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاتوم بومبىسى
ياسىغان مۇتەخەسسىسلەر، ئىلىم ئىگەللەشتە تەلەپچان بولۇپ، ۋاقىتنى
قەدىرلىگەن ئالىملار، ئۇزاق زامان دالادا ئىشلىگەن گېئولوگلار،
ئۆزى بېرىلگەن ئىش ئۈچۈن ھاياتىنى بېغىشلىغان ئاكادېمىكلار بار.
بۇ زىيالىيلار ئوبرازى ئۇلارنىڭ شىجائىتى ۋە دادىللىقىنى ئەكس
ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاق-پەزىلىتىنىمۇ
كۆرسىتىپ بەردى. گرانىننىڭ «ئاجايىپ ھايات» پوۋېستى (1974-
يىلى)، گرانىن بىلەن تالانكىن بىرلىشىپ يازغان «نىشان تاللاش»
ناملىق كىنو سىنارىيىسى (1975-يىلى) ۋە باشقىلار بۇنداق ئوبرازلار
يارىتىلغان ئەسەرلەرنىڭ ۋەكىللىرىدۇر.

4. دەۋرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن ”ئىشچىلار ئائىلىسى“ ۋە ئىشچى
يېڭى ئەۋلاد ئوبرازى 50-يىللاردىن باشلاپ، سوۋېت ئەدەبىياتىدا
سوۋېت دۆلىتىدىكى رەھبەرىي سىنىپ بولغان ئىشچىلار سىنىپى

ئوبرازىنى ئوبدان تەسۋىرلەپ بەرگەن ئەسەرلەر يېزىلدى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئىشچى بولۇپ ئۆتكەن ئىشچى ئائىلىسى ۋە بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەردە جەمئىيەت ۋە دەۋرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەنلىكى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىچكى-تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى كۈرەشتە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئىپادىلەنگەن. دەۋرنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئىشچىلار سىنىپى ئەزالىرىدا ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە قىياپەت، ئورۇن جەھەتلەردىن ئۆزگىرىش بولدى، يېڭى شارائىتتا، ئىشچىلار سىنىپى ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچى ۋە ئەنئەنىسىگە قانداق قارىشى كېرەك، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەزالىرى قانداق يېتىلىشى لازىم دېگەن مەسىلىلەر ۋە ئىشچىلار سىنىپى ئەزالىرىنىڭ ئەخلاق قىياپىتى جەھەتتىكى ئۆزگىرىش ئەدەبىي ئەسەردىكى مۇھىم ئاساسىي تېما بولۇپ كەلدى. كوچېتوۋنىڭ «ژۇربىن ئائىلىسى» رومانى (1952-يىلى) بىلەن «ئاكا-ئۇكا ئېرشوۋلار» رومانى (1957-يىلى) قاتارلىقلار بۇ جەھەتتە ھەممىدىن بەك ۋەكىللىك خاراكتېرلىك ئەسەرلەردۇر. 70-يىللارغا كەلگەندە كورېنسكوۋنىڭ «ئارتۇنىن ترىلوگىيىسى»، پوپوۋنىڭ «ئىش كۈنى دېگەن شۇ»، كونوۋالوۋنىڭ «بۇلاق» (1970-يىلى)، لىپاتوۋنىڭ «بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا ئالاقىدار»، گلىماننىڭ «مۇكاپات پۇلى» (1957-يىلى) دېگەن ئەسەرلىرى ۋە باشقا ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى.

### 2. يېزا تېمىسىدىكى پروزىلار

60-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، سوۋېت يېزىلىرىدا يېڭى ئەھۋاللار كۆرۈلدى: بىر تەرەپتىن، يېزا ئىگىلىكىگە كۆپلەپ مەبلەغ

سېلىنغاچقا، يېزا ئىقتىسادى مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلاندى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، دېھقانلاردا دۆلەتكە بېقىنىش، ياردەم كۈتۈپ تۇرۇش قاتارلىق ناچار كەيپىيات ئۆسۈپ قالغاچقا، دېھقانلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش روھى يوقالدى، ئەمگەك ئاكتىپلىقى تۆۋەنلەپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەر-يېزا پەرقى يەنىلا مەۋجۇت بولغاچقا، يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسى شەھەرلەر-نىڭكىدەك يۇقىرى بولمىغاچقا، نۇرغۇن يېزا ئاھالىسى (كۆپىنچىسى ياشلار ۋە قىرانلار) شەھەرلەرگە كىرىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن يېزى-لاردا ئەمگەك كۈچى كەملەپ كېتىش، يەرلەر تېرىلماي قېلىش ھەتتا چۆللىشىپ كېتىش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. ئەۋلادمۇ ئەۋلاد كېلىۋاتقان دېھقان ئۆيلىرى ۋە كەنتلەرگە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش-تۇرالماسلىق خەۋپى كەلدى. كەنتلەرنى قوشۇۋېتىش، دېھقانلارنى يېڭى ئاھالىلەر تۇراالغۇلىرىغا ۋە چوڭ شەھەر-بازار بىرلەشمىلىرىگە كۆچۈشكە سەپەرۋەر قىلىشقا ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلىغا كۆنۈپ كەتكەن دېھقانلار (ئاساسلىقى قېرىلار) قارشى چىقتى. بۇنداق ئەھۋالدا، نۇرغۇن يازغۇچى ۋە ئوبزورچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سوۋېت زىيالىيلىرى يېزىلاردىكى كونا ئۆرپ-ئادەتنى ساقلاپ قېلىشنى تەشەببۇس قىلدى؛ بۇلار مۇشۇ دەۋردىكى يېزا ئەدەبىياتىدا ئەكس ئەتتى. 50-يىللاردىن 60-يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە بولغان ئارىلىقتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېزا تېمىسىدىكى پروزىلىرىدا ئاساسەن يېزىلاردىكى بيۇروكراتلىق قاتارلىق ئىللەتلەر پاش قىلىنغان بولسا، 60-يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، بولۇپمۇ 70-يىللاردىن ئېتىبارەن يېزا تېمىسىدىكى پروزىلاردا يېزىلاردىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەر تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ كەڭ ئەكس ئەتتۈرۈ-

لۇپ، ئەڭ كەڭ ئىجتىمائىيلىقتا ئىگە نۇرغۇن ئىدىيە، ئەخلاق ۋە ئېستېتىكا مەسىلىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

70 - يىللاردىن بۇيانقى يېزا تېمىسىدىكى پروزىلاردىن قارىغاندا، ئۇلار ئاساسەن مۇنۇ ئۈچ جەھەتكە چېتىلغان:

1) ئىنقىلابتىن كېيىنكى سوۋېت يېزىلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى تارىخىي نۇقتىدىن ئەكس ئەتتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ، كولخوزچىلارنىڭ قىياپىتى ۋە ئۇرۇش داۋامىدا ھەم ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق مەزگىلىدە سىناقلاردىن ئۆتكەنلىكى، يەنى ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ئەھۋالدا تىز پۈكمەي، ئەمگەكچىلەرگە، يەرنىڭ خوجا-يىنلىرىغا ۋە ئۆزگەرتكۈچىلەرگە خاس مەنىۋى قۇدرىتىنى ۋە گۈزەل پەزىلىتىنى ساقلاپ قالغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. بۇنداق ئەسەر-لەردە يازغۇچىلار ئۆتكەن تارىخنى يېزىشتا كۆرۈلۈپ كەلگەن بىر تەرەپلىمىلىك (ۋەقەنى ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىش ۋە پەردازلاپ تەسۋىر-لەش خاھىشى، ياكى كەمچىلىك، ئېغىش ۋە قىيىنچىلىقنى تەسۋىر-لەشكىلا دىققەت قىلىش)نى تۈگىتىپ، تۇرمۇش مۇرەككەپلىكىنى، سوۋېت جەمئىيىتى جۈملىدىن كوللېكتىپلاشقان يېزىلارغا خاس ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش جەريانى ۋە قانۇنىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر، بەدىئىي جەھەتتە تېخىمۇ چىن كۆرسىتىپ بەردى. ئابرا-موۋنىڭ ئۇرۇش مەزگىلى ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەۋردىكى يېزا تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رومانى «پلىياسلىن ئائىلىسى»نىڭ ئالدىنقى ئۈچ قىسمى (1958 — 1973 - يىللار)، ئالېكسېيېۋنىڭ رومانى «ئېگىلمەس سۆگەت كۆچىتى» (1971 — 1975 - يىللار)، راسپۇتىننىڭ مەشھۇر پوۋېستى «خەير، ماجورا كەنتى» (1976 - يىلى)، ئانانىيېۋ-نىڭ رومانى «ئۇرۇشسىز يىللار» (1975 — 1981 - يىللار)، ئابراموۋ-

www.uyghurkitap.com

نىڭ رومانى «ئۆي» (1978ـ يىلى، يەنى «پىلياسىلىن ئائىلىسى»نىڭ تۆتىنچى قىسمى) قاتارلىقلار ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەردۇر. ئالېكسېيېۋ «ئېگىلمەس سۆگەت كۆچىتى» روماندا 30 ـــ 50ـ يىللاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدەنگەن. ئابراموۋنىڭ «ئۆي» رومانىدا 70ـ يىللاردىن كېيىنكى سوۋېت يېزىلىرىنىڭ رېئال كارتىنىسى سىزىپ بېرىلگەن.

2) سوۋېت يېزىلىرىدا يېڭى ۋەزىيەتتە مەيدانغا كەلگەن جىددىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئىزدىنىش بولغان. 60ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ سوۋېت يېزىلىرىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى: نۇرغۇن دېھقانلار شەھەرلەرگە كىرگەنلىكى ۋە پەن ـ تېخنىكا يېزىلاردا قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇرۇنقى "دېھقان رۇس" يېزىلىرى يوقىلىشقا باشلىدى، ئەسىرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن رۇس يېزىلىرىدىكى مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئەخلاق ئەنئەنىسىنىڭ يوقىلىشقا يۈزلەنگەنلىكى بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. سوۋېت زىيالىيلىرى بۇ ئەھۋالغا ئىنتايىن دىققەت قىلدى. بىر مۇنچە يازغۇچىلارنىڭ (مەسىلەن، بېلوۋ، راسپۇتىن، ئابراموۋ، ئاستافىيېۋ، سولوئۇخىن، شۇكشىن، نوسوۋ قاتارلىقلارنىڭ) ئەسەرلىرىدىن بۇرۇنقى يېزىلاردىن "خوشلىشىش" مۇقامى ياڭرىدى. يازغۇچىلار ئەسىرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى مەدھىيىلەش ۋە ئەسلەش ئۈچۈن، پىشقەدەملەر ئوبرازلىرىنى يارىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببىتى ۋە ئېتىقادىنى، شۇنىڭدەك خەلقنىڭ ئالىيجاناب، پاك قەلبىنى ۋە ئەخلاق ئەنئەنىسىنى چۈشىنىدىغانلىقىنى نامايان قىلدى؛ ئەينى ۋاقىتتا، يازغۇچىلار بۇ ئوبرازلارنىڭ يەرگە، ئەنئەنىۋى ئەخلاققا ۋە ئادەتكە چوڭقۇر مۇھەببەت

باغلىغانلىقىنى ياشلارنىڭ يەرگە، ئەل-يۇرتقا مېھرىسىزلىكى ۋە سوغۇقلۇقى بىلەن سېلىشتۇرما قىلدى. راسپۇتىنىنىڭ «خەير، ماجىرا كەنتى» پوۋېستى بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ گەۋدىلىك ۋەكىلىدۇر. بۇ تۈردىكى ئەسەرلەردە يېزا تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ باش ئىدىيىسى يېزا دائىرىسىدىن خېلى كۆپ ھالقىپ چىقىپ، ئىنسانلارنىڭ "ئەبەدىي مەسىلىسى"گە يەنى ياشاشنىڭ ئەھمىيىتى، ھاياتلىق ۋە ماماتلىقنىڭ ئايلىنىشى، خەلقنىڭ خاراك-تېرى، ئەنئەنە ۋە ئەخلاق ئۆلچىمى قاتارلىق مەسىلىلەرگە چېتىلغان. مانا بۇ 70-يىللاردىكى يېزا ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. ئەمما 70-يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ جامائەتچىلىك بۇنداق ئەسەرلەرنى "ئۆتمۈشكە يۈزلەنگەن"، "ماھىيەتلىك ۋە ئاساسىي نەرسىگە سەل قارىغان"، "يېڭى شەيئىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرغان"، ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدىكى بۇرۇنقى روسىيە يېزىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى بېزىگەن، يېزىلاردىكى قېرىلاردىكى روھىي گۈزەللىكنى مەدھىيىلەپ، بۇ قېرىلار دۇنيادىن ئۆتسە، ئىز باسارى يوق بولۇپ قالىدىغان بولدى دەپ ۋايسىغان، مەيۈسلۈكنى راسا ئىپادىلىگەن دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئەيىبلىدى. ئەمما 70-يىللارنىڭ ئاخىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى يېزا تېمىسىدىكى پروزىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇنىڭدىن يېزا تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن ھازىرقى زامان سوۋېت پروزىلىرىنىڭ ئەخلاق-ئېستېتىكا قىممىتىنىڭ بارغانسېرى كەڭ دائىرىلىك ۋە چوڭقۇر بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

3) "ئادەم ۋە يەر" باش تېمىسى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ھەم باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش، كادىرلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆس-

تۇرۇش، دېھقانلارغا تەربىيە بېرىش نۇقتىسىدىن ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. 60-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئەگىشىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىمۇ يېزا ئىسلاھاتىغا زىچ ماسلاشقان ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. ئەمما بۇنداق ئەسەرلەر كۆپ ئەمەس ئىدى، ئاساسلىقى ئەدەبىي خاتىرە ئىدى، بىرنەچچە دراما ۋە كىنومۇ بار ئىدى؛ ئەسەرلەرنىڭ "ئاساسىي كۈچى" بولغان پروزىلارنىڭ كۆپىنچىسى بىز يۇقىرىدا ئېيتقان ئىككى تېمىدىكى (بولۇپمۇ ئىككىنچى تېمىدىكى) ئەسەرلەر، يېزىلارنىڭ تەقدىرى ۋە تەرەققىياتى ئۈستىدە تارىخىي ۋە ئەخلاق جەھەتتىن ئىزدەنگەن ئەسەرلەر ئىدى.

ئۈچىنچى تۈردىكى ئەسەرلەردە دېھقانلارنىڭ "يەرگە بولغان مۇھەببىتىنى" قانداق يېتىشتۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە ئورتاق ئىزدىنىش بولدى، ئەمما بۇ ئەسەرلەردە مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى ۋە زىددىيەتنىڭ ھەل قىلىنىشى تۈرلۈك نۇقتىلاردىن بولدى. بىر قىسىم ئەسەرلەردە، ئاساسەن، يېزا ئىگىلىكىدە يولغا قويۇلغان "يېڭى تۈزۈلمە" ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئەسەرلەردە يېزا ئىگىلىكى ئىسلاھاتىدىكى "ھازىرقى زامان قەھرىمانلىرى"نى يارىتىش ۋە ئۇلارنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدىكى پائالىيىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، دېھقانلار "ئىقتىسادىي جەھەتتىن رىغبەتلەندۈرۈلگەن"، بۇ ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ يەرگە بولغان مۇھەببىتى ئۇرغۇتۇلغان. نوسوۋنىڭ «سۇبھى ۋاقتى» (1974-يىلى)، كوزېۋنىكوۋنىڭ «ئىۋان ئېفىموۋىچ» (1979-يىلى)، بىرۋىنسېۋنىڭ «قارا بوران» (1973-يىلى)، لىرىخىنىڭ «ۋانكا پروسكۇرىن» (1973-يىلى) دېگەن ئەسەرلىرى ۋە باشقىلار بۇ خىلدىكى،



www.uyghurkitap.com

ئەسەرلەرنىڭ ۋەكىللىرىدۇر، يەنە بىر قىسىم ئەسەرلەردە كادىر-لارنىڭ پارتىيىۋىلىكى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئاشۇرۇش، دېھقانلارغا ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى ئىدىيە، ئەخلاق تەر-بىيىسى نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە بۇ ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ يەرگە بولغان مۇھەببىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىشان قىلىنغان. باباييۋسكىنىڭ «كىشىلەر ئارىسىدا» (1969-يىلى) ۋە «هازىرقى زامان كىشىلىرى» (1971-يىلى) رومانلىرى، شامىياكىنىنىڭ «قارلىق قىش» (1970-يىلى) رومانى، ماركوۋنىڭ «شامالدىكى قومۇش» (1977-يىلى) پوۋېستى ۋە باشقىلار بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ۋەكىللىرىدۇر.

### 3. ئەخلاق تېمىسىدىكى پروزىلار

ئەخلاقىي ئىزدىنىش تېمىسكى ئەسەرلەر 70-يىللاردىن كېيىنكى سوۋېت ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدە بارغانسېرى مۇھىم ئورۇن تۇتۇشقا باشلىدى. بۇ هال بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ سانىنىڭ جىقلىقىدىلا ئىپا-دىلىنىپ قالماستىن، ئەخلاقىي ئىزدىنىش خاھىشىنىڭ باشقا تېمىدىكى ئەسەرلەردىمۇ كۆرۈنەرلىك كۆچەيگەنلىكى ۋە ئەخلاق تېمىسى بىلەن باشقا تېمىنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەنلىكى قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. شۇنەرسە دىققەتكە سازاۋەركى، سوۋېت ئوبزورچىلىرى "ئەخلاق — كۈندىلىك تۇرمۇش هېكايىلىرى" دەپ ئاتىغان ئەسەرلەر 70-يىللار سەنئىتىدىكى مەركىزىي هادىسىلەرنىڭ بىرى ۋە دەۋر هاياتىنى سۈرەتلەيدىغان ئۆلگىلىك ئەسەرلەردىن بولۇپ قېلىش سۈپىتى بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ۋە باشقا ئەللەردە كەڭ كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى پاتال تارتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىكى بۇنداق يېڭى يۈزلىنىشكە ئىنتايىن

www.uyghurkitap.com

دىققەت قىلدى ۋە ئۇنىڭغا خېلى يۇقىرى باھا بەردى.

هازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتىدا ئەخلاق خاھىشىنىڭ ئىنتايىن گەۋدىلىك بولۇشى دەۋر ۋە ماددىي مەدەنىيەت تەرەق-قىياتىنىڭ ئىنكاسى بىلەنمۇ، هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز-لۈكسىز چوڭقۇرلىشىۋاتقانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

مەشھۇر ئەدەبىي ئوبزورچى كۇزنېتسوۋ مۇنداق دەپ ھېساب-لىغان: ئەدەبىياتتا ئەخلاق ئامىلىنىڭ كۆپىيىشى "دەۋرنىڭ جىددىي تەلىپى"، چۈنكى هازىرقى زاماندىكى ئىجتىمائىي شارائىتتا، تۇرمۇش ۋاستىلىرى مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشى قانچە چوڭقۇر ۋە مۇۋەپپە-قىيەتلىك بولسا، خەلق ۋە جەمئىيەت ئالدىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەنىۋى ئوزۇققا دائىر بىر قاتار مۇرەككەپ مەسىلىلەرمۇ شۇنچە كەسكىن، مۇھىم، چىك بولىدۇ؛ ئەخلاق مەسىلىسى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا كۆپلەپ بارلىققا كەلدى، شۇڭا ئەدەبىياتنىڭ بۇ مەسىلە-نىڭ كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا كەلتۈرگەن تەھدىتىدىن ئەنسىرىمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس.

سوۋېت جەمئىيىتى پەن-تېخنىكا شىددەت بىلەن راۋاجلىنىۋاتقان دەۋردە تۇرماقتا، كىشىلەرنىڭ پەن-تېخنىكا ئىنقىلابى ئېلىپ كەلگەن نۇرغۇن ئاكتىپ نەتىجىلەردىن بەھرىمەن بولۇشى تۇرغان گەپ، ئەمما، بۇنىڭ بىلەن تەڭ، پەن-تېخنىكا ئىنقىلابى ئېلىپ كەلگەن ئىجتىمائىي ئىللەتلەر، پاسسىپ ئامىللارمۇ كىشىلەرنى زەھەر-لىمەكتە، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا يامان تەسىر كۆرسەتمەكتە؛ ئەخلاق ئۆز قىممىتىنى يوقىتىش خەۋپى ئاستىداتۇرىدۇ؛ ئىنسان تەبىئىتى غەيرىي نورمال، بىرخىللا بولۇپ قالدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا، سوۋېت ئىنتىپاقىدىكى ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر ئەدەبىيات ئىنسان

تەبىئىتىنىڭ مۇكەممەللىكىنى، ئىنسانىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى قوغدىشى لازىم، دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، ھازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتىدا ئەخلاقىي ئىزدىنىش خاھىشىنىڭ ئېشىشى ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. رۇس كلاسسىك ئەدەبىياتىدىمۇ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى سوۋېت ئەدەبىياتىدىمۇ ئەخلاقىي ئىزدىنىش ئەنئەنىسى بار ئىدى، نۇرغۇن مەشھۇر يازغۇچىلار ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋردىكى ئەخلاق مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇتۇقلۇق تۈردە ئىزدەنگەن، ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبىنى ھازىرقى زاماندىكى نۇرغۇن يازغۇچىلار ۋە سەنئەتكارلار ئەينەك قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلدى. ئەمما، ھازىرقى زامان سوۋېت يازغۇچىلىرى دۇچ كەلگەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ۋە ئەخلاق مەسىلىلىرى كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق جەھەتلەردە بۇرۇنقى زاماندىكىلەردىن كۆپ ئېشىپ كەتتى؛ ھازىرقى زاماندىكى سوۋېت يازغۇچىلىرى ئەجدادلىرىنىڭ ئېسىل ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، نوقۇل ئەخلاق كاتېگوردىيىسىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتە نەتىجە يارىتىپلا قالماستىن، ئەخلاقىي ئىزدىنىش ئۇسۇلىنى باشقا تېمىدىكى ئەسەرلەرگىمۇ تەتبىقلاپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ باش ئىدىيىسىنى تۈرلۈك دەرىجىدە ئەخلاق ئەھمىيىتىگە ۋە پەلسەپىۋى تۈسكە ئىگە قىلدى، بۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتى ھەم ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى تېخىمۇ ئاشتى.

ھازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتىدا، ئەخلاق ۋە ئەخلاقىي ئىزدىنىش تېمىسى خېلى كەڭ دائىرىگە چېتىلغان. يۇقىرىدا

www.uyghurkitap.com

ئېيتىلغان تېمىلاردىكى ئەخلاق تېمىسىدىن باشقا، ئەخلاق كاتېگورىيىسىدىكى پروزىلاردىن دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغانلىرىدىن تۆۋەندىكىلەرمۇ بار:

1) كۈندىلىك تۇرمۇش پروزىلىرى. سوۋېت ئوبزورچىلىرى بۇنى ”ئەخلاق — كۈندىلىك تۇرمۇش پروزىلىرى“ دەپ ئاتايدۇ. ئىسمىدىن مەلۇمكى، بۇ كۈندىلىك تۇرمۇش (خىزمەت ۋە ئەمگەكتىن باشقا)نى تېما قىلغان پروزىلار بولۇپ، ئائىلە، مۇھەببەت، دەم ئېلىش، شەخسىي ئالاقە، كۆڭۈل ئېچىش، ئىشتىن سىرتقى ھەۋەس ۋە تۇرلۇك پائالىيەتلەر ئۇلارنىڭ مەزمۇنىدۇر. بۇنداق ئەسەرلەردە ”ئاددىي كىشىلەر، ئۇششاق ئىشلار“ يېزىلغان بولسىمۇ، كۈندىلىك تۇرمۇش ھەممىگە ئورتاق تۇرمۇشتۇر، كىشىلەر ئۇچۇن سىناقتۇر. يېڭى ئەخلاق مىزانى كەڭ دائىرىدىكى كۈندىلىك تۇرمۇشتا سىنىلىدۇ؛ شۇڭا، يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئادەتتىكى كۈندىلىك تۇرمۇش (يەنى ھەرخىل ئالاقە، نۇقتىئىينەزەر، دوستلۇق، تونۇشۇش، بىزارلىق، پىسخىكا، ئاڭ قاتارلىقلار بىر-بىرىگە گىچىرماش بولۇپ گىرەلىشىپ كەتكەن تۇرمۇش) كۆپىنچە مەلۇم ئەخلاق ئەھمىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەزمۇنى كەڭ، مەنىسى چوڭقۇر بولغان بۇنداق پروزىلار 70-يىللاردىكى سوۋېت ئەدەبىياتىدا ناھايىتى مۇھىم سەنئەت ھادىسىسى بولۇپ قالدى.

مىسال ئۇچۇن نىكاھ، ئائىلە ۋە مۇھەببەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن پروزىلارنى ئالايلى. بۇنداق ئەسەرلەر بۈگۈنكى سوۋېت جەمئىيىتىدە تۇرمۇشتا ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان مەسىلىگە تاقىلىدۇ، بۇ مەسىلە مۇھەببەت، نىكاھ قارىشىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن، نىكاھدىن ئاجرىشىش ئەھۋالىنىڭ كۆپەيگەنلىكى، ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ

بۇزۇلغانلىقى، نەتىجىدە بىرمۇنچە بويتاقلارنىڭ، تۇل ئانىلارنىڭ پەيدا بولغانلىقى ۋە مۇھەببەت، نىكاھ تراگېدىيىلىرىنىڭ بولغانلىقىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، بېلوۋنىڭ 1974 ــ 1977 ـ يىللىرى ئېلان قىلىنغان ئۇلانما ھېكايىلىرى «دوختۇر سكوبىنىڭ تەربىيە ئۇسۇلى»، «يەكشەنبە ئەتىگىنىدىكى ئۇچرىشىش»، «شەھەر سىرتىدىكى سەيلە» قاتارلىقلاردا ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە نىكاھدىن ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى "ھازىرقى زامان ماددىي مەدەنىيىتى" كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان ئاقىۋەت، دەپ ئاگاھلاندۇرۇلغان. نىلىننىڭ «تۇنجى قېتىم ياتلىق بولۇش» (1978 ـ يىلى) ھېكايىسىدە بۈگۈنكى سوۋېت جەمئىيىتىدىكى تۇل ئانىلارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ۋىلېمبوۋسكايانىڭ «شېرىن ئايال» پوۋېستىدا (1973 ـ يىلى) ئايال باش قەھرىمان. ئانىنىڭ بىرنەچچە قېتىم ئەرلەر تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەنلىكى تەسۋىرلىنىپ، بۈگۈنكى سوۋېت جەمئىيىتىدىكى ئاياللارنى كەمسىتىش، ئاياللارنى "ئىستېمال بۇيۇمى" (غەلىتە قەغەزگە ئورالغان "كەمپۈت") ۋە "ئويۇنچۇق" دەپ قاراشتەك رەزىللىكلەر پاش قىلىنغان. ئائىلە، نىكاھ تۇرمۇشىغا بېغىشلانغان ئەسەرلەردىن مەرھۇم يازغۇچى لىپاتوۋنىڭ «ئېتى، ۋەقەلىكى، تۈگەنچىسى يوق ھېكايە» پوۋېستى (1978 ـ يىلى)، غەيرىي نورمال ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ باللار تەربىيىسىگە ئېغىر يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرگەنلىكى يېزىلغان «كىشىلىك غۇرۇر»، «جازا»، «كوچا چىرىغى»، «ۋىكتوردانىڭ ئېرى» ۋە باشقىلار بار.

كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئەكس ئەتكەن ئەخلاق مەسىلىسىمۇ كۈندىلىك تۇرمۇش پروزىلىرىنىڭ باش تېمىسىدىكى مۇھىم تەرەپ.

www.uyghurkitap.com

راسپۇتىننىڭ «ئاخىرقى سۇرۇك» پوۋېستى (1970 ـ يىلى) بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ۋەكىلىدۇر.

"هازىرقى زامان مىشچانلىرى"غا قارشى تۇرۇش، "ئىستېمالچىلىق روھىي هالىتى"نى پاش قىلىش، چاكىنىلىق پەلسەپىسىنى تەنقىد قىلىش باش تېمىسى 70 ـ يىللاردىكى كۆندىلىك تۇرمۇش پروزىلىرىدا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى بەك تارتتى. بۇنداق پروزىلارغا تىرىفونوۋ ـ نىڭ موسكۋا شەھەرئاھالىسىنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن پروزىلىرى ۋەكىل بولالايدۇ. بۇنداق پروزىلاردا شەھەرلىكلەر ۋە شەھەرلىكلەر ـ نىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەنلىكتىن، ئۇلار "شەھەر پروزىسى" دەپمۇ ئاتالغان.

مىشچانلىق هوقۇق بىلەن بىرلىشىپ ئەخلاقنىڭ چۈشكۈنلىشىشىگە شارائىت يارىتىش بىلەنلا قالماستىن، جىنايەتنى قانۇنىي يول بىلەن قوغداش ئىمكانىيىتىنىمۇ ياراتتى، بۇنداق ئادەمنى چۆچۈتەرلىك ئەھۋال ئەزەربەيجان يازغۇچىسى هۈسەيىنوۋنىڭ «ماخمۇت ماموت مامىش» پوۋېستىدا (1975 ـ يىلى) چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

2) ۋىجدانىي ئەخلاقنى باش تېما قىلغان پروزىلار. بۇنداق پروزىلاردا شەخسنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى، ئەخلاق قىممىتىگە ئىگە رېفلېكسىيە، ئىچكى دۇنيا جەھەتتىن ئىز ـ دىنىش ۋە ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئويغىنىشى، ۋىجدان ئەيىبى ۋە ئەخلاقىي سود قاتارلىق ئەخلاق ئەهمىيىتى بولغان مەسىلىلەر ئۈستىدىكى ئىز ـ دىنىش تولىراق ئىنسان ۋىجدانى كاتېگورىيىسىدە بولغان. راسپۇتىن ـ نىڭ «ياشا هەم ئېسىڭدە ساقلا» پوۋېستى (1974 ـ يىلى) بۇنداق پروزىلارنىڭ ئەڭ مۇهىم ۋەكىللىرىدىن بىرى. بونداربۇنىڭ «تاللاش» (1980 ـ يىلى) دېگەن ئەسىرىدىمۇ ۋەتەنگە ۋە خەلققە ئاسىيلىق

قىلىش ئەيىبلەنگەن. بۇ ئەسەر كىشىلەرگە: ئىنسان ھاياتىدا مۇھىم پەيتتىكى تاللاش ئىنتايىن مۇھىم، تاللاشتا يېڭىلىشساڭ، مەڭگۈ پۇشايمان قىلىپلا قالماستىن، ھەتتا پۈتۈنلەي ھالاك بولۇشۇڭ مۇمكىن، دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ.

ئەسلەش، ئويلاش ۋە توۋا قىلىش ئارقىلىق ئەخلاق تېمىسىنى ئىچىپ بېرىش 70 ـ يىللاردىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بەدىئىي ۋاستە بولدى. بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ باش قەھرىمانلىرىنىڭ تولىسى بېشىدىن جىق ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەن ياشانغانلار بولۇپ، ئۇلار ئەسلەش ۋە ئويلاش ئارقىلىق، ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن ھايات مۇساپىسىدە بىلىپ يېتەلمىگەن ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلىۋالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئەخلاقىي تەربىيە ئالىدۇ. دۇمبادزېنىڭ «مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت» رومانى (1978 ـ يىلى)، تېندرياكوۋنىڭ «60 تال شام» پوۋېستى (1980 ـ يىلى) بۇلارنىڭ ۋەكىلىدۇر.

ئەخلاق جەھەتتىكى ۋىجدان ئەيىبى (ياكى سودى) ئەخلاق تېمىسىدىكى يەنە بىر مۇھىم تەرەپ. بىرمۇنچە سوۋېت يازغۇچىلىرى 70 ـ يىللاردا بۇ جەھەتتە ئۈنۈملۈك ئىشلىدى. ئاستافيېۋنىڭ «بېلىق پادىشاھى» (1976 ـ يىلى)، مارچېنكونىڭ «كونا ۋە سائەت» (1976 ـ يىلى)، راسپۇتىننىڭ «ياشا ھەم ئېسىڭدە ساقلا»، ئا. ئىۋا ـ نوۋنىڭ «گۇناھلىق زېمىندا» (1970 ـ يىلى)، بونداربېۋنىڭ «تاللاش»، ئۆزبېك يازغۇچىسى ياقۇبوۋنىڭ «ۋىجدان» (1980 ـ يىلى) قاتارلىق ئەسەرلىرى بۇلارنىڭ ۋەكىللىرىدۇر.

3) ئىنسان بىلەن ئەنئەنە ۋە ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇنا ـ سىۋىتىمۇ ئەخلاقىي ئىزدىنىش جەھەتتىكى ئىنتايىن مۇھىم ساھە. بەزى ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرى خەلقنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن

www.uyghurkitap.com

بۇيان توپلىغان تارىخى ۋە ئەنئەنىسىدە چوڭقۇر ئەخلاقىي قىممەتلىكە ئىگە بىرمۇنچە نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى، بۇ نەرسىلەرنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق بولۇپ، ئۇلارنى خالىغانچە ئىنكار قىلىشقا ۋە تاشلىۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى بايقىدى. بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىش يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان يېزا تېمىسىدىكى پروزىلاردا كۆپلەپ ئەكس ئەتتى. شەھەر تېمىسىدىكى بەزى پروزىلاردىمۇ مۇشۇنداق باش تېما ئىپادىلەندى، مەسىلەن، گرانىننىڭ «بىر رەسىم» رومانىدا (1980 ـ يىلى).

تەبىئەت دۇنياسىنى قوغداش، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بايلىقنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ھازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدىكى "تازا چوڭ" باش تېما، ئىنسانلارنىڭ بەدەن ۋە مەنىۋى ساغلاملىقىنى قوغداشتىكى باش تېما بولۇپ، بىرمۇنچە سوۋېت يازغۇچىلىرىنىڭ 70 ـ يىللاردا بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشى چوڭقۇر ۋە پەلسەپىۋى ئەھمىيەتلىك بولدى، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتى پىلىشۇن ۋە لېئونوۋ ئەسەرلىرىدە باشلانغان ئىنسانلارنىڭ دوستى بولغان تەبىئەتنى قوغداش ئەنئەنىسىنى بېيىتتى. چ. ئايتماتوۋنىڭ «ئاق پاراخوت» پوۋېستى (1970 ـ يىلى)، زالىگىننىڭ «كومىتېت» پوۋېستى (1975 ـ يىلى)، ۋاسىلىيېۋنىڭ «ئاق قۇنى ئاتماڭلار» رومانى (1973 ـ يىلى) ۋە ئاستافىيېۋ بىلەن مارچېنكونىڭ يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ئەسەرلىرى بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ۋەكىلىدۇر. بۇلاردىن 1978 ـ يىلى دۆلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن «بېلىق پادىشاھى» ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر. بۇ ئەسەردىن ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي شەكىل جەھەتلەردە يازغۇچىنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبى چىقىپ تۇرىدۇ، ئەسەر كىشىلەرگە تەبىئەتنىڭ

ماسلىقنى بۇزغانلار چوقۇم تەبىئەتنىڭ جازاسىغا قالىدۇ؛ تەبىئەتنى بۇزۇش ۋە ئاياغ ئاستى قىلىش چوقۇم ئەخلاق جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىشنى، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇنداق يوقىتىشنى ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، دېگەن ئىدىيىنى ئۇقتۇرىدۇ.

4) ئىجابىي پېرسوناژلارنى يارىتىپ، ئەخلاق ئۆلچىمىنى كۆرسىتىپ بېرىش. 70-يىللاردا ئادەمنىڭ ئېسىل پەزىلىتى بولغان پرىنسىپاللىق، راستچىللىق، ھېسسىياتچانلىق قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما بىرنەچچە ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئوبرازدۇر، مەسىلەن، بونداربۇنىڭ «قىرغاق» رومانىدىكى پېرسوناژلارنىڭ بىرى كىنيازكو، دۇمبادزېنىڭ «مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت» رومانىدىكى باچانا رامىشۋىلى، كۇئۇسبېرگ ياراتقان كوممۇنىست ئوبرازى ئاندرېي ئاسيارلاك قاتارلىقلار.

5) ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئاساس قىلىپ، ئومۇمىي ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ توقۇنۇشىنى ئىپادىلىگەن ئەخلاق تېمىسىدىكى ئەسەرلەر. ئەخلاق مەسىلىسى ھەققىدە كەڭ ئىزدىنىش بولغان 70-يىللار ئەدەبىيات ئېقىمىدا، بەزى يازغۇچىلار ئىندىۋىدۇئاللىق بىلەن روھنىڭ ئەخلاقىي قىممىتىنى نوقۇل ئەخلاق مەسىلىسى بولغان ياخشىلىق بىلەن يامانلىق نۇقتىسىدىن ئىپادىلىدى. ئاق كۆڭۈل، بىغۇبار ۋە ئىنسان تەبىئىتى كۆپ ئاجىزلار (ئادەممۇ ھايۋاناتلارمۇ باش قەھرىمان قىلىنغان) بىلەن قارا نىيەت، ۋەھشى، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان كۈچلۈكلەر ئارىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشى كۆپىنچە بۇنداق ئەسەرلەردە ۋەقەلىك راۋاجىنىڭ ئاساسى قىلىنغان،

ئاپتورنىڭ ئاجىزلارغا خەيرىخاھلىق قىلىشى، "ياخشىلىق"نى مەدھىيىلىشى، "يامانلىق"نى پاش قىلىشى ۋە سۆكۈشى ئارقىسىدا، ئەسەر ئىدىيە جەھەتتە كۈچلۈك ئىنسانپەرۋەرلىك پۇرىقىنى ئالغان. "ياخشىلىق" بىلەن "يامانلىق"نىڭ قارشىلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، بەزى ئەسەرلەردە ئاپتور بۇنداق قارىمۇقارشى ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشكە چېتىلمىغان، ياكى بەك ئاز چېتىلغان، بۇ ئەسەرلەردە كۆپىنچە چۆچەك بىلەن رېئاللىقنى بىرلەشتۈرۈش، ئارقا كۆرۈنۈشنى بىرىنچى بىلەن راستىنى ئۆزئارا جور قىلىش قاتارلىق بەدىئىي ۋاستە ئارقىلىق، ۋەقەلىكنى چۆچەك، مەسەل تۈسىنى بەرگەن. بۇ تىپتىكى ئەخلاق پروزىلىرى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسلۇبى ۋە پەلسەپىۋى ئەھمىيەتلىك باش ئىدىيىسى بىلەن سوۋېت ئەدەبىيات ساھەسىدە دىققەتنى راسا تارتتى. چ. ئايتماتوۋنىڭ «ئاق پاراخوت» پوۋېستى (1970-يىلى)، ئاستافىيېۋنىڭ «بېلىق پادىشاھى» (1971-يىلى) قاتارلىقلار بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

4. ئۇرۇش تېمىسىدىكى پروزىلار

60-يىللارنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇش ئەدەبىياتىدا بىرمۇنچە يېڭى ئالاھىدىلىكلەر كۆرۈلدى، بۇ ھال ئۇرۇش ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇرۇش تېمىسىدىكى پروزىلارنى يازىدىغان پېشقەدەم يازغۇچىلارنىڭ سانى ئازايدى (سىمونوۋ، شولوخوۋ، چاكوۋسكى قاتارلىقلارلا قالدى)، ئەمما 20-يىللاردا تۇغۇلغان، ئۇرۇش مەزگىلىدە ئالدىنقى سەپتە بولغان "ئالدىنقى سەپ ئەۋلادلىرى" دەپ نام ئالغان بونداريېۋ، بېكوۋ، باكلانوۋ قاتارلىق يازغۇچىلار دىققەتنى قوزغىدى،

بۇ يازغۇچىلار ئون نەچچە يىللىق ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى داۋامىدا چېنىقىپ، بەدىئىي جەھەتتە كامالەتكە يەتتى، ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب ياراتتى، شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى زامان ئۇرۇش ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدە تايانچىلاردىن بولۇپ قالدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھەربىي ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ھەقىقىدىكى تەشۋىقات ۋە تەربىيە كۈچەيگەنلىكى، يەنە كېلىپ 1975 ـ يىلى ۋەتەن ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 30 يىللىقى بولغانلىقى سەۋەبىدىن، 70 ـ يىللاردىن باشلاپ ئۇرۇش ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى جانلاندى، 70 ـ يىللاردا ئۇرۇش ئەدەبىياتى ئىنتايىن گۈللەندى دېيىشكە بولىدۇ. ئون يىل ئىچىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇش ئەدەبىياتى ساھەسىدە ئىدىيىۋىلىكى ۋە بەدىئىيلىكى جەھەتتىن كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان پروزىلار بارلىققا كەلدى، مەسىلەن، سىمونوۋنىڭ «تىرىكلەر ۋە ئۆلگەنلەر» ناملىق تىرىلوگىيەسى، چاكوۋسكىنىڭ بەش توملۇق رومانى «مۇھاسىرە» (1968 ـ 1975 ـ يىللار)، ستادنيوكنىڭ «ئۇرۇش»، (1970 ـــ 1980 ـ يىللار)، پروسكۇرىننىڭ «تەقدىر» (1972 ـ يىلى، بۇ ئەسەرنىڭ ئىككىنچى تومى «سېنىڭ ئىسمىڭ»)، ئاۋىژۇسنىڭ «قولىدىن كەتكەن يۇرت» 1970 ـ يىلى)، ۋاسىلىيېۋنىڭ «رويخەتكە ئېلىنماسلىق» (1974 ـ يىلى)، بونداريېۋنىڭ «قىرغاق» (1975 ـ يىلى)، كايشوكوۋنىڭ «ئەسكى تاقا» (1973 ـ يىلى) رومانلىرى بۇلارنىڭ ۋەكىللىرى. بۇ رومانلار بىلەن جور بولۇپ، كەڭ مەزمۇنلۇق، تۈرلۈك ئۇسلۇبتىكى پوۋېست ۋە ھېكايىلەرمۇ يېزىلدى. بونداريېۋ، بېكوۋ، باكلانوۋ، ۋاسىلىيېۋ، ئاستافيېۋ، نوسوۋ، ئالېكسېيېۋ، راسپۇتىن، كاندراتيېۋ قاتارلىقلار مانا شۇنداق پوۋېست، ھېكايىلەرنى يازغانلاردۇر. 70 ـ يىللاردا خاتىرە ئەدەبىياتى

www.uyghurkitap.com

گۆللەنگەچكە، ئۇرۇش يېزىلغان بىرنەچچە خاتىرە ئەدەبىياتى ئۇسلۇبىدىكى ئەسەر بارلىققا كەلدى، مەسىلەن، گرانىننىڭ «گرافتىيلا ۋىلول» (1976-يىلى)، ئاداموۋىچ، بىرىل ۋە كورىيسنىك بىرلىشىپ يازغان «مەن ئوتلار لاۋۇلداپ تۇرغان يېزىدىن كەلدىم» (1974-يىلى)، ئاداموۋىچ بىلەن گرانىن بىرلىشىپ يازغان «مۇھاسىرە خېتى» (1977 — 1981-يىللار)، ئاداموۋىچنىڭ «خادىن ھەققىدە قىسسە» (1972-يىلى) دېگەن ئەسەرلىرى.

يۇقىرىقى ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرىدە فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ھەيۋەتلىك، كەڭ كارتىنىسى ئومۇمىي كارتىنىلىق تەسۋىر ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، خەلقنىڭ نېمىس فاشىستلىرىغا قارشى كۈرەشتىكى قەھرىمانلىقلىرى مەدھىيىلەنگەن بولسا، بەزىلىرىدە ئاپتور بۇرۇن تەكشۈرۈلمىگەن فرونت ئەھۋالىنى ئىچكىرىلەپ بىلىشكە ئىنتىلگەن؛ بەزىلىرىدە ئاپتور جەڭچىلەرنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدەنگەن بولسا، بەزىلىرىدە فرونتتىن يىراقتا ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەرنى تەسۋىرلەشكە تىرىشقان؛ بەزى ئاپتورلار ئۆتمۈشنى ئۇرۇشتىن كېيىنكى "يىراق" جاي ئارقىلىق كۆزەتكەن بولسا، بەزى ئاپتورلار كەلگۈسىنى ئۆتمۈش ئارقىلىق كۆزەتكەن؛ بەزى ئاپتورلار ئۇرۇش يىللىرىدىكى ئەھۋالنى ھازىرقى زاماندىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا باغلاپ، تەسەۋۋۇر، خىيال، ئەسلىمە ئارقىلىق ئۇرۇش يىللىرىدىكى كەچمىش-كەچۈرمىشلەرنى قايتا نامايان قىلغان ۋە بۇ ئارقىلىق تىنچ كۈنلەرنى، بەختىيار دەۋرنى قەدىرلەش ئىدىيىسىنى ئالغا سۈرگەن. ئۇرۇش دەۋرىگە دائىر پروزىلار فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ چوڭ ۋە كىچىك كۆرۈنۈشلىرىنى كىتابخانلارغا يورۇتۇپ

بەرگەن.

(1) ئۇرۇشنى تۈرلۈك تۈرغۇدىن ئەكس ئەتتۈرگەن رومانلار.

كۆپ قاتلاملىق، كۆپ كارتىنىلىق تۈزۈلمىگە ئىگە بولۇش، ئاساسي ۋەقەلىك بىلەن ئىككىنچى ئورۇندىكى ۋەقەلىك گىرەلىشىپ كېتىش، پېرسوناژلار كۆپ بولۇش، مۇھىت ھەيۋەتلىك بولۇش، داستان پۈرىقى كۈچلۈك بولۇش بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ (سىمونوۋنىڭ «تىرىكلەر ۋە ئۆلگەنلەر»، بونداريېۋنىڭ «ئىسسىق قار» رومانلىرى)، بۇ ئالاھىدىلىكلەر 60-يىللارنىڭ ئاخىرىدىلا كۆرۈلۈشكە باشلىغان. چاكوۋسكىنىڭ «مۇھاسىرە» رومانى (1978-يىلى لېنىن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن)نى بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ كۆرۈنەرلىك ۋەكىللىرىدىن بىرى دېيىش مۇمكىن.

ئومۇمي كارتىنىنى سۈرەتلەش، "چىنلىق بىلەن تەسەۋۋۇر، خاتىرە بىلەن توقۇلما"نى بىرلەشتۈرۈش بۇ رومانلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «مۇھاسىرە» دىن باشقا، «ئۇرۇش»، «تەقدىر» (1974-يىلى روسسىيە فېدېراتسىيىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن)،«قولدىن كەتكەن يۇرت» (1976-يىلى لېنىن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن) رومانلىرىدىمۇ بۇ ئالاھىدىلىك ئېنىق كۆرۈلىدۇ. بونداريېۋنىڭ «قىرغاق» رومانى (1977-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن) ئۇرۇش يىللىرىدىكى ئەھۋالنى ھازىرقى زاماندىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەن رومان بولۇپ، "ھازىرقى زامان پۈرىقى ناھايىتى قويۇق ئەسەر" دەپ ئاتالغان. بۇلاردىن باشقا، «ئېغىر قۇم»، «خوشلىشىش» لارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن.

(2) ئۇسلۇبى ۋە باش تېمىسى ھەرخىل پوۋېست-ھېكايىلەر.

70-يىللاردا يۇقىرىدا ئېيتىلغان رومانلارغا بىرمۇنچە پوۋېست-

ھېكايىلەر جور بولدى. بۇلار ژانىر ئالاھىدىلىكى، بەدىئىي ئۇسلۇبى ھەم باش تېمىسىنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن پروزا ئىجادىيىتى گۈلزارىدا خېلى مۇھىم ئورۇن تۇتتى. بۇ پوۋېست ۋە ھېكايىلەردە ئۇرۇشتىكى قىسمەن ۋەقە، ئايرىم پېرسوناژلار تەسۋىرلىنىپ، مەلۇم خاراكتېر ياكى مەنىۋى كۈچ، ئەخلاقنىڭ ئېستېتىك قىممىتى توقۇنۇش-لار ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىلگەنلىكتىن، ئۇلار چېتىلغان پېرسوناژلار ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشمۇ خېلى كەڭ دائىرىدە بولدى. ئۇرۇشقا قاتناشقان ھەربىيلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى ۋە قەھرىمانلىقىنى تەسۋىرلەپ، ئۇلارنىڭ پسىخىكىسىنىڭ ئەخلاقىي ئەھمىيىتىنى تەھلىل قىلىش، ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىقىنىڭ ئەخلاقىي مەنبەسىنى ئىزدەش پوۋېست-ھېكايىلەردىكى خېلى ئومۇملاشقان باش تېما بولدى. 60-يىللارنىڭ ئاخىرىدا ۋاسىلىيېۋنىڭ «بۇ يەرنىڭ سەھىرى جىمجىت...» ئەسىرى بۇ خاھىشنى ئېپادىلىگەن بولسا، 70-يىللاردا بېكوۋنىڭ «سەھەرگىچە ياشاش» (1973-يىلى ئېلان قىلىنغان، 1974-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن)، «ئۇنىڭ يىگىتى»، كاندراتېيېۋنىڭ «ساشكا» (1979-يىلى)، باكلا-نوۋنىڭ «مەڭگۈ 19 ياشلىق كىشىلەر» (1979-يىلى ئېلان قىلىنغان، 1982-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن) دېگەن پوۋېستلىرىدىمۇ بۇ باش تېما ئالغا سۈرۈلگەن.

ئۇرۇش مەزگىلىدە دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى خەلقنىڭ قايناق پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى، ئارقا سەپتىكى خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن جاپا ۋە سىناقلارنى، نېمىس فاشىستلىرى سوۋېت خەلقى ئالدىدا بوغۇلغان جىنايەتلەرنى تەسۋىرلەشمۇ بۇ مەزگىلدىكى پوۋېست-ھېكايىلەرنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولدى. بېكوۋنىڭ «سوتنىكوۋ»



www.uyghurkitap.com

(1970 ـ يىلى)، «بۆرىلەر» (1974 ـ يىلى)، «كەتسە كەلمەيدۇ» (1978 ـ يىلى)، زاكرۇتكىننىڭ «ئىنسانلار ئانىسى» (1970 ـ يىلى)، شامياكىننىڭ «ئايال ھۆپپەگەر بىلەن شائىر» (1976 ـ يىلى) ۋە «توي كېچىسى» (1977 ـ يىلى) پوۋېستلىرى، ۋاسلىيېۋنىڭ «پېشقەدەم جەڭچى» ھېكايىسى (1976 ـ يىلى) قاتارلىقلار بۇنداق پوۋېست ـ ھېكايىلەرنىڭ ۋەكىللىرىدۇر.

ئۇرۇش ئەدەبىياتىدىكى پەلسەپىۋى ۋە ئەخلاقىي تېمىدىكى پروزىلار كىشىنى ئويغا سالىدۇ. ئاستافىيېۋنىڭ «پادىچى ئوغۇل بىلەن پادىچى قىز» (1971 ـ يىلى) پوۋېستى مەزمۇنى ئىنتايىن چوڭقۇر ئەسەر. ئۇرۇش قاتناشچىلىرىنىڭ ئەخلاق ۋە پسىخىكىسىنى تەھلىل قىلىش جەھەتتە بېكوۋ، ۋاسلىيېۋ، راسپۇتىن قاتارلىقلارنىڭ پروزىلىرىدا ئېسىل تەسۋىرلەر جىق. راسپۇتىننىڭ «ياشا ھەم ئېسىڭدە ساقلا» پوۋېستى بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى.

(3) چىن، تەسىرلىك ئۇرۇش خاتىرىسى پروزىلىرى.

بۇنداق پروزىلار خاتىرە ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، 50 ـ يىللاردىلا بارلىققا كەلگەن (مەسىلەن، سىمىرنوۋنىڭ «برېست قورولى»، 1957 ـ يىلى)، 70 ـ يىللاردا بۇ تۈردىكى ئەسەرلەر كۆپلەپ بارلىققا كەلدى. بۇنداق پروزىلاردا چىن ئادەم، چىن ۋەقە ئاساس قىلىنىدۇ، شۇڭا مەلۇم بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچى بار. ئاداموۋىچنىڭ «خادىن ھەققىدە قىسسە»، گرانىننىڭ «كرافتىيا ۋىلول» (بۇ ئىككى ئەسەر مۇكاپاتلانغان)، بوگومولوۋنىڭ «44 ـ يىل ئاۋغۇست» (1975 ـ يىلى) دېگەن ئەسەرلىرى بۇنىڭ ۋەكىللىرى.

5. تارىخىي تېمىدىكى پروزىلار

70 ـ يىللاردىن باشلاپ بىرمۇنچە سوۋېت يازغۇچىلىرى تارىخىي تېمىدا جىق ئەسەرلەرنى يازدى. بۇلارنى مۇنداق بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن:

(1) ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى مەزگىلدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىزدىنىش مەزمۇنى قىلغان تارىخىي پروزىلار. بۇنداق ئەسەرلەر تارىخىي پروزىلارنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ، خېلى كەڭ دائىرىدىكى تارىخنى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرگەن، بۇلاردىن بىرمۇنچىسى ھازىرقى رېئاللىققا ماسلىشىپ، 70 ـ يىللاردىكى تارىخىي پروزىلارنىڭ بىر ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. ئا. ئىۋانوۋنىڭ «مەڭگۈلۈك چاقىرىق» (1970 — 1972 ـ يىللىرى يېزىلغان، 1971 ـ يىلى روسىيە فېدېراتسىيىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن)، كونوۋالوۋنىڭ «بۇلاق» (1956 ـ ، 1970 ـ يىلى يېزىلغان، 1970 ـ يىلى روسىيە فېدېراتسىيىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن)، پروسكۇرىننىڭ «تەقدىر» (1972 ـ يىلى) ۋە «سېنىڭ ئىسمىڭ» (1977 ـ يىلى) رومانلىرى، ئالېكسېيېۋنىڭ «ئېگىلمەس سۆگەت كۆچىتى» (1971 — 1975 ـ يىللار)، ئابراموۋنىڭ «پىلياسلىن ئائىلىسى» (1958 — 1978 ـ يىللار)، ماركوۋنىڭ «سىبىرىيە» (1969 — 1973 ـ يىللار، 1976 ـ يىلى لېنىن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن) رومانلىرى، قازاق يازغۇچىسى نۇر بېيسوۋنىڭ «قان ۋە تەر» ناملىق ترىلوگىيىسى (1958 — 1973 ـ يىللار، يەنى «گۈگۈم»، «دەرد» ۋە «يىمىرىلىش»، 1974 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن) ۋە تۈركمەن يازغۇچىسى كاربابايېۋنىڭ «بىر تامچە سۇ ئالتۇندىن قىممەت» (1974 ـ يىلى) رومانى ۋەھاكازالار بۇنداق پروزىلارنىڭ ۋەكىللىرى ھېسابلىنىدۇ.

(2) ئىنقىلابىي ئۇستاز لېنىننىڭ هاياتى، ئۇنىڭ پارتىيە ئىچى ۋە تېشىدىكى سەبداشلىرى هەم دوستلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۇنىڭ ئىدىيىسىنىڭ تارىخىي تەقدىرى ئىپادىلەنگەن "لېنىن تېمىسىدىكى" پروزىلار. بۇنداق پروزىلاردا لېنىنغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ۋەقەلەر بولغاچقا، روسىيە خەلقىنىڭ ۋە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ رەهبەرلىكىدە ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى، ئىنقىلاب غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەچكە، تارىخىي پروزىلارنىڭ مۇهىم بىر قىسمى هېسابلىنىدۇ. لېنىن 20-يىللاردا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، لېنىن تېمىسىدىكى ئەسەرلەر كەينى-كەينىدىن بارلىققا كەلگەنىدى. 1970-يىلى لېنىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى بولغاچقا، لېنىن تېمىسىدىكى ئىجادىيەت جەهەتتە 70-يىللارنىڭ بېشىدا يېڭى دولقۇن كۆتۈرۈلدى.

70-يىللاردىن بۇيان يېزىلغان لېنىن تېمىسىدىكى پروزىلاردىن ۋەكىل بولالايدىغانلىرى مۇنۇلار: لېنىن تېمىسىدا هەممىدىن بۇرۇن ئەسەر يازغان ئەرمەنىيە ئايال يازغۇچىسى شاگىنيانىڭ ئوچېركى «لېنىننىڭ تۆت دەرسى» (1970-يىلى)، كونىۋېتسىنىڭ «ئۇليانوۋ ئائىلىسى» (1970-يىلى)، كوپتېلوۋنىڭ «تايانچ نۇقتا» (1974-يىلى) دېگەن ئەسەرلىرى، ئوسپوۋنىڭ «ئاپرېل» (1970-يىلى) رومانى.

(3) چاررۇسىيە دەۋرىدىكى مەلۇم تارىخىي ۋەقە هەم شەخس، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىدىكى ئۆزگىرىش تەسۋىرلەنگەن پروزىلار. بۇنداق تارىخىي پروزىلاردا بۇرۇنقى ئىشلار ۋە شەخسلەر تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، ئۇلار مەلۇم رېئال

www.uyghurkitap.com

ئەھمىيەتكە ئىگە. 70 ـ يىللاردىن كېيىنكى بۇنداق پروزىلارنىڭ ۋەكىللىرى مۇنۇلار: ترىفونوۋنىڭ «تەقەززالىق» (1973 ـ يىلى)، ۋاسىلىيېۋنىڭ «ساختا ۋە چىن ئىشلار» 1977 — 1980 ـ يىللار)، ئېسەن بىلگىننىڭ «خاقان كېنى» (1971 ـ يىلى)، «زوۋانلىق شەمشەر» (1971 ـ يىلى) ۋە «ئۇمىدسىزلىنىش» (1973 ـ يىلى)ناملىق ترىلوگىيە-سى، زادورلوۋنىڭ روسىيە ـ ياپونىيە مۇناسىۋىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «دېڭىز شاۋقۇنى» قاتارلىق ئۈچ ئەسىرى، پىكۇلىنىڭ «چەككە يېقىن-لىشىش» (1979 ـ يىلى) رومانى.

## 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدىكى سوۋېت پروزىچىلىقىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

70 ـ يىللاردىن باشلاپ رومان ۋە پوۋېست ئىجادىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلىرىنىڭ 7 ـ قۇرۇلتىيىدا 70 ـ يىللاردىكى پروزىچىلىقنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، ماركوۋ 45 رومان، 24 پوۋېست، بىر ھېكايە، بىر ھېكايىلەر توپلىمىنى ۋە 75 يازغۇچىنى تىلغا ئالغان. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدىكى پروزىچىلىقنىڭ ئەھۋالىمۇ دىققەتكە سازاۋەر. سوۋېت ئوبزورچىلىرى ئېسىل ئەسەر دەپ ھېسابلىغان رومان ۋە پوۋېستلار مۇشۇ مەزگىلدە يېزىلغان. شۇنىسى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، 1980 ـ يىلى پروزىچىلىق ئىجادىيىتىدە دولقۇن كۆتۈرۈلدى، "يول كۆرستىش"، "نىشان كۆرستىش" رولى بار دەپ قارالغان بەش رومان بىر يىلدا ئوتتۇرىغا چىقتى، بۇ بەش رومان چ. ئايتماتوۋنىڭ «ئەسىردىن ئۇزاق بىر كۈن»، گونچارنىڭ «شەپەق نۇرىڭىز»، چىۋىلىخىننىڭ «كېيىنكى ئۆي» (ئىككىنچى قىسمى)، بونداريېۋنىڭ «تاللاش» (بۇ

توّتى دوّلەت موّكاپاتىغا ئېرىشكەن) ۋە گرانىننىڭ «بىر رەسىم» رومان-لىرىدۇر. بۇ بەش رومان سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەسىر قوزغاپلا قالماي، چەت ئەللەرگىمۇ تارقالدى. بۇ بەش روماندىن باشقا، شۇ يىلى شامياكىننىڭ «دەردىڭگە داۋا بولاي»، زالىگىننىڭ «بوراندىن كېيىن»، ۋاسىلىيېۋنىڭ «ساختا ۋە چىن ئىشلار»(ئىككىنچى تومىنىڭ كېيىنكى قىسمى) رومانى، ئاداموۋىچنىڭ «جازا يۈرۈشى قىلغۇچى» پوۋېستى، ئورلوۋنىڭ «ئىسكىرىپكىچى دانىلوۋ» رومانى، كېشوكوۋنىڭ «نەشپۈت چېچىكى»، ياقۇبوۋنىڭ «ۋىجدان»رومانى ۋە باشقىلارمۇ كىتابخانلاردا قىزغىن تەسىر قوزغىدى. ئوبزورچىلار 1980 - يىلنى "رومان يىلى" دېيىشتى. ئەمما، 1981 - يىلدىن باشلاپ پروزىچىلىقتا ئەھۋال ئادەتتىكىچە بولدى، ۋاي دېگۈدەك ئەسەر يېزىلمىدى، يۇقىرىدا ئاتالغان بەش رومانغا تەڭلەشتۈرگۈدەك ئەسەر بارلىققا كەلمىدى. بەزى ئوبزورچىلار 1981 - يىلدىن 1984 - يىل 10 - ئايغىچە پروزىچىلىقتا "چوڭ ئەسەرلەر" بارلىققا كەلمىدى، گ. ماركوۋنىڭ «كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن ئەسەر»، ئالېكسىيېۋنىڭ «ئۈرۈشقاق باللار» رومانى، كارپوۋنىڭ «قوماندان» پوۋېستى قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، بۇ ئەسەرلەرنى "ياخشى ئەسەرلەر" دېيىشكىلا بولىدۇكى، "چوڭ ئەسەرلەر" دېيىشكە بولمايدۇ، دەپ ھېسابلىدى. ئەھۋال مۇشۇنداق بولسىمۇ، 1981 - ۋە 1982 - يىللىرى ئون نەچچە ئەسەر ئەدەبىيات ساھەسىدە مەلۇم تەسىر قوزغىدى، مەسىلەن، 1981 - يىلى نەشر قىلىنغان كوژېۋنىكوۋنىڭ «دەرەخ يىلتىزى ۋە دەرەخ تاجى» رومانى، شائىر ئېۋتۇشېنكونىڭ «شىرنىلىك مېۋە ماكانى» رومانى، سوگۇنىنىڭ «قاتتىق بوران» رومانى («بىز قايتىپ كېلىمىز»نىڭ داۋامى)، شائىر دورماتوۋسكىنىڭ

«يېشىل دەرۋازا» پوۋېستى، ئو.سمىرنوۋنىڭ «خالى بولغىلى بولمايدۇ» رومانى، ئې. ئىۋانوۋنىڭ «روسىيە بىلەن بىللە» رومانى («بوش ملتىق ئاۋازى»نىڭ داۋامى)، كېشوكوۋنىڭ «ئەمىر نىڭ ئېتى»رومانى (ترىلوگىيىنىڭ ئۈچىنچىسى)، دۇمبادزېنىڭ «كۇكالاچا» پوۋېستى، پروسكۇرىننىڭ «قارا قۇش» پوۋېستى ۋەھاكازالار. 1982-يىلى بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەردىن گ. سېميونىخىننىڭ «نوۋوچىركاسكى»رومانىنىڭ ئىككىنچى قىسمى، ئانفىنوگېنوۋنىڭ «بىر دەملىك ۋە مەڭگۈلۈك» رومانى، بېكوۋنىڭ «تەلەيسىزلىكنىڭ بەلگىسى» پوۋېستى قاتارلىقلار مەلۇم تەسىر قوزغىدى.

سوۋېت ئوبزورچىلىرى 70-يىللارنىڭ ئاخىرى، 80-يىللارنىڭ بېشىدىكى ئەدەبىيات خاھىشىغا قارىتا تۆرلۈك قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇلارنى يىغىنچاقلىغاندا، تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. پەلسەپۋىلىك، پسىخىكىلىق، پوئېمىلىق خۇسۇسىيىتى داۋاملىق كۈچەيدى؛ ئىنسانىيەتنى باش تېما قىلىش، مەڭگۈلۈك باش تېمىلار تېخىمۇ گەۋدىلەندى. بەزى ئوبزورچىلار، 70-يىللاردا، بولۇپمۇ 70-يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 80-يىللارنىڭ بېشىدا ئەخلاقىي تېمىلار پەلسەپۋى تېمىلار ئىچىنىغا قوشۇلدى، يازغۇچىلار ھازىرقى تۇرمۇشنىڭ تەرەققىيات يولى، تارىخىي مۇساپە ۋە مۇرەككەپ ئىنسان تەقدىرى ئۈستىدە چوڭقۇر پەلسەپۋى پىكىر يۈرگۈزۈپ تۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات پەلسەپۋىلىك، پسىخىكىلىق، پوئېمىلىق خۇسۇسىيىتى بولۇش تەرەپكە قاراپ يوغان قەدەم تاشلىدى، دەپ ھېسابلىدى ۋە بۇنىڭغا يۇقىرىدا ئېيتىلغان "يول كۆرسەتكۈچى" خاراكتېرلىك بەش رومانىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. بەزى ئوبزورچىلار، 80-يىللاردىكى پروزىلاردا ئىپادىلەنگەن

رېئال تۇرمۇش دائىرىسى كۆپ كېڭەيدى، رېئاللىقنى "پۈتۈن يەر شارى" نۇقتىسىدىن تەسۋىرلەش، پېرسوناژنى پۈتۈن مەملىكەت، پۈتۈن دۇنيا ۋە تارىخ، ئالەم باغلىنىشىدىن تەسۋىرلەش يۈزلىنىشى بارلىققا كەلدى، دەپ ھېسابلىدى. ھازىرقى زامان ئەدەبىيات ئېقىمى يازغۇچىلارنىڭ ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئەھمىيەتكە ئىگىمۇ؟ ئىگە بولسا، بۇ ئەھمىيەت نېمە؟ ئادەمنىڭ پاراستى ۋە ئىرادىسىنىڭ قانچىلىك ئوبيېكتىپ مۇمكىنچىلىكى بار؟ ئادەمنىڭ ئالەم ۋە تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئورنى قانداق؟ بۇ ئورۇننى تېپىش ۋە توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ دېگەنگە ئوخشاش مەڭگۈلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلىلەرگە تېخىمۇ قىزىقىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى. نۇرغۇن يازغۇچىلار "ئىنسان قانداق ياشايدۇ" دېگەن مەسىلە بىلەن چەكلىنىپ قالماي، "ئىنسان نېمە ئۈچۈن ياشايدۇ" دېگەن مەسىلىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئىرىشتى. كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيىتى، دۇنيانىڭ ئىستىقبالى ۋە ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش رومان ئىجادىيىتىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

2. بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارىتى ۋە ئۇسلۇبى ئەنئەنىۋى رېئالىزم كاتېگورىيىسىنى بۇزدى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 80 - يىللارنىڭ بېشىدىكى رومان ئىجادىيىتىدە ئەنئەنىۋى ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن باشقا، زامان تەرتىپىنى ئالماشتۇرۇش، روھىي ھالەت تەھلىلى، مونولوگ، ئىختىيارىي تەسەۋۋۇر قىلىش، خىيال ۋە چۈش، قىياس ۋە سىمۋول قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەر قوبۇل قىلىندى. بۇ ھال ھازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتىدا رومانتىزم بىلەن چىن مەنىدىكى رېئالىزمنىڭ تەڭ قوللىنىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بۇ خاھىشقا ئوبزورچىلارنىڭ قارشى ھەرخىل بولسىمۇ، نۇرغۇن ئادەملەر بۇنىڭغا مايىل.

3. ژانىر يېڭىلىنىپ تۇردى، قۇرۇلما مۇرەككەپلەشتى، مەزمۇن بېيىدى. 70-يىللارنىڭ ئاخىرى، 80-يىللارنىڭ باشلىرىدا، پروزا ژانىرى ھەرخىل بولۇپلا قالماي، پروزىنىڭ ئەنئەنىۋى قېلىپىمۇ بۇزۇپ تاشلاندى، ئالايلۇق، «شىرنىلىك مېۋە ماكانى»دا ئاساسلىق پېرسوناژ يوق، سۇژېت لىنىيىسى يوق، ھەتتا ۋەقە بولۇپ ئۆتكەن مۇقىم جايمۇ يوق؛ ئاپتور ئاسماندىن، يەردىن، مەملىكەت ئىچىدىن، خەلقئارادىن، ئۆتمۈشتىن، ھازىردىن گەپ ئاچقان، ئەيتاۋۇر، نېمىنى يازغۇسى كەلسە، شۇنى يازغان. "ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان" پروزىلارمۇ چىقتى، مەسىلەن، كادايېۋ ئۆزىنىڭ «ئالماس قادالغان تاجىم» (1978-يىلى) دېگەن ئەسىرىنى "رومانمۇ ئەمەس، ھېكايىمۇ ئەمەس، پوۋېستمۇ ئەمەس، داستانمۇ ئەمەس، ئەسلىمىمۇ ئەمەس، لىرىك خاتىرىمۇ ئەمەس" دەپ ھېسابلىغان ۋە بۇ ئەسەرنى "ۋەقەلىك بايانى" دەپ ئاتىغان. بۇنىڭدىن باشقا، تېما دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى، تېمىلارنىڭ بىر-بىرىگە ئۆتۈپ، سىڭىپ كېتىشى، تېما چېكىنىڭ بارا-بارا يوقاپ بېرىشىمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك خاھىش. بۇ خاھىش بونداربېۋنىڭ «تاللاش»، ئايتماتوۋنىڭ «ئەسىردىن ئۇزاق بىر كۈن»، ئانانىيېۋنىڭ «ئۇرۇشسىز يىللار» رومانلىرىدا ئىپادىلەنگەن. ژانىرنىڭ يېڭىلىنىشى، تېمىلارنىڭ بىر-بىرىگە ئۆتۈشۈشى ئارقىسىدا، پروزىچىلىقتا يېڭى تۈر بارلىققا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن پروزا شەكلى ھەققىدىكى بەزى ئەنئەنىۋى ئۇقۇملارنىڭ ۋاقتى ئۆتتى.

4. "ئەجابىي شەخس" ئۇقۇمى ئۆزگىرىۋاتىدۇ. ھازىرقى

زامان سوۋېت ئەدەبىياتىدا ”ئىجابىي شەخس“ ھەققىدىكى تالاش-تارتىش توختاپ قالمىغان دېيىشمۇ بولىدۇ. 50-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 60-يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە ”ئىجابىي شەخس“نىڭ ئورنىنى ”قەھرىمانسىزلاشتۇرۇش“ خاھىشى ئاستىدا كېلىپ چىققان ھەرخىل شەخسلەر ئالغانىدى، 60-يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ”قەھرىمانسىزلاشتۇرۇش“ خەۋپلىك خاھىش ھېسابلىنىپ تەنقىدلەندى، كېيىن ”زاماندىشلار ئوبرازى“، ”خەلق خاراكتېرى“ ۋە ”زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى“ دېگەنگە ئوخشاش ئۇقۇملار بارلىققا كېلىپ، ”ئىجابىي شەخس“ ئۇقۇمى سىقىپ چىقىرىلدى. 70-يىللارنىڭ ئاخىرى، 80-يىللارنىڭ بېشىغا كەلگەندە، سوۋېت ئەدىبلىرى ”ئىجابىي شەخس“ دېگەن ئۇقۇمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بۇ ئۇقۇمنى نەزەرىيە جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئىجابىي شەخس يېزىلغان ئەسەرلەر كۆپىيىشكە باشلىدى. شۇنداقتىمۇ، ئوبزورچىلار ۋە يازغۇچىلارنىڭ ”ئىجابىي شەخس“ ھەققىدىكى چۈشەنچىسى پەرقلىق بولدى، بۇ ھال ئەدەبىياتتا مۇنداق ئىككى خىل باش قەھرىمان ئوبرازىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئىپادىلەندى، بىرى، ئەخلاق ۋە مەنىۋى ئاڭ جەھەتتە يۈكسەك بولغان ئوبرازلار، ئاددىي ئىشچى، كولخوز ئەزاسى، زىيالىي، كادىرلاردىنمۇ بۇنداق ئوبراز بار. يەنە بىرى، خاراكتېرى مۇرەككەپرەك ”ئىجابىي شەخس“لەر. دېمەك، بۈگۈنكى كۈندە، ”ئىجابىي شەخس“ دېگەن ئۇقۇمنىڭ دائىرىسى كېڭەيدى. ھالبۇكى، ھازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتىدا، ھەرخىل ئاددىي ئادەملەر، جانلىق پېرسوناژلار خاراكتېرىگە قىزىققۇچى يازغۇچىلار جىق. ئايتماتوۋ ”ئىجابىي شەخس“ دېگەن ئۇقۇمنى ياقتۇرمايدىغان-

www.uyghurkitap.com

لارنىڭ بىرى. ئۇ، ياخشى ئاگرانوم ياكى كولخوز رەئىسنى مەدھىيىلەش، ناچار ئاگرانوم ياكى كولخوز رەئىسنى پاش قىلىش. ئىلغار ئىشچىنى مەدھىيىلەش ياكى سەلبىي مەستنى پاش قىلىش ئارقىلىق ئادەملەرگە تەربىيە بېرىش ئەدەبىياتنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس، دەپ ھېسابلايدۇ. راسپۇتىن بولسا سىبىرىيىنىڭ چەت-ياقا يېزىلىرىدىكى ئاددىي كىشىلەرنى ئەسىردە باش قەھرىمان قىلىپ يازدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاددىي كىشىلەرنى يازدىغان بۇنداق خاھىشنى ئابراموۋ، بېلوۋ، ئاستافيېۋ، كاندراتىيېۋ قاتارلىق بىرمۇنچە يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

70-يىللارنىڭ ئاخىرى، 80-يىللارنىڭ بېشىدا پروزىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى تەكشىسىز بولدى، ئۇنىۋېرسال پروزىلار، سىياسىي پروزىلار ۋە ئۇرۇش پروزىلىرى گۈللەندى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە يېزا تېمىسىدىكى پروزىلار ئازلاپ كەتتى، كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە ئەخلاق تېمىسىدىكى پروزىلار راسا كۆپەيدى. ئۇنىۋېرسال پروزىلارنىڭ تەرەققىياتى ھازىرقى رومانچىلىقتىكى كەڭ بولۇش، چوڭقۇر بولۇش خاھىشىنى ئەكس ئەتتۈردى. كەڭ بولۇش ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە تەسۋىرلەپ، تارىخ بىلەن ھازىرنى، مەملىكەت ئىچى بىلەن تېشىنى، ئاسمان بىلەن زېمىننى، قىسقىسى ھەرخىل ئىش ۋە ھادىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئىپادىلىنىدۇ. چوڭقۇر بولۇش ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى چوڭقۇر ئىچىپ بېرىپ، ئەسەرگە قويۇق ئەخلاقىي ئىزدىنىش ۋە پەلسەپىۋى مۇلاھىزە تۈسىنى بېرىشتە ئىپادىلىنىدۇ. مۇشۇنداق كەڭ ۋە چوڭقۇر بولۇش ئارقىسىدا، رومانلارنىڭ قۇرۇلمىسىدا باش تېما، لىنىيە، توقۇنۇش، قاتلام، باش قەھرىمان

كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىك بارلىققا كەلدى.

سىياسىي پروزا دېگەندە ئومۇمەن چوڭ-چوڭ سىياسىي ۋەقە-لەر تەسۋىرلەنگەن پروزىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. سىياسىي پروزا بۇرۇنمۇ بار ئىدى، ئەمما بۇنداق پروزىلارنى يېزىشتا دولقۇن كۆتۈرۈلۈشى يېقىنقى يىللاردىكى يېڭى ئەھۋال بولۇپ قالدى. چاكوۋسكىينىڭ «غالىبىيەت» رومانى، ي. سېمىيونوۋنىڭ «تا س س ئۆزىگە بېرىلگەن ھوقۇق بويىچە بايانات ئېلان قىلىدۇ...» پوۋېستى، ئا. پىروخانوۋنىڭ «كابۇلنىڭ مەركىزىدىكى بىر دەرەخ» رومانى، گىرېۋنىڭ «زۇڭتۇڭغا تەييارلاپ قويۇلغان ئوق» پوۋېستى ۋە باشقىلار بۇ تۈردىكى ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ ئاساسىي ۋەكىللىرىدۇر. بۇ ئەسەرلەردە بەزى ئالاھىدىلىكلەر بار: بىرىنچىدىن، مەزمۇنى كەڭ، ئىككىنچىدىن، چىنلىقنى يېزىش بىلەن توقۇش بىرلەشتۈرۈل-گەن، ئۈچىنچىدىن، "ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى مەيدانى روشەن ئىپادىلەنگەن"، ئەسەردە "ئىدىيىۋى كۈرەش، ئىجتىمائىي توقۇنۇش، دۇنيانىڭ تەقدىرى، تارىخىي ھەرىكەت بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ"، "مۇھەببەت ماجىراسى، پېرسوناژلارنىڭ پسىخىك تەسۋىرى" ئانچە مۇھىم ئورۇندا تۇرمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەزى ئوبزورچىلىرى "غەرب ۋە شەرق ئەللىرى ئەدەبىياتىدا تەپەككۇرنىڭ سىياسىيلىشىشى كۈچىيىپ بېرىۋاتقاچقا، سوۋېت ئەدەبىياتىدىكى سىياسىيلىشىش خاھىشى خەلقئارا ئەھۋال بولسا كېرەك، دەپ ھېسابلىماقتا.

خاتىرە ئەدەبىياتى 70-يىللارنىڭ ئاخىرى، 80-يىللارنىڭ بېشىدا راسا گۈللەندى، خاتىرە پروزىلىرى بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇرۇش تېمىسىنى ئاساس قىلىش رامكىسىنى بۇزدى،

سانائەت، قاتناش ۋە باشقا سەپلەر تەسۋىرلەنگەن، ئالىم، يازغۇچى، سەنئەتكار، تارىخىي شەخسلەرنىڭ تۇرمۇشى ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تېما دائىرىسى كېڭىيىش بىلەنلا قالماي، بەدىئىي ئىپادىلىشىمۇ ھەر خىل بولدى. بۇنداق پروزىلارنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرى ئاداموۋىچ بىلەن گرانىن بىرلىشىپ يازغان «مۇھاسىرە خېتى»، كارپوۋنىڭ «قوماندان»، مالىنوۋنىڭ «سىناق»، پوپوۋىچ بىلەن نېمووۋ بىرلىشىپ يازغان «ئالەمدىكى رۇبىنسون» قاتارلىقلاردۇر. ئەمما، خاتىرە ئەدەبىياتى توغرىسىدا سوۋېت ئەدىبلىرىنىڭ قارىشىدا چوڭ ئىختىلاپ بار، بەزىلەر ئۇنى پاسسىپ ھادىسە، "ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي يولى"نى بەلگىلىيەلمەيدۇ، دېسە، بەزىلەر ئۇنى بەدىئىي توقۇلمىدىن چىن، پروزا ئىجادىيىتىنىڭ يۈزلىنىشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەيدۇ. خاتىرە ئەدەبىياتىنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئورنى ۋە رولى ھەققىدە كېيىنكى ئەدەبىيات تارىخى باھا بېرىپ خۇلاسە چىقىرىدۇ.

كۈندىلىك تۇرمۇش پروزىلىرى 70 ـ يىللاردىلا كۆپلەپ بارلىققا كەلگەنىدى، ترىفونوۋنىڭ موسكۋا پروزىسى بۇ جەھەتتىكى ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئەسەردۇر. بۇنداق پروزىلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى، 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى، پېشقەدەم يازغۇچىلارمۇ، يېڭى يازغۇچىلارمۇ بۇ تېمىغا بەك ھەۋەسلەندى. ھازىرقى شەھەر ئەدەبىياتى تېخى يېزا ئەدەبىياتىدەك كۈچلۈك مۇستەقىل ئېقىم بولۇپ شەكىللەنمىگەن بولسىمۇ، شەھەر ئەدەبىياتى بۈگۈنكى شەھەر تۇرمۇشىدىكى ئەخلاق توقۇنۇشى ۋە نىكاھ، مۇھەببەت، ئائىلە زىددىيىتى قاتارلىقلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ تەسۋىرلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئەخلاقىي تەربىيە

جەھەتتىكى ئەھمىيىتى كۈچلۈك بولغاچقا، كىتابخانىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ھازىر رۇس ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، ئۇكرائىن ۋە باشقا بىر مۇنچە مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدىمۇ شەھەر تۇرمۇشى، كۈندىلىك تۇرمۇش پروزىسى راۋاجلانماقتا. بۇنداق پروزىلار كۆپ بولسىمۇ، ياخشىسى بىلەن ناچىرى ئارىلىشىپ كەتكەن ئەھۋالمۇ بار، ساغلام بولمىغان خاھىشلار دائىم تەنقىدلىنىۋاتىدۇ. تېند ياكوۋ(1984-يىلى دۇنيادىن ئۆتتى)، نىلىن (1981-يىلى دۇنيادىن ئۆتتى)، ۋورونىن، گ. سېمىيونوۋ، ۋىلېمبوۋسكايا قاتارلىقلار يېقىنقى ۋاقىتلاردا مۇشۇنداق پروزىلارنىڭ ۋەكىللىرىنى يازغانلاردۇر، 70-يىللاردىكى ياش يازغۇچىلاردىن ئۇخانوۋ، ئۇۋاروۋا، يۇنىنا، بوگدانوۋ، توكارېۋا، ئاناتولى كىم قاتارلىقلارمۇ مۇشۇنداق پروزىلارنى يازغانلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتارىدا تۇرىدۇ.

سوۋېت ئەدەبىياتى 80-يىللارغا كىرگەن بۈگۈنكى كۈندە ئىجتىمائىي رېئاللىق ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەرنى قويدى. سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلىرى ئۆز قەلىمى ئارقىلىق 80-يىللار ئەدەبىياتىدا يېڭى زېمىن ئاچماقتا، بۇنىڭ ئىچىدە تۇنجى قېتىم ئېچىلغان يەرگە سېلىنغان ئۇرۇقنىڭ بەزىلىرى چېچەكلەپ، مېۋىگە كىردى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ بەدىئىي ھاياتىنى، بەدىئىي قۇدرىتىنى كۆرسەتتى؛ ئۇرۇقنىڭ بەزىلىرى ئەمدىلا بىخلاندى، بەزى يەردە بولسا مايسا ئېگىز-پەس، قويۇق-شالاڭ ئۆستى. 80-يىللاردا ھوسۇلنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھازىر بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ.

(تۈگىدى)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

**花 坛（16）**
**（苏联小说选译）**
（维吾尔文）
民族出版社编辑出版　新华书店发行
民族印刷厂印刷
开本：850×1168毫米 1/32　印张：8 7/8
1988年8月第1版
1988年8月北京第1次印刷
印数：0001—2,000册
统一书号：M10049(4)239 定价：1.00元
ISBN 7—105—00310—3/I·70



统一书号：M10049 (4) 239 定价：1.00元
ISBN 7—105—00310—3/I·70